ئەخمەت مۆمىن تارىمى

# ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخىدىن بايان



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەخمەت مۆمىن تارىمى
ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخىدىن بايان
شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالى

ISBN 978-7-228-17257-3

定价：25.00元

www.uyghurkitap.com

ئەخمەت مۆمىن تارىمى

# ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخىدىن بايان

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔史学史简述：维吾尔文 / 阿合买提江·买明著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社, 2013.12
ISBN 978-7-228-17257-3

Ⅰ. ①维… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①维吾尔族 — 史学史 — 研究 — 中国 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①K281.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第299872号

---

责任编辑　阿力木江·塔依尔
责任校对　赛娜瓦尔·依布拉音
封面设计　艾克巴尔·沙力
出　　版　新疆人民出版总社
　　　　　新疆人民出版社
电　　话　0991-2827472
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编　830001
印　　刷　新疆希望印刷厂
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230毫米 32开本
印　　张　9.375
版　　次　2014年3月第1版
印　　次　2014年3月第1次印刷
印　　数　1-3000
定　　价　25.00 元

---

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئەخمەت مۆمىن تارىمى 1976 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1993 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ تارىخشۇناسلىق كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1998 ـ يىلى ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. 2012 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2013 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ـ مەدەنىيەت ئىنستىتۇتىدا تارىخىي ۋەسىقىشۇناسلىق كەسپى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ خىزمەتكە چىققاندىن تارتىپ ھازىرغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە تەھرىرلىك، تەرجىمىچىلىك ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇ تارىخ ـ مەدەنىيەتكە دائىر ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىكى جەھەتتە ھازىرغىچە «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار»، «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق كىتابنى تەھرىرلەپ نەشردىن چىقىرىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، بۇنىڭ ئىچىدە «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، قاتارلىق كىتابلار غەربىي شىمالدىكى 15 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەرگە دائىر مۇنەۋۋەر كىتابلارنى باھالاشتا مۇنەۋۋەر كىتاب بولۇپ باھالانغان.

ئۇ تارىخ ـ مەدەنىيەتكە دائىر ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىچىلىكى

جەھەتتە ھازىرغىچە مۇستەقىل ھالدا ياكى باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «تۈرك خانلىقى تارىخى»، «ئۇيغۇر تارىخى» (2 ـ قىسىم)، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئومۇمىي تارىخى» (يېقىنقى زامان قىسمى)، «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى» (ھازىرقى زامان قىسمى) قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق كىتابنى تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقارغان ۋە «بارتولد ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى»، «ماركو پولو غەربىي يۇرتتا»، «تۈركلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى ئورنى ۋە رولى» قاتارلىق نۇرغۇن ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان.

ئۇ ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەھەتتە 1996 ـ يىلىدىن تارتىپ ھازىرغىچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، «تۈرپانشۇناسلىق» قاتارلىق ژۇرناللاردا «مەملىكىتىمىزدە يېقى دەۋردە ئۇيغۇر تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى»، «خەلقئارادا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئەھۋالى»، «تارىم رايونىنىڭ ئەسلىي ئاھالىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، «قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق ۋە ‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك›نىڭ تارىخشۇناسلىق ئالاھىدىلىكى»، «ئۇيغۇرلاردىكى بەگلىك تۈزۈمى»، «شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىختىكى ناملىرى» قاتارلىق 40 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە «خەلقئارادا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئەھۋالى» دېگەن ماقالە جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئەخمەت مۆمىن تارىمى ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى،

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتوردىن

ئۇيغۇرلار جۇڭگودىكى ئۇزاق تارىختا ئىگە قەدىمكى مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت، ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆز تارىخىنى يارىتىش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ تارىخشۇناسلىقىنىمۇ ياراتقان. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ بارغانسېرى كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش خاراكتېرىنى ئالغان بەزى ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مەلۇم بىر دەۋردىكى تارىخشۇناسلار، تارىخىي ئەسەرلەر، تارىخىي بىلىش ۋە تارىخىي قاراشلارنىلا يورۇتۇپ بېرىشتەك چەكلىمىلىكى بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخىنى مۇپەسسەل نامايان قىلىپ بېرەلمىدى. بۇ ھال ئەلۋەتتە ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىيات ئىزچىللىقى ئۈستىدە شۈبھە پەيدا قىلماي قالمايدۇ، مەن مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئىلىم ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ باشقا مەدەنىي خەلقلەرگە ئوخشاشلا تارىخشۇناسلىقنى قەدىمدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ھەم بۇ جەھەتتە نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە، كۆپ ئىزدىنىش ئاساسىدا بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم.

بۇ كىتاب پەقەت ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخىنى قىسقىچە بايان قىلىشنىلا ئاساس قىلغان، جۈملىدىن ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي كارتىنىسىنىلا يورۇتۇپ

بېرەلەيدۇ. ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخىدىن ئىبارەت بۇ تېما يېڭى ھەم قىيىن تەتقىقات تېمىسى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيەۋى سەۋىيەمنىڭ چەكلىكلىكى ۋە ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمنىڭ، بولۇپمۇ بىرىنچى قول ماتېرىياللارنىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن، مەزكۇر ئەسەر مەزمۇن ياكى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن چولتىلىق ۋە كەمتۈكلۈكتىن خالىي بولالمىغان بولۇشى تەبىئىي. شۇڭا، ئىلىم ئەھلىنىڭ بۇنى توغرا چۈشىنىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. ئاخىرىدا مەزكۇر ئەسەرگە قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلىرىنى بەرگەن ئابلەت نۇردۇن، ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق، ئەلى غوپۇر، يۇنۇسجان ئېلى، ئوسمانجان ياقۇپ ئەپەندىلەرگە ھەم مەن ئەسەرلىرىدىن بىۋاستە ياكى ۋاسىتىلىك پايدىلانغان بارلىق ئاپتورلارغا چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئەخمەت مۆمىن تارىمى
2013 - يىلى ئىيۇل، ئۈرۈمچى

## مۇندەرىجە


**ئومۇمىي بايان: ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە** ........................ 1
ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى ئۇقۇمى ........................ 4
ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى ............ 13
ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ دائىرىسى ........................ 15
ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ................ 21
ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى ......... 30

بىرىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ بىخلىنىشى

**1 ـ باب ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى تارىخشۇناسلىق بىخلىرى** ........................ 36
ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ........................ 36
شېئىر ـ قوشاقلار ........................ 48
**2 ـ باب تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق بىخلىرى** ........................ 54
تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھايات ھەم بۇ دەۋردىكى تارىخشۇناسلىق بىخلىرى ........................ 54
«بۇغۇت مەڭگۈتېشى» ........................ 57
«تونيۇقۇق مەڭگۈتېشى» ........................ 58

«كۆل تېگىن مەڭگۈتېشى» ........................................ 65
«بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» ...................................... 79
«بايانچۇر (1) مەڭگۈتېشى» ..................................... 87
«بايانچۇر (2) مەڭگۈتېشى» ..................................... 93
«تەس مەڭگۈتېشى» ................................................ 98
«توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈتېشى» ............................ 100
«سېۋرېي مەڭگۈتېشى» ............................................ 103
«سۇجى مەڭگۈتېشى» ............................................... 104

## ئىككىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ شەكىللىنىشى

**3 - باب قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق** ... 110
قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي هايات ۋە بۇ دەۋردە تارىخشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشى ............ 110
مەهمۇد كاشغەرىي ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ................. 115
يۈسۈپ خاس هاجىپ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» ......................... 124
**4 - باب ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق** ............ 133
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي هايات ۋە بۇ دەۋردىكى تارىخشۇناسلىقنىڭ ئەھۋالى ... 133
«بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى» ........................ 135
«ئوغۇزنامە» ........................................................ 138
**5 - باب يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي هاياتى ۋە بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخچىلار** ............... 148
تارىخچى جامالىددىن ............................................ 151
تارىخچى قاڭلى توقتو ........................................... 152

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارىخچى ساكىيا قايا ........................ 153
تارىخچى سارابان ........................ 154
«ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانبەگنىڭ بېشىدىن
كەچۈرگەنلىرى» ........................ 155
«قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى» ............... 156

## ئۈچىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى

**6 ـ باب چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق** ..... 159
چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي،
مەدەنىي ھاياتى ۋە بۇ دەۋردىكى تارىخشۇناسلىقنىڭ
راۋاجلىنىشى ........................ 159
جامال قارشى ۋە «مۇلھاقاتۇس سۇرراھ» ........................ 162
رابغۇزى ۋە «قىسسەسۇلئەنبىيا» ........................ 165
**7 ـ باب سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق** .... 170
سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھايات
ۋە بۇ دەۋردە تارىخشۇناسلىقنىڭ گۈللىنىشى .......... 170
مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان ۋە «تارىخى رەشىدىي» ... 173
شاھ مەھمۇد جۇراس ۋە «تەۋارىخ» ........................ 184

## تۆتىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئۆزگىرىشى

**8 ـ باب خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇ ـ
ناسلىق** ........................ 198
خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي
ھايات ۋە بۇ دەۋردە تەزكىرىچىلىكنىڭ بارلىققا
كېلىشى ........................ 198

«تەزكىرەئى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلى» «جامىئۇل مەقامەت» ........................................ 201
«ھىدايەتنامە» ........................................ 202
«تەزكىرەئى مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى» ........ 203
«سەپەرنامە» ۋە «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەت شېرىف بۇزرۇكۋار» ........................................ 204
«تارىخى كاشغەر» ........................................ 207
**9 - باب چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق** ....... 213
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھايات ۋە بۇ دەۋردە تەزكىرىچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ........ 213
شائىر ئاخۇن ۋە «ئىسلامنامە» ........................................ 223
مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ۋە «تەزكىرەئى ئەزىزان» .... 225
مۇھەممەد ئىمىن سادىر كاشغەرىي ۋە «ئەسەر ئەلفۇتۇھ» ... 237
موللا نىياز خوتەنى ۋە «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا» ... 239
موللا ھاجى ۋە «تەزكىرەتۇل بۇغراخان» ........................ 241
مۆجىزى ۋە «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ........................ 243
شائىر ئاسىي ۋە «زەپەرنامە» ........................................ 247
سېيىت مۇھەممەد قاشى ۋە «شەرھى شىكەستە» .......... 251
موللا شاكىر ۋە «زەپەرنامە» ........................................ 253
زاھىد ئاخۇن پازىلباي ۋە «ئىسكەندەرنامە» ............... 260
موللا مۇسا سايرامى ۋە «تارىخى ئەمنىيە»، «تارىخى ھەمىدى» ........................................ 262
**پايدىلانغان ماتېرىياللار** ........................................ 281

www.uyghurkitap.com

# ئومۇمىي بايان: ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

تارىخ — ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۆتكەنكى تەرەققىياتىنىڭ جەريانىدىن ئىبارەت، تارىخشۇناسلىق دەل ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۆتكەنكى تەرەققىياتىنىڭ جەريانىنى تەتقىق قىلىدۇ، تارىخشۇناسلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە ئەكس ئەتكۈزۈش ئوبيېكتى قىلىش سۈپىتى بىلەن چېتىلىدىغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنى ناھايىتى مول. ئۇ مۇئەييەن تارىخىي قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بەلگىلىك بىر ئۇسلۇبتا تارىخىي جەريانلاردىن، ھەرقايسى ئامىللارنىڭ باغلىنىشىدىن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قانداق تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئادەتتە ئۇ تارىخىي جەريانلار ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى، تارىخىي نەتىجىلەرنىڭ يەكۈنلىرىنى ۋە تارىخىي قانۇنىيەت ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ①. تارىخشۇناسلىق تارىخى بولسا تارىخشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى تارىخشۇناسلىق بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى تارىخشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى مۆلچەرلەشتىن ئىبارەت②. تارىخشۇناسلىقنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى ئەستە قالدۇرۇش ۋە يەكۈنلەش

ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى تەكشۈرگەن ۋە مۇھاكىمە قىلىپ كەلگەن. ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل بويىچە قالدۇرۇلغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى تارىخشۇناسلىقنىڭ دەسلەپكى بىخى دېيىشكە بولىدۇ③. يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن ھەقىقىي مەنىدىكى تارىخشۇناسلىق ئاندىن ئىپتىدائىي ھەم ساددا ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن. ئەمما، بۇ مەزگىلدىكى تارىخشۇناسلىق شەكىل جەھەتتىن ئاددىي بولۇپلا قالماي، پىكىر، مەزمۇن جەھەتتىنمۇ ئاددىي ئىدى. كېيىن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تارىخشۇناسلىقمۇ بارا ـ بارا راۋاجلىنىشقا باشلىغان، شەكلى كۆپ خىللىشىپ، مەزمۇنى كېڭەيگەن.

تارىخىي ماتېرىياللار تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرسى يېزىقسىز تارىخىي ماتېرىياللار، يەنە بىرسى يازما تارىخىي ماتېرىياللاردۇر. يېزىقسىز تارىخىي ماتېرىياللار چوڭ جەھەتتىن قەدىمكى ئىز ـ خارابىلەر، قەدىمكى يادىكارلىقلار، ئەپسانە، رىۋايەت ـ داستانلار، شېئىر ـ قوشاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يازما تارىخىي ماتېرىياللار بولسا ھەر خىل رەسمىي ۋە بىرەسمىي تارىخنامىلەر، ھۆكۈمەت ئارخىپلىرى ۋە شەخسىي ئارخىپلار، تەزكىرە ـ تەرجىمىھاللار، دەستۇر ـ رىسالىلەر، ئابىدە ـ پۈتۈكلەر ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى بار ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ④. ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى تولۇق ئىگىلەش، تارىخىي پاكىتلارنى ئىمكانقەدەر ئېنىقلاش تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. جۇڭگودا تارىخشۇناسلىقنىڭ بىخى قەدىمكى دەۋردىلا، جۈملىدىن شيا سۇلالىسى دەۋرىدىلا پەيدا بولغان بولۇپ، «خۇاڭدىنىڭ چى يۈ بىلەن قىلغان ئۇرۇشى»، «دا يۈنىڭ كەلكۈننى تىزگىنلىشى» قاتارلىق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىخى ھېسابلىنىدۇ. شيا، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغان دەۋرى بولۇپ، «نەسرنامە» جۇڭگو بويىچە، ھەتتا دۇنيا بويىچىمۇ ئەڭ دەسلەپكى تارىخي ئەسەر دەپ قارىلىدۇ[5]. ئۇنىڭدا شيا، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرىگە ئائىت قىممەتلىك مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. كېيىن خەن سۇلالىسى دەۋرىدە «تارىخي خاتىرىلەر»، «خەننامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تارىخشۇناسلىق رەسمىي شەكىللەنگەن. كېيىن ھەرقايسى سۇلالىلەر دەۋرىدە ئۈزۈكسىز راۋاجلىنىپ، مەخسۇس بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللىنىپ، ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەر تەرىپىدىن نۇرغۇن تارىخىي ئەسەرلەر يېزىلىپ، ھازىر جۇڭگونىڭ «24 تارىخى» دېيىلىۋاتقان تارىخىي ئەسەرلەر توپلىمى مەيدانغا كېلىپ، جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىنىڭ سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان.

تارىخشۇناسلىق ياۋروپادىمۇ ناھايىتى بۇرۇنلا بىخلانغان بولۇپ، غەرب تارىخشۇناسلىقى يۇناندىن باشلانغان . «ھومېر داستانلىرى»، يەنى «ئىلىيادا» ۋە «ئودىيسا» داستانى ياۋروپا تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىخى ھېسابلىنىدۇ[6]. گەرچە ئۇلار ئەپسانە - رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 12 - ئەسىردىن 9 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يۇناننىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كېيىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىردە ھېرودوت ئۆزىنىڭ «تارىخ» (يەنە بىر نامى «يۇنان - پېرسىيە ئۇرۇشى تارىخى») دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى، فوكىدىد «پېلوپوننېس ئۇرۇشى تارىخى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى، پولىبىي «ئومۇمىي تارىخ» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ، ياۋروپا تارىخشۇناسلىقىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان. كېيىن تارىخشۇناسلىق ئوتتۇرا ئەسىر، يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامانغا كەلگۈچە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردە ۋە كېيىن ئامېرىكىدا زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، مۇھىم بىر پەن سۈپىتىدە راۋاجلىنىپ كەلگەن[7]. ئۇيغۇرلاردا تارىخشۇناسلىقمۇ

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ ئەسىرلىك كەچۈرمىشلىرىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ناھايىتى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن ھەم ئۇزاق تارىخىي جەرياندا بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن ھالەتتە، بەزىدە ئىزچىل، بەزىدە ئۈزۈك رەۋىشتە داۋاملىشىپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىغا باشتىن - ئاخىر چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى ئۆزىنىڭ مەنىسى، مەزمۇنى، دائىرىسى جەھەتلەردىن ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىغان. شۇڭا، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى ئۈستىدە سۆز ئاچقاندا مۇشۇ نۇقتىلاردىن مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش زۆرۈر.

## ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى ئۇقۇمى

ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى دېگەندە، كەڭ مەنىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى قوللانغان ھەر خىل تىل - يېزىقلار بىلەن ھەر خىل ئۇسلۇبلاردا ھەر خىل مەزمۇنلاردىكى تارىخنى ئەكس ئەتكۈزگەن ئەسەرلەرنى يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىش پائالىيىتى، تار مەنىدە پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىش پائالىيىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ بىر ئۇزاق ھەم مۇرەككەپ جەريان بولۇپ، بۇنىڭدا ئاۋۋال ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ھەم كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا نەزەر ئاغدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

نۆۋەتتە مەملىكەت ئىچىدىكى تارىخشۇناسلارنىڭ ئاساسەن بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن دىلار، دىڭلىڭلار،

تېلېلار، قانقىللار (ئېگىز هارۋىلىقلار) بىلەن چوڭقۇر تارىخىي يىلتىزداشلىق مۇناسىۋىتى بولۇپ، دىلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان شىمالىي دىلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردا غەربىي شىمالدا ئوردوس يايلىقىنى مەركەز قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان . مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە شىمالىي دىلار شەرقىي دىڭلىڭلار دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلاپ، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى توغلا دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە دىڭلىڭ قەبىلىلىرى بىرلەشمىسىنى تەشكىل قىلغان. مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن كېيىن تېلېلار، قانقىللار دەپ ئاتالغان. بۇ ناملار گەرچە هەر خىل بولسىمۇ، بىراق ئاهاڭ جەهەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىن، يەنى بىر مىللەت نامىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئاهاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، هەممىسى «تۈرك» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە هەر خىل ئاهاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت⑧. ئۇلار هۇن ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە هۇنلارنىڭ تەركىبىدە بولغان. 4 ـ ئەسىرگە كەلگەندە قانقىللار (يەنى تېلېلار) شەرقىي قانقىللار ۋە غەربىي قانقىللار دەپ ئايرىم ئاتالغان، 4 — 5 ـ ئەسىرلەردە تېلېلار ياكى قانقىللارنىڭ غەربىي قىسمى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، ئالتاي تېغى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، يەتتىسۇ ۋادىسىغا ماكانلىشىپ، بۇ يەردىكى غەيرىي تۈركىي خەلقلەر (ئاساسلىقى ساكلار، توخرىلار) بىلەن قوشۇلۇپ ياشاپ، تەدرىجىي تىل ـ يېزىق، ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت ۋە ئىگىلىك جەهەتلەردە تۈركلىشىش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ قانقىللارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىسى ۋە يولباشچىسى ئۇيغۇرلار بولغان.

مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، تېلېلار ياكى قانقىللارغا مەنسۇپ بولغان ئاشىنا قەبىلىسى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، جۇرجان خانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىلادىيە 552 ـ يىلى موڭغۇلىيە دالاسىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنى مەركەز قىلىپ، داڭلىق كۆكتۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ

چىققان. «كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى شەرقتە لياۋخەي دېڭىزىدىن غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا چوڭ قۇملۇقتىن شىمالدا شىمالىي دېڭىزغىچە (بايقال كۆلىگىچە) يەتكەن»[9]. نەتىجىدە بارلىق تېلې قەبىلىلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن. ئۇيغۇرلار كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىدە خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، بۇ خانلىقنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان ھەم ئۇيغۇر دېگەن نام قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامىغا ئايلانغان.

تەخمىنەن مىلادىيە 744 ـ يىلى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى كۈچىيىپ، تۈرك خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈپ، يەنىلا ئۆتۈكەن تېغى باغرىنى مەركەز قىلىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق كۈچەيگەن مەزگىلدە زېمىنى بۇرۇنقى ھۇنلار، تۈركلەرنىڭ زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، يەنىمۇ كېڭەيگەن. جۈملىدىن شەرقتە ھىنگان تاغلىرىغا، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىياغا، شىمالدا بايقال كۆلىگە، جەنۇبتا ھازىرقى گەنسۇغا يەتكەن. ھازىرقى شىنجاڭ رايونى يەنىلا ئۇلارنىڭ مۇھىم پائالىيەت رايونى بولغان[10]. بۇ خانلىق ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تۈرك خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، نىسبەتەن مۇقىم فېئودال ھاكىمىيەت بەرپا قىلىش ۋە تەرەققىي قىلغان يايلاق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن خانلىقى تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى نىزا ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن يىمىرىلىپ، ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ جەنۇبقا (ھازىرقى سەددىچىن بويلىرىغا) ۋە غەربكە (ھازىرقى تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىغا ۋە يەتتىسۇ، ئىسسىقكۆل، پامىر ئەتراپلىرىغا) كۆچكەن. بىر قىسمى ئەسلىي ماكانىدا قېلىپ كېيىنچە باشقا خەلقلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، شىنجاڭ رايونى تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق

ماكانىغا ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندا ئۇيغۇرلىشىش ۋەزىيىتى كېلىپ چىققان. نەتىجىدە بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەرمۇ كېيىن ئۇلارغا قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلقلەردىن بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇرلار ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ كۆچكەندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن تارامى دەسلەپتە ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ ئۇ يەردىكى قارلۇقلار بىلەن ئۇچراشقان. كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرقى گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى ئەتراپلىرىغا كەلگەن. بىر قىسمى ئاۋۋال تۇرپان، بەشبالىققا (جىمسار ئەتراپىغا)، ئاندىن كۇسەن (كۇچا)، قاراشەھەر ئەتراپىغا كەلگەن. يەنە بىر قىسمى داۋاملىق غەربكە مېڭىپ، يەتتىسۇ، سۇيئاب دەرياسى ۋە پامىر ئەتراپلىرىغا كەلگەن. كېيىنچە خېشى كارىدورى ئەتراپلىرىغا كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بۇ يەردە بۇرۇندىن ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداش خەلقلەر بىلەن بىرلىشىپ تەخمىنەن مىلادىيە 870 ـ يىلى ئەتراپىدا گەنجۇۋنى (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جاڭيې ئەتراپى) مەركەز قىلغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان، بۇ خانلىق كۇچەيگەن مەزگىللەردە زېمىنى شەرقتە ھازىرقى گەنسۇدىكى تيەنشۇيگە، غەربتە قۇمۇلنىڭ شەرقىگە، شىمالدا ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ غەربىگە، جەنۇبتا خېلەنشەن، چىلەنشەن تاغلىرىغىچە يەتكەن بولۇپ[11]، كېيىن ئۇلار تاڭغۇتلار تەرىپىدىن يىمىرىلگەن. تۇرپان، بەشبالىق ئەتراپىغا، ئاندىن كۇسەن، قاراشەھەر ئەتراپلىرىغا كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ بۇ يەردە بۇرۇندىن ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداش قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، تەخمىنەن مىلادىيە 866 ـ يىلى ئەتراپىدا تۇرپان، بەشبالىقنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. بۇ خانلىق كۇچەيگەن مەزگىللەردە زېمىنى شەرقتە شاجۇ (گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ)غىچە، غەربتە كۇچانىڭ غەربىگىچە، شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە، جەنۇبتا خوتەننىڭ شىمالىغىچە يەتكەن بولۇپ[12]،

بۇ خانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. بۇ خانلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى بىلەن قويۇق ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلغان بولۇپ، دەل مۇشۇ خانلىق دائىرىسىدە بۇددا ۋە مانى دىنلىرىنىڭ تەسىرىدىكى گۈللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. كېيىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئاۋۋال قارا قىتانلارغا، ئارقىدىن موڭغۇللارغا قارام بولغان.

يەتتىسۇ، سۇيئاب دەرياسى ۋە پامىر ئەتراپلىرىغا كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ بۇ يەردە بۇرۇندىن ياشاۋاتقان قېرىنداش خەلقلەر بىلەن قوشۇلۇپ، تەخمىنەن مىلادىيە 850 ـ يىلى ئەتراپىدا بالاساغۇن (ھازىرقى قىرغىزىستاندا) ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان، بۇ خانلىق كۆچەيگەن مەزگىللەردە زېمىنى شەرقتە كۇچاغىچە، غەربتە مەۋەرائۇننەھر (ئامۇ، سىر دەريالىرى ۋادىسى)گىچە، شىمالدا ئىلى دەرياسى ۋادىسىغىچە، جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان⑬. 10 ـ ئەسىردە قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام دىنىنى رەسمىي قوبۇل قىلىپ دۆلەت دىنىغا ئايلاندۇرۇشى بىلەن بۇ خانلىق دائىرىسىدە تەدرىجىي ھالدا ئەسلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلغان، ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۆزگىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن. كېيىن قاراخانىيلار خانلىقىنىمۇ ئاۋۋال قارا قىتانلار، ئارقىدىن موڭغۇللار بويسۇندۇرغان.

ئەلۋەتتە، مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىمۇ مۇرەككەپ بىر ئەھۋالنى شەكىللەندۈرگەن، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تەركىبىگە كىرگەن خەلقلەرنىڭ 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن نىسپىي مۇستەقىل ئۈچ خانلىققا بۆلۈنۈپ كېتىشى ۋە بۇلارنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي شارائىتلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى

تۇپەيلىدىن ئوخشىمىغان تەرەققىيات يولىغا مېڭىشى بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىككى خىل ھالەتنى شەكىللەندۇرگەن، يەنى بۇددا ۋە مانى دىنلىرى ھەم خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى (شۇنداقلا گەنجۇۋ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى) بىلەن ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىكى قاراخانىيلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تامامەن ئايرىم تەرەققىيات يولىغا ماڭغان. ئەمما، مەيلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى (شۇنداقلا گەنجۇۋ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى) بولسۇن ياكى قاراخانىيلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولسۇن، ئەسلىدىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىدىن تايماي تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇرلار مىلادىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قارا قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەندىن كېيىن تەخمىنەن ئۈچ ئەسىرگىچە موڭغۇللار (جۈملىدىن تۈركلەشكەن موڭغۇللار — موغۇللار)نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە ۋە مەدەنىي ھاياتىدا يەنە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى كەسكىن ھاكىمىيەت چېگراسىنى يوقىتىپ، ئۆزئارا ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئىسلام دىنىغا ئومۇميۈزلۈك ئېتىقاد قىلىشقا باشلاپ، كەڭ زېمىن ئىچىدە پەيدىنپەي مەدەنىيەت بىرلىكىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرقەدەر ئورتاق بولغان مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا مىلادىيە 1514 ـ يىلى سەئىد خان يەكەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. بۇ خانلىق كۈچەيگەن مەزگىللەردە ئەمەلىي باشقۇرغان زېمىنى شەرقتە قومۇلغىچە، غەربتە پامىرغىچە، شىمالدا بالقاش كۆلىگىچە، جەنۇبتا كەشمىرگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان[14]. مانا

مۇشۇ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار يېقىنقى زامان مەنىسىدىكى بىر گەۋدىلەشكەن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن[15] ھەم ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە زور يۈكسىلىشنى بارلىققا كەلتۈرگەن. كېيىن بۇ خانلىقنى ئاپاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاغدۇرۇپ ئۆزى قورچاق خان بولغان، جۈملىدىن سەئىدىيە خانلىقى ئاخىرقى ھېسابتا جۇڭغار خانلىقىغا قارام بولغان.

مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى ۋە خوجىلارنى تىنچىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن ۋە ئومۇمىي بىرلىك ۋەزىيىتى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى كۈتۈۋالغان.

يۇقىرىقىلاردىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار يېقىنقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىشتىن بۇرۇن ھەم كېيىن ناھايىتى ئۇزاق ئەگرى ـ توقاي تارىخىي جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، مانا مۇشۇ تارىخىي جەرياندا مەيلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولسۇن ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى بولسۇن، ئۆز تارىخىنى ئەستە قالدۇرۇش ۋە يەكۈنلەش يۈزىسىدىن نۇرغۇن تارىخىي ۋەسىقىلەرنى قالدۇرغان. بۇلار ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا شەكىللەندۈرگەن دۇنيا قارىشى ئاساسىدىكى ئۆز تارىخى ئۈستىدە ئويلىنىشى ۋە تەكشۈرۈشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ بىر پۈتۈن سىستېمىسىنى ياراتقان. شۇڭا، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى دېگەن بۇ ئۇقۇم ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى قوللانغان ھەر خىل تىل ـ يېزىقلار بىلەن ھەر خىل ئۇسلۇبتا ھەر خىل مەزمۇندىكى تارىخنى ئەكس ئەتكۈزگەن ئەسەرلەرنى يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىش پائالىيىتىنى كۆرسىتىشى كېرەككى،

ئۇنى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭلا تارىخىي مەزمۇندىكى ئەسەرلىرىنى يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىش پائالىيىتى دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇكەممەل چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئەمما، بۇنىڭدا مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش زۆرۈر:

بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ دائىرىسىنى بېكىتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ئۇنىڭ مىللىيەتلىك خۇسۇسىيىتىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇيغۇرلار تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن باشلاپ «ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ تۈرك ــ رونىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، مانى يېزىقى، بىراھمى يېزىقى (ئاگنى ــ كۇسەن يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، سوغد يېزىقى، تۈبۈت يېزىقى ۋە سۈرىيە يېزىقىدا ۋەسىقىلەرنى يازغان» [16]، شۇنداقلا ئەرەب يېزىقى، پارس يېزىقى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىمۇ نۇرغۇن ۋەسىقىلەرنى يازغان بولۇپ، بۇلاردىن تارىخىي ئەسەر خۇسۇسىيىتىنى ھازىرلىغانلىرىنى ئەلۋەتتە ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. ئەمما، تارىختا باشقا مىللەتلەرمۇ مۇشۇ يېزىقلارنى قوللىنىپ ئۆز تىلىدا نۇرغۇن ۋەسىقىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان، موڭغۇللار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىنى، كېيىن مانجۇلار مۇشۇ موڭغۇل يېزىقى ئاساسىدا مانجۇ يېزىقىنى، شىبەلەرمۇ مانجۇ يېزىقى ئاساسىدا شىبە يېزىقىنى، ھەتتا قىتانلارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەسىرىدە قىتان كىچىك يېزىقىنى قوللىنىپ[17] ئەسەر يازغان. يەنە ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. بۇلاردىن تارىخىي ئەسەر خۇسۇسىيىتىنى ھازىرلىغانلىرىنى ئەلۋەتتە شۇلارنىڭ تارىخشۇناسلىقىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى قوللانغان تىل ــ يېزىقلاردا يازغان تارىخىي ئەسەرلەر ئۇيغۇر

تارىخشۇناسلىقىغا مەنسۇپكى، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار قوللانغان تىل - يېزىقلاردا يازغان تارىخىي ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىغا مەنسۇپ قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇ شۇلارنىڭ تارىخشۇناسلىقىغا مەنسۇپ. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇيغۇرلار تارىختا باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقلىرىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەرنىمۇ يازغان، مەسىلەن، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان بىرمۇنچە ئۇيغۇر تارىخچىلار خەنزۇ تىل - يېزىقىدا ئالدىنقى سۇلالىلەرگە ۋە يۈەن سۇلالىسىگە ئائىت نۇرغۇن تارىخىي ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ھەم خەنزۇ تارىخشۇناسلىقىغا، ھەم ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىغا مەنسۇپتۇر.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ھەر خىل تىل - يېزىقلاردىكى نۇرغۇن دىنىي، ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەرنى ئۆز تىل - يېزىقلىرىغا تەرجىمە قىلغان بولۇپ، بۇلارمۇ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. مەسىلەن، 8 — 13 - ئەسىرلەردە، ئاساسلىقى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى بىرمۇنچە ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان (جۈملىدىن «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا، «مايتىرى سىمىت» قەدىمكى ئاگنى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا، «چاستانى ئىلىگ بەگ» قەدىمكى كۇسەن تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان)[18]. 13 - ئەسىردىن كېيىنكى مەزگىللەردە، جۈملىدىن قاراخانىيلار خانلىقى، چاغاتاي خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئەرەب، پارس تىلىدىكى بىرمۇنچە دىنىي، ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، بۇ تەرجىمە ئەسەرلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىغا مەنسۇپ قىلىشقا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى تەرەققىيات جەريانىدا خەنزۇ تارىخشۇناسلىقى، ئەرەب ـ پارس تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، بۇلاردىن مۇئەييەن دەرىجىدە ئوزۇق ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغان. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەرنى شۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخشۇناسلىقىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىلى بولمىغاندەك، خەنزۇ ۋە ئەرەب ـ پارس تارىخشۇناسلىقىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي خاتىرىلەرنى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. خۇددى جۇ ۋېنجيۇ ئەپەندى ئېيتقاندەك: «پۈتكۈل جۇڭگو تارىخشۇناسلىق تارىخىدىن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخشۇناسلىق تارىخى خەنزۇ تارىخشۇناسلىق تارىخىغا ئوخشاشلا جۇڭگو تارىخشۇناسلىق تارىخىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئۇلار تەڭ قاتاردا تۇرىدىغان بولۇپ، خەنزۇ تارىخشۇناسلىق تارىخى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخشۇناسلىق تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. خۇددى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخشۇناسلىقىدىكى خەنزۇلارغا ئائىت تارىخىي خاتىرىلەرنى خەنزۇ تارىخشۇناسلىقىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە بولمىغاندەك، خەنزۇ تارىخشۇناسلىقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەرنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخشۇناسلىقىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ»[19].

## ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى

ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى كونكرېت ئېيتقاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، تارىخىي ماتېرىياللار ئۈستىدىكى تەتقىقات. بۇ بارلىق تارىخىي ئەسەرلەر ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى بار ئەسەرلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى، مۇنداقچە

ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، ئۇسلۇبى، ئالاھىدىلىكى، قىممىتى ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۆۋەتتە مەلۇم بولغان ھەقىقىي مەنىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار سان جەھەتتىن ئاز ھەم ئۇلار ئۇستىدە بەزى تەتقىقاتلار قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما تېخى چوڭقۇرلاشمىغان ھەم سىستېمىلاشمىغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىنى مۇكەممەل يورۇتۇپ بېرىشتىن تېخى يىراق. شۇڭا، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئىزدىنىش زۆرۈر.

ئىككىنچى، تارىخچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئۇستىدىكى تەتقىقات. بۇ ھەرقايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن تارىخچىلارنىڭ ھاياتى، ئىجادىيەت پائالىيىتى، تارىخ قارىشى ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، نۆۋەتتە بۇ جەھەتتە بەزى نەتىجىلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ سان جەھەتتىن ئازلىقى ھەم ئۇلار ئۇستىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن تارىخچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئۇستىدىكى تەتقىقاتمۇ تېخى چوڭقۇرلاشقىنى يوق. شۇڭا، بۇ جەھەتتىمۇ يەنە ئىزدىنىش زۆرۈر.

ئۇچىنچى، تارىخشۇناسلىقنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۇستىدىكى تەتقىقات. بۇ تارىخشۇناسلىقنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تەرەققىياتى، باشقا ئىلىملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخچىلىقى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى شەكىللىنىشتىن تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىشكىچە نۇرغۇن دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ھەربىر دەۋردىكى تارىخشۇناسلىق ئۆزىنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، ئۇسلۇبى جەھەتلەردىن شۇ دەۋردىكى باشقا ئىلىملەرنىڭ ھەم باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخشۇناسلىقىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغان. بۇنىڭدىن تارىخشۇناسلىقنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسى ئۇستىدىكى تەتقىقات. بۇ ھەرقايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن تارىخىي بىلىش، تارىخىي يەكۈن، تارىخىي باھا ۋە مۇشۇلاردىن شەكىللەنگەن تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسى ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسى خېلى بۇرۇنلا شەكىللىنىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مۇكەممەللىششى خېلىلا كېيىن بولغان، جۈملىدىن 16 ـ ئەسىردىن كېيىن باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە مۇكەممەللىشىپ بارغان ھەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىغان. شۇڭا، تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسىنى بىلىشمۇ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ دائىرىسى

ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ مەنبەسى بولغان تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇنى ئاغزاكى تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە يازما تارىخىي ماتېرىياللار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئاغزاكى تارىخ ماتېرىياللىرى قەدىمكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، قىسسە ـ داستانلار، شېئىر ـ قوشاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يازما تارىخىي ماتېرىياللار بولسا ھەر خىل تارىخنامىلەر، تەزكىرە ـ تەرجىمىھاللار، دەستۇر ـ رىسالىلەر، ئابىدە ـ پۈتۈكلەر ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى بار ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بارلىق تارىخىي ماتېرىياللارنى يەنە دەۋرداش تارىخىي خاتىرىلەر ۋە غەيرىي دەۋرداش تارىخىي خاتىرىلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. دەۋرداش خاتىرىلەر مەلۇم ۋەقە يۈز

بەرگەن ئەينى دەۋردە، ئاشۇ دەۋردىكىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان خاتىرىلەرنى كۆرسىتىدۇ. غەيرىي دەۋرداش خاتىرىلەر مەلۇم ۋەقە يۈز بېرىپ تارىخىي ۋەقەلەرگە ئايلانغاندىن كېيىن، كېيىنكى دەۋردىكىلەر تەكشۈرۈپ، ئويلاپ يېزىپ چىققان خاتىرىلەرنى كۆرسىتىدۇ. تارىخىي ماتېرىيالشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، دەۋرداش تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ تارىخىي قىممىتى غەيرىي دەۋرداش تارىخىي خاتىرىلەرنىڭكىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ[20]. ئۇيغۇرلارغا دائىر يازما تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۇلارنىڭ تىل - يېزىق تەۋەلىكى بويىچە چوڭ جەھەتتىن قەدىمكى تۈركچە تارىخىي ماتېرىياللار، قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللار، ئەرەب، پارس ۋە چاغاتاي يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار دەپ بىرقانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1. قەدىمكى تۈركچە تارىخىي ماتېرىياللار. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپتە تۈرك - رونىك يېزىقى (ئورخۇن - يېنىسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى قوللانغان بولۇپ، بۇ يېزىق جەمئىي 38 — 40 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىقتۇر. بۇ يېزىقنىڭ شەكلى شىمالىي ياۋروپادا قەدىمكى گېرمانلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان رونىك يېزىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپىنچە قەدىمكى تۈرك - رونىك يېزىقى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل يېزىقتىكى ئاساسلىق يادىكارلىقلار موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىدىن ۋە سىبىرىيەدىكى يېنىسەي دەرياسى ۋادىلىرىدىن تېپىلغىنى ئۈچۈن يەنە ئورخۇن - يېنىسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە بەزىلەر كۆكتۈرك يېزىقى، سىبىرىيە يېزىقى دەپمۇ ئاتايدۇ[21]. بۇ يېزىقنى تەخمىنەن 6 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي دەۋرلەردە كۆكتۈرك خانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، يېنىسەي قىرغىزلىرى ۋە سىبىرىيەدىكى قورىقان قاتارلىق بىر قىسىم مىللەتلەر ئومۇميۈزلۈك قوللانغان. بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان يادىكارلىقلار ئاساسلىقى 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ۋۇجۇدقا كەلگەن مەڭگۈتاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەڭگۈتاشلار تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، سىياسىيسى، ئىقتىسادى ۋە جۇغراپىيەسى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇلار ئاساسەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارغا قېرىنداش قەبىلىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇلار دەۋرداش ۋە غەيرىي دەۋرداش بولغان خەنزۇچە ھەم باشقا تىل ـ يېزىقلاردىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى تولۇقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2. قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللار. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى — ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى ئەڭ كەڭ دائىرىدە قوللانغان ھەم نۆۋەتتە ساقلىنىپ قالغان يادىكارلىقلىرى بىرقەدەر كۆپ بولغان، 19 — 20 بەلگە ـ ھەرپتىن تەركىب تاپقان (بەزىدە دەۋرلەرنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى بىلەن ھەرپ سانلىرىدىمۇ پەرقلەر كۆرۈلىدۇ) ئېلىپبەلىك يېزىق، بۇ خىل يېزىق ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان قەدىمكى سوغدلارنىڭ يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ خىل يېزىق ئەڭ بالدۇر يەتتىسۇ رايونى ۋە بەشبالىق، تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا ھەم قىسمەن موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا تۈرك ـ رونىك يېزىقى بىلەن تەڭ ئىشلىتىلگەن. 1955 — 1956 ـ يىللىرى موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۇۋسايىمگىن ئۆلكىسىنىڭ تۈرگانسۇم مەمۇرىي رايونىغا قاراشلىق خارائۇس دېگەن يەردىن تېپىلغان دۇرگۇت مەڭگۈتېشىغا سەككىز قۇر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەت ئويۇلغان، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا بۇ خىل يېزىقنى قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ[22]. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 5 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان بولۇپ، قىسمەن ھالدا 17 ـ

ئەسىرگىچە تۇرپان، قومۇل دائىرىسىدە داۋاملىق قوللىنىلىپ كېلىنگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تارىختا يالغۇز ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوللىنىپلا قالماستىن، باشقا تۈركىي خەلقلەر، موڭغۇللار ۋە مانجۇلار تەرىپىدىنمۇ قوللىنىلغان. بۇ يېزىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، قوللىنىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگىچە سىڭگەن يېزىق بولۇپ، بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان يادىكارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي مەزمۇندىكى ۋە ئەدەبىيات ــ سەنئەت تېپىدىكى ئەسەرلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە بىر قىسىم يازما ھۆججەتلەر ۋە تاش پۈتۈكلەرمۇ بار. بۇلاردىن مۇھىملىرى «ئوغۇزنامە»، «بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى»، «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارمۇ دەۋرداش ۋە غەيرىي دەۋرداش بولغان خەنزۇچە ھەم باشقا تىل ــ يېزىقلاردىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى تولۇقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

3. ئەرەب، پارس ۋە چاغاتاي يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار. 10 ــ ئەسىردە قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەرەب يېزىقى قوللىنىلىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشقا ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئەرەب يېزىقىنىڭ ئومۇملىشىشىغا تۈرتكە بولغان. كېيىنچە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرمۇ مۇشۇ يېزىقتا يېزىلىشقا باشلىغان. 13 ــ ئەسىردىن كېيىن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ــ چاغاتاي

ئۇيغۇر يېزىقى بارلىققا كېلىپ، يازما ئەدەبىي تىل ــ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى شەكىللەنگەن. 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ بۇ ئەدەبىي تىل ۋە يېزىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي مىللەتلەر تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان㉓. ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا، خۇددى قەدىمكى تۈركچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئوخشاشلا ئەرەب، پارس تىل ـ يېزىقىدىكى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنداق ئەسەرلەر سان جەھەتتىن كۆپ، سۈپەت جەھەتتىن ئېسىل بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلار قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن باشلاپ تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان تەخمىنەن 1000 يىل جەريانىدا بارلىققا كەلگەن تارىخىي، دىنىي، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلاردىن مۇھىمراقلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «مۇلھەقاتۇس سۇرراھ»، «قىسسەسۇلئەنبىيا»، «تارىخى رەشىدىي»، «تەۋارىخ»، «جامىئۇل مەقامەت»، «ھىدايەتنامە»، «تەزكىرەئى مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى»، «سەپەرنامە»، «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شېرىف بۇزرۇكۋار»، «تارىخى كاشغەر»، «تەزكىرەئى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلى»، «ئىسلامنامە»، «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خوجەكان»، «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا»، «تەزكىرەتۇل بۇغراخان»، «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن»، «زەپەرنامە»، «غازات دەر مۇلكى چىن»، «شەرھى شىكەستە»، «ئىسكەندەرنامە»، «تارىخى ئەمنىيە»، «تارىخى ھەمىدى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرلەر شۈبھىسىزكى ئۇيغۇرلارنىڭ 10 ـ ئەسىردىن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى مەزگىللەردىن تاكى 20 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇلارنىڭمۇ دەۋرداش

ۋە غەيرىي دەۋرداش بولغان باشقا تىل ـ يېزىقلاردىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى تولۇقلاشتىكى ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور.

ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى مەزمۇنىدىن كۆزەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چېتىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، تارىخىي شەخسلەرگە دائىر ئەسەرلەر. بۇ ئەسەرلەردە ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىنىك تەركىبىگە قوشۇلغان خەلقلەرنىڭ تارىخىي شەخسلىرى توغرىسىدىكى ئەھۋاللار ئەكس ئەتكۈزۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيىتى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى، تارىخقا كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە قوشقان تۆھپىسى يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ تۈردىكى ئەسەرلەر ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئەسەرلەر ئىچىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇر تارىخىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم كۆزنەك ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، دىنىي ئېتىقادقا دائىر ئەسەرلەر. بۇ ئەسەرلەردە ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىنىك تەركىبىگە قوشۇلغان خەلقلەرنىڭ شامان دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، زوروئاستىر دىنى، خىرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا دائىر ئەھۋاللار ئەكس ئەتكۈزۈلۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى دىنىي ئېتىقادىنىڭ شەكىللىنىش ھەم ئۆزگىرىش جەريانى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئۈچىنچى، جۇغراپىيەۋى ئەسەرلەر. بۇ ئەسەرلەردە ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىنىك تەركىبىگە قوشۇلغان خەلقلەر ياشىغان جايلار، بۇ جايلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئەھۋالى، تەبىئىي شارائىتى، جۈملىدىن تاغ، دەريا، كۆل، بوستانلىق، يايلاق، شەھەر ـ بازار، يېزا ـ قىشلاق، يول، قاتناش، تەبىئىي بايلىق ئەھۋالى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن.

تۆتىنچى، ئىجتىمائىي ئىگىلىككە دائىر ئەسەرلەر. بۇ ئەسەرلەردە ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىنىك تەركىبىگە قوشۇلغان خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك شەكلى، جۈملىدىن ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ئەھۋالى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن.

بەشىنچى، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، پەن ـ تېخنىكىغا دائىر ئەسەرلەر. بۇ ئەسەرلەردە ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىنىك تەركىبىگە قوشۇلغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى، بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، شۇنداقلا باشقا ئەل ـ خەلقلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى مەدەنىي ھاياتىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ.

## ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزەتكەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخشۇناسلىقىدا ئىزچىل تارىخىي ۋارىسلىق، روشەن مىللىي ئۇسلۇب ئىپادىلىنىپ كەلگەن، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

بىرىنچى، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا «تارىخ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئايرىلىشىپ كېتىش ھادىسىسى» ئىنتايىن گەۋدىلىك بولغان (ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇيغۇرلاردىلا ئەمەس، باشقا خەلقلەردىمۇ شۇنداق بولغان). ئۇيغۇرلاردا تارىخشۇناسلىقنىڭ كېلىپچىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى باشتىن ـ ئاخىر ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغان، ئۇ ئەدەبىيات بىلەن شەكىل ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن بىر «تەن»گە مەنسۇپ

بولۇپ، بەللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا بارلىققا كەلگەن نادىر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ھەم ئەدەبىي، ھەم تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى تارىخنى ئەكس ئەتكۈزگەن ئەدەبىي ئەسەر ياكى ئەدەبىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان تارىخىي ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. يەنە كېلىپ ھەرقايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن تارىخچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئۆزىدە ھەم ئەدەبىي ماھارەتنى، ھەم تارىخىي قابىلىيەتنى ھازىرلىغان، ئۇلار تارىخىي ئەسەر يېزىش بىلەن بىللە يەنە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ يازغان. شۇڭا، مەيلى تارىخچىلىق ساھەسىدە بولسۇن ياكى ئەدەبىيات ساھەسىدە بولسۇن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىنىڭ ئەدەبىيلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە دىنىي ھېكايەتلەرگە، قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىگە، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ۋەقەلەرگە، مۇھىم شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىپ، باشقا جەھەتلەرگە ئانچە ئېتىبار بېرىلمىگەن.

تەزكىرىچىلىك ــ تارىخىي ھادىسە ۋە تارىخىي شەخسلەرنى نەسرىي ھەم شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلىپ بېرىدىغان ھەم تارىخىي، ھەم ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر خىل ئەنئەنىۋى ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن. 17 ــ 18 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئەينى دەۋر ياكى ئالدىنقى دەۋرلەردىكى تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھەر خىل شەكىلدىكى تەزكىرىلەر يېزىلىپ تۇرغان. بۇ دەۋردىكى تەزكىرىچىلىكنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاپتورلار گەۋدىلىك ھالدا شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار ۋە بۇ جەرياندا مەيدانغا چىققان شەخسلەر، تەسەۋۋۇپچى خوجىلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن. ئەمما، ئىسلام ئاپتورلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان بۇ

تەزكىرىلەردە، كۆپىنچە تارىخىي ۋەقەلەر ئىلاھىي تۈسكە ئىگە قىلىپ قويۇلغان، بىر قىسىم ئوبرازلار ئەپسانە ـ رىۋايەت، توقۇلمىلار ئاساسىدا يارىتىلغان بولۇپ، تارىخىي رېئاللىقتىن چەتلەپ، ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىنغان.

19 ـ ئەسىردە تەزكىرىچىلىك راۋاجلانغان. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتى تەزكىرىچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىنى تەقەززا قىلغان. بۇ دەۋردىكى يېتىشكەن تەزكىرىچىلەر ئۆز دەۋرىنىڭ ئەھۋالىنى بەدىئىي ۋە تارىخىي يول بىلەن ئەكس ئەتكۈزۈش بىلەن بىللە، ئۆز دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىمۇ ئەكس ئەتكۈزۈپ، خەلقنى تارىختىن خەۋەردار قىلىش، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ماھىيەتلىك ھادىسىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان. بۇ دەۋردىكى تەزكىرىچىلىك گەرچە 17 ـــ 18 ـ ئەسىرلەردىكى تەزكىرىچىلىكنىڭ داۋامى ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئالدىنقى دەۋر تەزكىرىچىلىكىدىن مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان يېڭى بىر قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. جۈملىدىن، تەزكىرىچىلەرنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشىدا خېلىلا روشەن ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمنى دادىل پاش قىلىپ، بايرىقى روشەن ھالدا ئەمگەكچى خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلقنىڭ ئىسيانكارلىق روھىنى مەدھىيەلىگەن، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنى خاس تېما سۈپىتىدە ئەكس ئەتكۈزگەن.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا دىنىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيە دالاسىدىكى مەزگىللەردە باشقا كۆپلىگەن شىمال مىللەتلىرىگە ئوخشاشلا باشتا ئىپتىدائىي توتېمغا، كېيىن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. كېيىنچە يەنە مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان. مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، يەنە بۇددا

دىنى ۋە نېستورىيان دىنى بىلەن ئۇچراشقان، بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسى كۆپ خىللاشقان. بولۇپمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەقە بولۇپ، ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ھاسىل بولغان. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق شامان دىنى ۋە مانى دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (شۇنداقلا گەنجۇۋ ئۇيغۇر خانلىقى) دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق مانى دىنى ۋە بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ دەۋردىكى تارىخىي ئەسەرلەردە ئاساسەن دېگۇدەك ئالەمنى ياراتقان ئىلاھقا تېۋىنىش، ئىلاھتىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئالغان ھۆكۈمدارلارنى مەدھىيەلەش، باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىقتا چوقۇنۇش، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى ياقلاشتەك خاھىشلار روشەن ئەكس ئەتكەن. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ تارىخشۇناسلىق ئىزچىل ئىسلام دىنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. بولۇپمۇ، بۇ تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسىدە، يەنى تارىخىي قاراش، تارىخىي بىلىشتە ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن، جۈملىدىن كۆپىنچە تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە تارىخ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن، ئاندىن نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ سۆزلىنىپ، ئاخىرىدا شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمدارلارغا بېرىپ توختالغان. بولۇپمۇ، بۇنىڭدا موڭغۇللاردىن بولغان چىڭگىزخانغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، شانۇشەۋكەتلىك خان ـ پادىشاھلارنىڭ نەسەبى ئاساسەن چىڭگىزخانغا باغلانغان (بۇ يالغۇز ئۇيغۇرلاردىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي خەلقلەردىمۇ شۇنداق بولغان). بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ھەرقايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن تارىخچىلار ئۆز دەۋرىدىكى دىنىي ئېتىقادنىڭ تەسىرىدە ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەسەرلىرىدە كۈچلۈك ئىلاھىيەتچىلىك خاھىشىدىن قۇتۇلالمىغان بولۇپ، ئۇلار پەقەت تارىخنى تونۇش ۋە بىلىش سەۋىيەسىگىلا يېتىپ، تارىخنى تەتقىق قىلىش سەۋىيەسىگە تېخى يەتمىگەن. ئەلۋەتتە، بۇنىڭلىق بىلەن تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇلاردىكى دىنىي تۈسنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، يەنىلا ھەقىقىي تارىخ كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى خەنزۇ ۋە ئەرەب - پارس تارىخشۇناسلىقىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇنداق تەسىر خەنزۇ ۋە ئەرەب - پارس تارىخشۇناسلىقىدىكى تىل، تېما، ئۇسلۇبلارنىڭ تارىخىي ئەسەرلەرگە چوڭقۇر سىڭىشىدا ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، تۈرك خانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق تىل، ئۇسلۇب جەھەتلەردىن خەنزۇلارنىڭ ئابىدە تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان (مەڭگۈتاشلارنىڭ تىكلىنىشى ۋە ئۇلاردا خەنزۇچە تېكىستلەرنىڭ بولۇشى بۇنىڭ دەلىلى) بولسا، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى تارىخشۇناسلىق تىل جەھەتتىنمۇ، ئۇسلۇب جەھەتتىنمۇ، تېما جەھەتتىنمۇ ئەرەب - پارس تارىخشۇناسلىقىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىغان. جۈملىدىن، تارىخچىلار ئەرەب - پارس تارىخشۇناسلىقىنى مۇكەممەل ھەم ئىلغار تارىخشۇناسلىق سۈپىتىدە تونۇپ، ھەر جەھەتتە ئۇنىڭدىن زور دەرىجىدە ئوزۇق ئالغان. بۇ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىغا يېڭى كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغان. ئالايلۇق، قاراخانىيلار خانلىقى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى داڭلىق تارىخىي ئەسەرلەردىن «تارىخى كاشغەر»، «مۇلھاقاتۇس سۇرراھ» قاتارلىقلار ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولسا، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى داڭلىق تارىخىي ئەسەرلەردىن «تارىخى رەشىدىي»، «تەۋارىخ» قاتارلىقلار، شۇنداقلا كېيىنكى دەۋرلەردىكى بىرمۇنچە ئەسەرلەر پارس تىلىدا يېزىلغان.

ئەلۋەتتە، يەنىلا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر كۆپ. يەنە كېلىپ بۇ ئەسەرلەر شەكىل جەھەتتىن ئەرەبچە ـ پارسچە ئەسەرلەرگە تەقلىد قىلىنىپ خېلى مۇقىم قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان، ئادەتتە ئاللانى مەدھىيەلەش، پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈش بىلەن باشلىنىپ، كىرىش سۆز (دىباچە، مۇقەددىمە)، تېكىست (داستان) ۋە ئاخىرقى سۆز (خاتىمە)دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. كىرىش سۆز قىسمىدا ئاساسلىقى ئەسەرنىڭ نامى، قىسقىچە مەزمۇنى، ئاپتورنىڭ نامشەرىپى، ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئاسى، ئەسەرنى كىمگە ئاتاپ يازغانلىقى، ئەسەرنى يېزىشقا باشلىغان ۋاقتى، ھەتتا ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن قانداق ماتېرىياللاردىن پايدىلانغانلىقى قاتارلىق مۇھىم ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن؛ تېكىست قىسمىدا بولسا ئاپتورنىڭ خاھىشى ۋە ئەسەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەزمۇن بىرقانچە بابقا ئايرىلىپ، رەت ـ رېتى بويىچە بايان قىلىنغان؛ ئاخىرقى سۆز قىسمىدا بولسا ئەسەرنىڭ پۈتۈپ چىقىش جەريانى ياكى كىرىش سۆز قىسمىدا كەم قالغان جايلار ۋە ياكى تېكىست قىسمىدىكى مەزمۇننىڭ يەكۈن ـ خۇلاسىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئومۇمەن، بۇ ئۈچ قىسىم ئۆزئارا بىرىكىپ ئەسەرنى بىر پۈتۈن قۇرۇلمىغا ئىگە قىلغان. تېما جەھەتتىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرمۇنچىسى ئىسلام دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى ھېكايەتلەرنى ئاساس قىلغان، ئۇلاردا ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن نۇھ، سۇلايمان، سالىھ، ياقۇپ، يۇسۇپ، مۇسا، داۋۇد، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئەيسا، يەھيا، ئەييۇب، شۇئەيىب قاتارلىق نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئاخىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەيلى تارىخنى بايان قىلىش جەھەتتىن بولسۇن ياكى پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەھەتتىن بولسۇن كۈچلۈك ئىسلامىي تۈس

ئېلىپ، ئەرەبچە ـ پارسچە تارىخىي ئەسەرلەرگە ياندىشقان.

تۆتىنچى، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا خۇسۇسىيلارنىڭ تارىخ يېزىشى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. ھەرقايسى دەۋرلەردىن ساقلىنىپ قالغان كىلاسسىك ئەسەرلەردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خۇسۇسىي تارىخچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەشكىللەپ يازدۇرۇلغان ئەسەرلەر يوق دېيەرلىك. بۇ جەھەتتىن ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى باشقا خەلقلەرنىڭ تارىخشۇناسلىقىدىن، بولۇپمۇ خەنزۇ تارىخشۇناسلىقىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. خەنزۇ تارىخشۇناسلىقىدا ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى ھالدا تارىخ يازدۇرۇشى بىلەن خۇسۇسىيلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تارىخ يېزىشى تەڭ قەدەمدە راۋاجلانغان، بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ تارىخ يازدۇرۇشى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇرلاردا بولسا خۇسۇسىي تارىخچىلىق جانلانغان، ھەرقايسى دەۋرلەردە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەخسۇس تارىخچىلىق ئورگىنى قۇرۇلمىغان ۋە مەخسۇس تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىش تەشكىللەنمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاقىل ۋە دانا ئەدىب ـ تارىخچىلار ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ۋە باشقا تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامىغا ئاتاپ كاتتا تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. مەسىلەن، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي»، شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تەۋارىخ»، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» قاتارلىق ئەسەرلىرى مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. خۇسۇسىي تارىخچىلىق پائالىيىتىنىڭ رايون دائىرىسىدىن قارىغاندا، تارىخچىلىق ئاساسەن قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئىلى قاتارلىق جايلاردا ئەۋج ئالغان، باشقا جايلاردا ئانچە راۋاجلىنىپ كەتمىگەن. ھالبۇكى، خۇسۇسىي تارىخچىلارنىڭ كۆپىنچىسى كەسپىي تارىخچى بولماستىن، بەلكى ئەدىبلەردىن بولۇپ، ئۇلار

ئۆزىدە ھەم تارىخنى ساۋاتنى، ھەم ئەدەبىي ماھارەتنى تەڭ ھازىرلىغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرى كۆچلۈك ئەدەبىي تۈس ئالغان. شۇنىسى ئېنىقكى، خۇسۇسىي تارىخچىلىق پائالىيىتىنىڭ رولى ئىنتايىن زور بولغان، ناۋادا خۇسۇسىي تارىخچىلار تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان تارىخىي ئەسەرلەر بولمىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇيغۇرلاردا تارىخشۇناسلىقمۇ راۋاجلانمىغان ھەم ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئەينى ئەھۋالىنى بىلىشمۇ قىيىن بولغان بولاتتى.

بەشىنچى، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا باشتىن ـ ئاخىر «تارىخنى مۇھىم بىلىش، تارىخنى ئەينەك قىلىش، تارىختىن ساۋاق ئېلىش»تىن ئىبارەت تارىخچىلىق ئىدىيەسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. بۇنداق ئىدىيە ئەڭ دەسلەپتە 7 ــ 9 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن ئورخۇن ـ يېنىسەي مەڭگۇ ـ تاشلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، شۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچە ئەسىر داۋامىدا پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ، 16 ـ ئەسىردىن كېيىن تاكامۇللىششقا يۈزلەنگەن. بولۇپمۇ، بۇ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ ۋە موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئەسەرلىرىدە روشەن گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە: «... تارىخچىلارنىڭ قائىدىسى شۇكى، ئۇلار زىكىر قىلىنغۇچىلار گەرچە لاياقەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەزكىرە سىلسىلىلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئۈزۈۋەتمەي، بەلكى نېمە بولسا شۇنى ئەينەن بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى پادىشاھلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنىلا بايان قىلىش ياكى يامان سۈپەت، قەبىھ ھەرىكەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ئەمەس، بارلىق ياخشى ـ يامان سۈپەتلىرى، گۈزەل ـ قەبىھ ئەخلاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بايان قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا ئالەم قوۋملىرى ئىچىدىن ئۇلارنىڭ تارىخى يېتىپ بارغانلار پادىشاھ ياكى پۇقرا بولسۇن، ئۇ تارىخقا نەزەر تاشلىسا، ئۇلاردىن ئىبرەت

www.uyghurkitap.com

ئالغۇسى ھەمدە ياخشى ئەخلاقنىڭ نەتىجە ـ پايدىلىرىنىڭ ۋە يامان قىلىق، قەبىھ ھەرىكەتلەرنىڭ زىيانلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگۈسىدۇر. ھەر كىشى ئۇلارنى يادىلىرىدا تۇتۇپ، ئۇ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، ياخشى ئەمەللەرگە مايىل بولۇپ، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇسىدۇر»[24] دەپ تارىخنىڭ ئەينەكلىك رولىنى تۇنجى قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە: «تارىخ ئىلمى ناھايىتى زور بىر ئىلىم بولۇپ، ھەممە ئىلىملەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى ئوقۇش ۋە تارىختىن خەۋەردار بولۇش ئىنسان ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشتۇر. بۇ پەننى بىلىدىغانلار بولسا خالايىق نەزىرىدە ئۇلۇغ ھېسابلىنىپ، سۆھبەت ۋە مۇزاكىرىلەردە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى بىلمەيدىغانلار ياكى ئۇنىڭدىن بىخەۋەر كىشىلەر گەرچە قانچە يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن بىلەنمۇ، ئۇلار ئالىملارنىڭ ئالدىدا يەنىلا نەزەر ۋە ئېتىباردىن يىراقتۇر. تارىخ پايدىسى تولا، مەنپەئەتى كۆپ بىر ئىلىم، چۈنكى ئادەملەرنىڭ دەرىجە ۋە تەبىقىلىرى، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان چاغلىرى، ئىز ـ ئالامەتلىرى، خۇلقى ـ ئەخلاقى، ياشايدىغان جاي ۋە ماكانلىرى، ئاۋات قىلغان شەھەر ـ زېمىنلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى پەقەت تارىخ ئىلمىنىڭ ياردىمى بىلەنلا بىلگىلى بولىدۇ»[25] دەپ، تارىخ ئىلمىگە ئەھمىيەت بېرىشنى، تارىخ تەتقىقاتىدا ئادىللىق، راستچىللىق، چىنلىقنى ئاساس قىلىشنى، تارىخنى خەلقنىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن باھالاشنى، تارىخنىڭ كىشىگە ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ تارىخشۇناسلىقتىكى ئىلغار قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. بۇنداق ئىدىيە يالغۇز بۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ گاھ ئاشكارا، گاھ يوشۇرۇن ھالەتتە ئەكس

ئەتكەن، ئومۇمەن ئۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق قارىشىغا سىڭىپ كەتكەن.

## ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى

ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنى تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىدىن ئىلمىي يوسۇندا بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى ئايرىم باسقۇچلارغا ئايرىپ، ئوخشاش تارىخىي مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن تارىخىي ئەسەرلەر، تارىخچىلار ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى، تارىخىي بىلىش ۋە تارىخىي قاراشلارنى يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرۈش ۋە خۇلاسە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ مۇقەررەر ھالدا ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخىنى دەۋرلەرگە ئايرىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرىدۇ.

ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخىنى دەۋرلەرگە ئايرىش ئۇيغۇر تارىخىنى دەۋرگە ئايرىش بىلەن زامان ئىزچىللىقى جەھەتتىن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ماھىيەت جەھەتتىن يەنىلا پەرقلىقتۇر. شۇڭا، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخىنى دەۋرلەرگە ئايرىشتا، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىللارنى، جۈملىدىن سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تولۇق ھېسابقا ئېلىش بىلەن بىللە، تارىخشۇناسلىقنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە، جۈملىدىن ئۇنىڭ مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ يېتەرلىك ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ تارىخىنى تۆۋەندىكىدەك دەۋرلەرگە ئايرىش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ بىخلىنىش دەۋرى. بۇ ئەڭ قەدىمكى دەۋردىكى، شۇنداقلا تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىقنىڭ بىخلىرىنى ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى. بۇ قاراخانىيلار خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىقنى، يەنى مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان دەۋردىكى تارىخشۇناسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىش ۋە گۈللىنىش دەۋرى. بۇ چاغاتاي خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىقنى، يەنى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان دەۋردىكى تارىخشۇناسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆتىنچى، ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئۆزگىرىش دەۋرى. بۇ خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىقنى، يەنى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋردىكى تارىخشۇناسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى يۇقىرىقىدەك باسقۇچلارغا ئايرىشنىڭ ئاساسى شۇكى، بۇ باسقۇچلار ئۇيغۇرلار تارىخىدا زور ئۆزگىرىش ۋە بۇرىلىش بولغان دەۋرلەر بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ھەربىر باسقۇچتىكى تارىخشۇناسلىق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. مەسىلەن، 1 ـ باسقۇچتا تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، ئىپتىدائىي قەبىلىلەردىن تەرەققىي قىلىپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئۆزگىرىپ، تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. بۇ باسقۇچتا ئۇلار ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، شېئىر ـ قوشاقلار، مەڭگۈتاشلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى خاتىرىلىگەن، بۇلاردا قەبىلىلەرنىڭ شەكىللىنىشى، خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، قاغانلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ۋە تۆھپىلىرى،

قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا باشقا جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار جانلىق تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى تارىخىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ، بۇنى تارىخشۇناسلىقنىڭ بىخلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى دېيىش مۇمكىن. شۇڭا، بۇ باسقۇچنى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ 1 ـ باسقۇچى، يەنى بىخلىنىش دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ.

2 ـ باسقۇچتا، مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى نىزالار ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى تۇپەيلىدىن يىمىرىلىپ، ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ جەنۇبقا (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، گەنسۇ ئەتراپلىرىغا) ۋە غەربكە (ھازىرقى تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىغا ۋە يەتتىسۇ، ئىسسىقكۆل، پامىر، تارىم بويلىرىغا) كۆچكەن، بىر قىسمى ئەسلىي ماكانىدا قېلىپ قالغان. جەنۇبقا كۆچكەن قىسمى ۋە غەربكە كۆچكەن قىسمىنىڭ بىر تارمىقى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان، غەربكە كۆچكەن قىسمىنىڭ يەنە بىر تارمىقى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى، يەنە بىر تارمىقى قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن بۇ زور ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىمۇ مۇرەككەپ بىر ئەھۋالنى شەكىللەندۈرگەن. بولۇپمۇ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنىنى رەسمىي قوبۇل قىلىپ دۆلەت دىنىغا ئايلاندۇرۇشى بىلەن بۇ خانلىق دائىرىسىدە تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنى ۋە پارس ـ ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۆزگىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ مەزگىلدىكى پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىككى خىل ھالەت شەكىللەنگەن، يەنى بۇددا ۋە مانى دىنلىرى ھەم خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى (شۇنداقلا گەنجۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى) بىلەن ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب ـ پارس

مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىكى قاراخانىيلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئايرىم تەرەققىيات يولىغا ماڭغان. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تارىخشۇناسلىقمۇ قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدە ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب ـ پارس تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەسىرىگە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە مانى دىنى، بۇددا دىنى ھەم خەنزۇ تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ رەسمىي شەكىللەنگەن. شۇڭا، بۇ باسقۇچنى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ 2 ـ باسقۇچى، يەنى شەكىللىنىش دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ.

3 ـ باسقۇچتا، ئۇيغۇرلار 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەندىن كېيىن تەخمىنەن ئۈچ ئەسىرگىچە موڭغۇللار (جۈملىدىن تۈركلەشكەن موڭغۇللار ـــ موغۇللار)نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇپ، مىلادىيە 1514 ـ يىلى سەئىد خان يەكەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە زور يۈكسىلىشنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۆزئارا ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، ئىسلام دىنىغا ئومۇميۈزلۈك ئېتىقاد قىلىشقا باشلاپ، پەيدىنپەي ئورتاق بولغان مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ، يېقىنقى زامان مەنىسىدىكى بىر گەۋدىلەشكەن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ دەۋردە تارىخشۇناسلىقمۇ مۇناسىپ ھالدا ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى ۋە ئەرەب ـ پارس تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قوبۇل قىلىپ، تارىخ يېزىش ئەنئەنىسى جانلىنىپ، بىر قىسىم نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. شۇڭا، بۇ باسقۇچنى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ 3 ـ باسقۇچى، يەنى راۋاجلىنىش ۋە گۈللىنىش دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ.

4 ـ باسقۇچتا، 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى سەئىدىيە

خانلىقىنى ئاپاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاغدۇرۇپ قورچاق ھاكىمىيەت قۇرغان. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى ۋە خوجىلارنى تىنچىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالغان. بۇ دەۋردە 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تەزكىرىچىلىك بارلىققا كېلىپ، ئەسەرلەر تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچراپ قويۇق دىنىي تۈس ئالغان بولسا، 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئەسەرلەر رېئال ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتكۈزۈشكە يۈزلىنىپ، فېئوداللىق زۇلۇم، مىللىي زۇلۇم ۋە بۇنىڭغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرىنى ئاساسىي تېما قىلغان. بۇ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، بۇ باسقۇچنى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ 4 ـ باسقۇچى، يەنى ئۆزگىرىش دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ.

## ئىزاھلار:

①③④⑤⑥⑦ «تارىخ ئىلمى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 6 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

② جاڭ گۇاڭجى: «غەرب تارىخشۇناسلىق تارىخى»، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

⑧⑮ ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑨ فەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 4 ـ قىسىم، خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑩⑳㉒ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑪ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم 2 ـ كىتاب، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑫⑬ ھاجى نۇرھاجى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار»، شىنجاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑭ لىن گەن، گاۋ زىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑯ گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

⑰ ياڭ فۇشۆ: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ قۇرۇلمىسى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخشۇناسلىقى تەتقىقاتى»ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

⑱ ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑲ جۇ ۋېنجيۇ: «ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخشۇناسلىق تارىخى تەتقىقاتىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە مۇلاھىزە»، خەنزۇچە «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2009 ـ يىللىق 1 ـ سان.

㉑ گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 4 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

㉓ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 1 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

㉔ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي» 1 ـ قىسىم 278 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

㉕ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى» 35 ـ، 36 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

# بىرىنچى بۆلۈم

# ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ بىخلىنىشى

## 1 ـ باب ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى تارىخشۇناسلىق بىخلىرى

ئەڭ قەدىمكى مەزگىللەردە، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى قالدۇرغان. دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى ئەسىرلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ناھايىتى بۇرۇنلا ئۇلارنىڭ مول ئاغزاكى ئەدەبىياتى، يەنى ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، شېئىر ـ قوشاقلىرى بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانلىق كۈرەشلىرىنى مۇشۇ ئارقىلىق ئەكس ئەتكۈزگەن. بۇلاردىكى ۋەقەلەر گەرچە ئاجايىپ ـ غارايىپ، ئەمەلىيەتتىن يىراقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇلار مەلۇم تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن يارىتىلغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تارىخىي قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

### ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلقلەرگە مەنسۇپ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئىچىدە تۈركلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

كېلىپچىقىشى ھەققىدىكى ئەپسانە، «ئۇيغۇر ئېلى» رىۋايىتى، «تۇمارىس» رىۋايىتى، «شىراق» رىۋايىتى، «باتۇر تەڭرىقۇت» رىۋايىتى، «بۇگۇ خان» رىۋايىتى تارىخىي قىممىتى يۇقىرى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەپسانە - رىۋايەتلەر ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە بۇلار ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىمىز.

**تۈركلەرنىڭ كېلىپچىقىشى ھەققىدىكى ئەپسانە** خەنزۇچە تارىخنامىلەردىن «جۇنامە»دە تۈركلەرنىڭ كېلىپچىقىشىغا ئائىت بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەپسانىلەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلاردا تارىخىي پاكىتلارغا ئىلاھىي تۈس بېرىلگەن. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرسى مۇنداق:

«تۈركلەر ھۇنلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق نامى ئاشىنا بولۇپ، ئالاھىدە بىر قەبىلە ئىدى. تۈركلەر بىر زامانلاردا قوشنا ئەل بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن. پەقەت 10 ياشلىق بىر ئوغۇل بالىلا ئامان قالغان. غالىب ئەلنىڭ لەشكەرلىرى بالىنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەي، پۇت - قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ تۇرغان بىر سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىۋەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي بالىنىڭ يېنىغا بىر چىشى بۆرە كەلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۆرە گۆش ئەكېلىپ بېرىپ باققان ۋە بالىغا يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭدىن بوغاز بولغان. ھېلىقى غالىب ئەلنىڭ خانى تۈركلەر نەسلىدىن بولغان بىر بالىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، سازلىققا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئاخىر ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. بالىنى ئۆلتۈرگەنلەر بىر چىشى بۆرىنىڭ چەتتە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، بۆرە قوچۇنىڭ شىمالىدىكى تاغقا قاراپ قېچىپ كەتكەن. بۇ تاغدا ياپيېشىل ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان بىر جىلغا بولۇپ، جىلغىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن بىرنەچچە يۈز چاقىرىم مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. جىلغىنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن

ئورالغان بولۇپ، بۆرە شۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغان ھەم شۇ جىلغىدا 10 ئوغۇل تۇغقان. ئوغۇللار چوڭ بولۇپ، سىرت بىلەن ئالاقە قىلغان ھەم ئۆيلىنىپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغان. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھامىلدار بولۇپ بالىلارنى تۇغقان. ھەربىر بالىنىڭ ئۇرۇق نامى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ ئۇرۇق نامى ئاشىنا ئىكەن. مانا شۇ ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى ئاۋۇپ تەدرىجىي ھالدا بىرنەچچە يۈز ئائىلىگە يەتكەن. بىرنەچچە زامان ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار جىلغىدىن چىققان ۋە جۇرجانلارغا بېقىندى بولۇپ قالغان. ئۇلار ئالتاي تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇراقلىشىپ، جۇرجانلار ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك قىلىشقا باشلىغان. ئالتاي تېغىنىڭ شەكلى دۇبۇلغىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلىدا دۇبۇلغا «تۈركە» دېيىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار شۇ نام بىلەن ئاتالغان»①.

يەنە بىر ئەپسانە مۇنداق: «تۈركلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى سۇ (ساك) دەپ ئاتىلىدىغان ئەلدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئەل ھۇنلارنىڭ شىمالىدا. تۈركلەرنىڭ بېگىنىڭ نامى ئابا بەگ بولۇپ، ئۇلار ئاكا ـ ئۇكا 17 قېرىنداش ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ نامى ئېل نىشاتۇر بولۇپ، بۆرىدىن تۇغۇلغانمىش. ئابا بەگ قاتارلىقلار ھاماقەت بولغاچقا، ئېلى ھالاك بوپتۇ. ئېل نىشاتۇر ناھايىتى ھوشيار، ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ شامال چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرالايدىكەن. ئۇ ئىككى قىزغا ئۆيلەنگەنىكەن. بۇ قىزلارنىڭ بىرسى ياز ئىلاھىنىڭ قىزى، يەنە بىرسى قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككىلا ئايالى ھامىلدار بولۇپ تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ ئوغۇللارنىڭ بىرسى ئاق ھاڭغۇتقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بىر ئوغۇلنىڭ ئېلى ئاباقان دەرياسى بىلەن كەم دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇلار قىرغىز دەپ ئاتىلىپتۇ. يەنە بىر ئوغۇلنىڭ ئېلى قۇرقى دەرياسىنىڭ بويىدا ئىكەن. يەنە بىر ئوغۇلنىڭ ئېلى بوزقۇرقىش تېغىدا ياشايدىكەن. ئۇ تۆت ئوغۇلنىڭ چوڭى ئىكەن. مانا مۇشۇ تاغدا ئابا بەگنىڭ ئەۋلادلىرى

بار ئىكەن. ئەل ئوچۇقچىلىقتا مۇزلاپ قىينىلىپ قالغاندا، بۇ چوڭ ئوغۇل ئوت چىقىرىپ ئۇلارنى ئىسسىندۇرۇپ ئامان ساقلاپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ چوڭ ئوغۇلنى ھۆرمەتلەپ ئۆزلىرىگە خان قىلىپ سايلاپ، ئۇنىڭغا تۇرك دەپ نام بېرىپتۇ»②.

يۇقىرىقى ئەپسانىلەر ئازراقلا پەرقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇلار تۇركلەردە تارقىلىپ، ئاندىن قوشنا خەلقلەر تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنىپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەپسانىلەردە تۇركلەر بۆرىنى ياراتقۇچى سۈپىتىدە، جۈملىدىن ھايۋان سىياقىدىكى ئىلاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۆزلىرىنىڭ كېلىپچىقىشىنى ئىلاھىيلاشتۇرغان. بۇ ئەپسانىلەر تۇركلەرنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئۇرۇقداشلىق دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۇركلەرنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بۆرە قەدىمكى ئالتاي قەبىلىلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك توتېمى بولغان، كېيىن تۇركلەر ئىچىدىمۇ بۇ خىل ئېتىقاد ئىزچىل داۋاملاشقان. ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولمىغان. شۇڭا، تۇركىي قەبىلىلەر ئىچىدە بۆرە توتېمى بىلەن باغلىق بولغان مۇشۇنداق ئەپسانىلەر مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى ئانىلىق ياكى ئاتىلىق جەھەتتىن بۆرە بىلەن باغلاپ كۆرسىتىپ ئىلاھىيلاشتۇرغان.

**«تۇمارىس» رىۋايىتى** بۇ ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان رىۋايەت، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئىران پادىشاھى كەيخىسراۋ (يەنى كۇرۇس، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 550 — 529 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ كاسپى دېڭىزىدىن ھىندىقۇش تاغلىرى ۋە تەڭرىتاغلىرىغىچە بولغان جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشايدىغان ماسساگېتلارغا (ساكلارنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى) زېمىن يۇتۇۋېلىش مەقسىتىدە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغانلىقى، ماسساگېتلارنىڭ دانا يولباشچىسى تۇمارىسنىڭ كەيخىسراۋ تاجاۋۇزچىلىقىغا باتۇرانە

قارشى تۇرغانلىقى، ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىدا نەچچە كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ، ماسساگېتلارنىڭ كەيخىسراۋنىڭ قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغانلىقى ۋە كەيخىسراۋنىڭ كاللىسىنى ئالغانلىقىدەك ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.[3] بۇ رىۋايەت يۇنان تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ «تارىخ»ناملىق ئەسىرىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇشۇ ۋەقەگە شاھىت بولغان ماسساگېتلار ياكى ئىرانلار تەرىپىدىن تارقالغانلىقى ۋە كېيىن ھېرودوتنىڭ قەلىمىگە ئېلىنغانلىقى ئېنىق، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 - ئەسىرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، جەسۇرلۇق، قەھرىمانلىقنى كۈيلەش، تىنچلىق، ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش باش تېما قىلىنغان.

**«شىراق» رىۋايىتى** بۇ «تۇمارىس رىۋايىتى»گە ئوخشاشلا مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان رىۋايەت، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى كەيخىسراۋنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىدىن ساۋاق ئالمىغان ئىران پادىشاھى ئىسكەندەر دارۇ (يەنى دارا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 521 — 486 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ يەنە ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ سىر دەرياسى ۋە ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرىدىكى مۇنبەت يەرلەرنى بېسىۋالغانلىقى، بۇ جايلاردا ياشايدىغان ساكلارنىڭ ناھايىتى ئېغىر كۈنگە قالغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن شىراق ئىسىملىك بىر پادىچىنىڭ ساكلار ئاقساقىلىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ قۇلاق، بۇرنىنى كېسىپ يالغاندىن ئۆز قوۋمىدىن ئازار يېگەن قىياپەتتە ئىسكەندەر دارۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنلىكى، دارۇنىڭ ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ زور قوشۇنىنى ئۇنىڭ يول باشلىشىدا ساكلار بىلەن ئۇرۇشقا ئەۋەتكەنلىكى، شىراقنىڭ ئىران قوشۇنلىرىنى بىر يولىلا يوقىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى بىپايان دەشت - چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا باشلاپ بېرىپ ئاچلىق ۋە

ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئۆزىمۇ ئۆلگەنلىكى بايان قىلىنغان④. بۇ رىۋايەت يۇنان تارىخچىسى پولىيئىننىڭ «ھەربىي ھىيلىلەر» ناملىق ئەسىرىدە تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ رىۋايەتمۇ ئېنىقكى مۇشۇ ۋەقەدىن خەۋەردار ساكلار ياكى ئىرانلار ئارقىلىق تارقىلىپ پولىيئىن تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭدىمۇ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، ھاياتتىن كېچىدىغان قەھرىمانلىق، ئېگىلمەس ـ سۇنماس قەيسەر ئىرادە باش تېما قىلىنغان.

يۇقىرىقى رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ساكلار (ماسساگېتلار) تەتقىقاتلارغا قارىغاندا مىلادىيەدىن 1000 يىللار ئىلگىرى مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان خەلق بولۇپ، ئىراندىكى نەقشى رۇستەم قىيا يازمىلىرىدا ئۇلار مۇقەددەس دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىغا چوقۇنىدىغان ساكلار، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ياشايدىغان ساكلار، ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار دەپ ئايرىلغان. تارىخچىلار ئۇلارنى كاسپىي ـ ئارال ـ مەۋەرائۇننەھر ساكلىرى، سىر ـ يەتتىسۇ ـــ ئالتاي ساكلىرى، فەرغانە ـ ئالاي ـ تەڭرىتاغ ساكلىرى دەپ ئاتىغان. ئومۇمەن، قەدىمكى زاماندا ھازىرقى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىن قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغىچە سوزۇلغان كەڭ رايونلارنىڭ ھەممىسى شۇ جايدا ياشىغان ئاساسىي خەلق ـــ ساكلارنىڭ نامى بىلەن «ساكىيان» دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم. يەتتىسۇ رايونى بىلەن ئالتاي تاغلىق رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىنلاردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ھەر خىل يېزىقتىكى تارىخنامىلەردىكى بايانلار بويىچە تەھلىل قىلغاندا، مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا ئىلى دەرياسى ۋادىسى، ئىسسىقكۆل رايونى ساكلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پائالىيەت مەركىزى بولغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە ئۇلار ھازىرقى پامىر تاغلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇلار ئۆز دەۋرىدە قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ ياشاپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن

شۇغۇللانغان[5]. ئومۇمەن، يۇقىرىدىكى ئىككى رىۋايەت ساكلارنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 — 5 - ئەسىرلەردىكى تارىخىنى ئىزچىللىق بىلەن مەلۇم جەھەتتىن ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

**«باتۇر تەڭرىقۇت» رىۋايىتى** بۇ خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن رىۋايەت. ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە، (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردە) ھۇن دۆلىتىگە تۇمەن تەڭرىقۇت ئاتلىق بىر كىشى پادىشاھ بوپتۇ. ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقتىن، چوڭ خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى باتۇرنى تەختىگە ۋارىس قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. لېكىن، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز قارارىدىن يېنىۋېلىپ، باتۇرنىڭ ئورنىغا توقىلىدىن بولغان ئوغلىنى كۆرسىتىپتۇ ھەمدە بۇ قارارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چوڭ ئوغلى باتۇرنى ھازىرقى گەنسۇدا ياشايدىغان ياۋچىلار ئېلىگە تۇرغاقلىققا ئەۋەتىپتۇ (قەدىمكى زامان دىپلوماتىيەسىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن، بىر تەرەپ ئىككىنچى بىر تەرەپكە ئۆز ئوغۇللىرىدىن بىرسىنى تۇرغاقلىققا ئەۋەتىدىغان ئىش بار ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا ھۇنلار بىلەن ياۋچىلار پات - پات ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشماسلىق ھەققىدە ئەھدە تۈزۈلگەنلىكتىن، ئەنە شۇ ئەھدىگە ئاساسەن ھۇن تەڭرىقۇتى تۇمەنخان ئوغلى باتۇرنى ياۋچىلارغا تۇرغاقلىققا ئەۋەتكەن). بۇنىڭغا باتۇرنىڭ قورسىقى كۆپۈپ راسا ئاچچىقى كەپتۇ. چۈنكى، تۇرغاقلىققا ئەۋەتىلگەن بالىلارنىڭ ھاياتى كۆپىنچە خەتەرگە ئۇچرايدىكەن. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدە بۇزۇلغان ھامان گۆرۈگە ئېلىنغان بالىلار دەرھال قەتل قىلىنىدىكەن. بۇ ئەھۋالنى ياخشى چۈشەنگەن باتۇر دائىم تىڭتىڭلاپ يۈرۈپتۇ. ئەگەر ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدە بۇزۇلسا دەرھال ياۋچىلار يېرىدىن قېچىپ كەتمەكچى بوپتۇ. دېگەندەك ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەھدە بوزۇلۇپ، ئۇرۇش پارتلاش ھالىتىگە يېتىپ

قاپتۇ. بۇنى ئالدىن سەزگەن باتۇر ياۋچىلارنىڭ پادىشاھى مىنىدىغان يۇگۇرۇك ئاتقا مىنىپ قېچىپتۇ. ياۋچىلار بۇنى سېزىپ قېلىپ ئارقىسىدىن قوغلىغان بولسىمۇ يېتەلمەپتۇ، باتۇر ئاخىر گەنسۇنىڭ جاڭيې دېگەن يېرىدىن نىڭشيادىكى تەڭرى قۇملۇقى ئارقىلىق ھۇنلار پايتەختىگە (ھازىرقى كۆكخوت ئەتراپىغا) يېتىۋاپتۇ. ئوغلى باتۇرنىڭ ھوشيار، قەيسەر، باتۇرلۇقىغا قايىل بولغان ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇت ئۇنى ھۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى تەربىيەلەشكە قويۇپتۇ، بۇ ياخشى ئىمكانىيەتنى قولغا كەلتۇرگەن باتۇر دەرھال ئوقىدىن ئاۋاز چىقىدىغان بۇرغىلىق ئوقيانى ئىجاد قىپتۇ ھەمدە تەربىيەلەۋاتقان ئاتلىق لەشكەرلەرگە: «مەن مۇشۇ ئوقنى نېمىگە قارىتىپ ئاتسام، سىلەرمۇ شەرتسىز، ئۇزۇكسىز ھالدا شۇ نەرسىنى نىشان قىلىپ ئاتىسىلەر، ئەگەر بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىغان بولساڭلار ھەممىڭلارنىڭ بېشىنى ئالىمەن» دەپتۇ. بىر كۇنى باتۇر بۇرغىلىق ئوقيانى ئۆزى مىنىدىغان ئېتىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ، ئەمما لەشكەرلەر باتۇرنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېتىنى ئېتىشقا كۆزى قىيماي جىم تۇرۇپتۇ. باتۇر باشتا ئېيتقان پەرمانىغا ئاساسەن بۇيرۇقنى ئورۇنلىمىغان ئاتلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. ئۇ يەنە: «بۇنىڭدىن كېيىن كىمدىكىم مېنىڭ بۇرغىلىق ئوقۇم نىشانغا ئالغان نەرسىنى ئاتمايدىكەن، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ھازىر كاللىسى كېسىلگەنلەر بىلەن ئوخشاش بولىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىر كۇنى باتۇر ئۆزى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان خوتۇنىنى ئېتىپتۇ، ئەمما بۇ قېتىممۇ ھېچبىر لەشكەر بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلاشقا جۇرئەت قىلالماپتۇ. ئاخىر ئۇلارنىڭمۇ بېشى كېسىلىپتۇ. ئىككى قېتىملىق پاجىئەدىن تەجرىبە ـ ساۋاق ئالغان ئاتلىقلار ئاخىر باتۇرنىڭ دېگىنىگە كۆنۈپتۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە تەڭرىقۇت تۇمەن ئوردا بەگلىرى ۋە توقلىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. باتۇر بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاۋۋال كىچىك ئانىسىنى،

ئۇكىسىنى، ئۆزى يامان كۆرىدىغان ئوردا بەگلىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، باتۇر نېمىنى نىشان قىلسا، ئاتلىقلارمۇ ئۇنىڭغا تەڭ ماسلىشىپ شۇنى ئېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، باتۇر مەقسىتىگە تولۇق يېتىپ، ئاخىر هۇنلار تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ⑥.

بۇ رىۋايەت خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى سىما چيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ «هۇنلار تەزكىرىسى» دە قىسقىچە يېزىپ قالدۇرۇلغان. تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، رىۋايەتتە بايان قىلىنغان ۋەقە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 210 — 209 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. شۈبهىسىزكى، بۇ رىۋايەت مۇشۇ ۋەقەدىن خەۋەردار هۇنلار تەرىپىدىن سىما چيەنگە يېتىپ ئۇنىڭ قەلىمىگە ئېلىنغانلىقى ئېنىق. بۇ رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان هۇنلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردە هازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى خېتاۋ رايونى ۋە داچىڭشەن تېغى (چۇغاي تېغى) ئەتراپىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان خەلق بولۇپ، ئۇلار ناهايىتى بۇرۇنلا قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ شەكىللەنگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى باتۇر تەڭرىقۇت تەختكە چىققان دەۋردە هۇنلار كۆچىيىپ ئەتراپىدىكى نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، شەرقتە هازىرقى لياۋخې دەرياسىغىچە، غەربتە پامىرغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە، جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىغىچە بولغان رايونلارنى بويسۇندۇرغان ۋە ئالدى بىلەن موڭغۇل چۆللۈكىنىڭ جەنۇبى، كېيىن شىمالىنى مەركەز قىلىپ كۈچلۈك هاكىمىيەتنى قۇرغان⑦. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلار چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تەخمىنەن 300 يىلدىن ئارتۇق دەۋر سۈرگەن. كېيىن ئۇلار هەر خىل ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پارچىلىنىپ، بىر قىسمى جەنۇبقا، بىر قىسمى غەربكە كۆچكەن، بىر قىسمى ئۆز جايىدا قالغان. جەنۇبقا كۆچكەن قىسمى مىلادىيە 3 - ئەسىردىن مىلادىيە 5 - ئەسىرگىچە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا بىرمۇنچە خانلىقلارنى قۇرۇپ تەخمىنەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

200 يىل پائالىيەت قىلغان. غەربكە كۆچكەن قىسمى ياۋروپاغىچە بېرىپ، ئۇ يەردە قۇدرەتلىك ھۇن پادىشاھلىقىنى قۇرغان⑧. ئومۇمەن يۇقىرىقى رىۋايەت ھۇنلارنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىكى تارىخىنى مەلۇم جەھەتتىن ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

**«ئۇيغۇر ئېلى» رىۋايىتى** مەزكۇر رىۋايەت ئىككى مەنبەدىن يېتىپ كەلگەن. بىرسى، خوجا رەشىددىن «جامىئۇل تەۋارىخ» دېگەن ئەسىردە قالدۇرغان نۇسخا، يەنە بىرسى، ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن ئەسىردە قالدۇرغان نۇسخا، بۇ ئىككى نۇسخىدا ئاساسەن پەرق يوق. چۈنكى، ئەبۇلغازى باھادىرخان بۇ رىۋايەتنى «جامىئۇل تەۋارىخ»تىن ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

«موغۇل يۇرتىنىڭ كۈنپېتىشىدا بىر تاغ باردۇركى، ئۇنىڭ ئېتى ‹قۇتتاغ› دېيىلىدۇ. مەزكۇر تاغنىڭ بىر تەرىپىدە ئاقىدىغان ئون ساي، يەنە بىر تەرىپىدە توققۇز ساي باردۇر. بۇ سايلارنىڭ بارچىسى ئۇلۇغ سايلاردۇر. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر ئېلى شۇ سايلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئون سايدا ئولتۇرغانلار ‹ئون ئۇيغۇر›، توققۇز سايدا ئولتۇرغانلار ‹توققۇز ئۇيغۇر› دېيىلەتتى. شەھەرلىرى، كەنتلىرى ۋە ئېلى (خەلقى) كۆپ ئىدى. 120 ئۇرۇق ئىدى. بىر كىشىنى پادىشاھلىققا كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلمايتتى. شۇ سەۋەبتىن، بىر ـ بىرلىرى بىلەن ياۋ بولۇشۇپ بۇزۇلىشار ئىدى. بىر كۈنى ھەممىسى يىغىلىپ كېڭەشتى ۋە ئېيتىشتىكى: بىز ئىككى ئەلمىز، ھەرقايسىمىز بىر كىشىنى تۆرە قىلايلۇق، كىم ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىسا، بېشىنى كەستۇرسۇن ۋە مېلىنى ئالدۇرسۇن (بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلسۇن) دېيىشتى. ئون ئۇيغۇر ئېلىدىكىلەر ‹مۇنرۇقاي› (رەشىددىنىنىڭ نۇسخىسىدا ‹مانقۇي›) ئاتلىق كىشىنى تۆرە كۆتۈرۈپ، ‹ئېل ئېلتەر›، دەپ نام قويۇشتى. توققۇز ئۇيغۇر ئېلىدىكىلەر بىر كىشىنى تۆرە قىلىپ كۆتۈرۈپ، ‹كۈل ئېركىن›

دەپ نام قويۇشتى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوغلانلىرى يۈز يىلغىچە تۆرىلىك قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر ئۇيغۇر بولدى... ئۇنىڭدىن كېيىن كىم تۆرە بولسا، ئۇنى ‹ئىدىقۇت› دەپ ئاتايدىغان بولدى...»⑨

رىۋايەتنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تەشكىل تېپىشى توغرىسىدىكى قىسمى يۇقىرىقىدىن ئىبارەت. رىۋايەتنىڭ كېيىنكى قىسمى، يەنى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ كېتىشى كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلەر، يەنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پارچىلىنىشىغا باغلىق ھادىسىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن، ئېھتىمال رىۋايەتنىڭ بۇ قىسمى ئاشۇ تارىخىي ھادىسىلەردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇلار تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ رىۋايەتتە قالدۇرغان ئىزى ياكى ئۇلارنىڭ رىۋايەت سۈپىتىدە ئەكس ئەتكۈزۈلگەنلىكى بولۇشى مۇمكىنكى، رەسمىي تارىخنامىلەردە يېزىلغان ۋەقەلەرنىڭ ئۆزگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

بۇ رىۋايەتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بۆلۈنمە ھالىتىدىن بىرلىشىش جەريانىغا ئۆتكەن تارىخىي يۈزلىنىشىنى رىۋايەتكە خاس ۋەقەلەر ئىزچىللىقى بىلەن ئەكس ئەتكۈزۈپ بەرگەن. شۇنداقلا، رەسمىي تارىخنامىلەردە قوللىنىلغان «توققۇز ئۇيغۇر» (توققۇز ئوغۇز)، «ئون ئۇيغۇر» قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى خەلق رىۋايەتلىرىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئىزاھلىغان.

**«بۆكۈ خان» رىۋايىتى** بۇ رىۋايەتنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە ساقلانغان نۇسخىسى مىلادىيە 1344 ـ يىلى تىكلەنگەن «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى»دە خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن قالسا، بۇ رىۋايەتنى رەشىددىن «جامىئۇل تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدە ۋە جۇۋەينى «تارىخى جاھانكۇشاي» دېگەن ئەسىرىدە بەدىئىي جەھەتتىكى بىرمۇنچە ئۆزگەرتىشلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىپچىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

«قەدىم زاماندا ئۇيغۇرلار يۇرتىدا قاراقورۇم دەيدىغان بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇغلا ۋە سېلىنگا دېگەن ئىككى دەريا بار ئىكەن. ئىككى دەريا قوشۇلغان جايدا ئىككى تۈپ دەرەخ بولۇپ، بىرسى شەمشاد، بىرسى ئارچا ئىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مانا مۇشۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇتلا بىر كىچىك دۆڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ ۋە كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئېگىزلەشكە باشلاپتۇ. دۆڭنىڭ ئۈستىدىن ئەتراپقا يوپيورۇق نۇر چېچىلىپ تۇرىدىكەن ھەم ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى دۆڭدىن ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. يۇرت ئاقساقاللىرى ئەلنى باشلاپ كېلىپ ئىچىگە كىرىپ قارىسا، كۈمۈشتىن ياسالغان بەش بۆشۈكتە بىردىن سېمىز ئوغۇل بوۋاق ئېمىزگۈ ئېمىپ ياتقۇدەك. كىشىلەر ھەيرانلىق بىلەن بوۋاقلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ . يۇرت ئاقساقاللىرى بەش ئېمىكئانا بەلگىلەپ، بوۋاقلارنى ئېمىتىپ بېقىپ چوڭ قىپتۇ. بالىلار تىلى ۋە ئايىغى چىققاندىن كېيىن ھەر كۈنى ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ قېشىغا بېرىپ چوقۇنۇپتۇ. دەرەخلەر خۇددى ئادەمدەك زۇۋانغا كىرىپ، ئۇلارغا ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بولۇپ ئۆسۈش ھەققىدە ئۈگۈت بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بالىلار بىر ـ بىردىن زېرەك، ئەقىللىك بولۇپ چوڭ بولۇشۇپتۇ. پۈتۈن ئەل بۇ بالىلارغا قايىل بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە باش قىپتۇ. بۇ بالىلارنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى شۇڭقار تېگىن، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى قۇتچۇر تېگىن، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى بۇقا تېگىن، تۆتىنچىسىنىڭ ئىسمى ئۇر تېگىن، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمى بۆكۈ تېگىن ئىكەن. بەش ئوغۇل مەسلىھەتلىشىپ ئەڭ ئەقىللىك، چىرايلىق، باتۇر بۆكۈ تېگىننى خان قىلىپ بەلگىلەپ، ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىپتۇ. بۆكۈ خان ئەلنى ئىدارە قىلغاندىن باشلاپ تەڭرى ئۇنىڭغا قۇت ئاتا

قىلىپ، ئەل ـ يۇرت ئاۋاتلىشىپ، چارۋا ماللىرى كۆپىيىپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭغا ئۈچ قۇش (شاتۇتى) ئىنئام قىلغان بولۇپ، بۇ قۇشلار نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. بۆكۇ خان بۇ قۇشلارنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە ئەۋەتىپ، ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇپتۇ....»[10]

رىۋايەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىل تېپىشى توغرىسىدىكى قىسمى شۇنىڭدىن ئىبارەت. رىۋايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ نۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇرغانلىقى، ئوردۇبالىق ۋە بالاساغۇن شەھەرلىرىنى بىنا قىلغانلىقى، كېيىن ئەل بويىچە كۆچۈپ بەشبالىق ئەتراپىغا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ رىۋايەتنىڭ بۇ قىسمىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۇچىيىشى ۋە ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشىدەك تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن، ئېھتىمال رىۋايەتنىڭ بۇ قىسمى ئاشۇ تارىخىي ھادىسىلەردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ رىۋايەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسى «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۇتېشى»دە ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، كېيىنچە ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ نەقىل قىلغانلىرى بولسا، ئۇنىڭ كېيىنكى ھادىسىلەر بىلەن قايتا بېزەلگەن ۋە بىرمۇنچە رېئال تۈس بېرىلگەن ۋارىيانتلىرىدۇر.

## شېئىر ـ قوشاقلار

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلقلەرگە مەنسۇپ شېئىر ـ قوشاقلار ئىچىدە «ھۇن قوشىقى»، «بەگقۇلى قوشىقى» ۋە «تېلې قوشىقى» تارىخىي قىممىتى يۇقىرى ۋەكىل خاراكتېرلىك قوشاقلار بولۇپ، تۆۋەندە بۇلار ئۈستىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختىلىمىز.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**«ھۇن قوشقى»** بۇ، ھۇنلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 121 ـ يىلى خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، تىلەن تېغى ۋە ئەنچى تېغىدىن (بۇ ئىككى تاغ ھازىرقى خېشى كارىدورىدا) ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن تارقالغان بىر قوشاق، ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كەلگىنى «ئايرىلىپ قالغاندا تىلەن تېغىدىن، ئاۋۇماس بولۇپ قالدى چارۋا مېلىمىز. ئايرىلىپ قالغاندا ئەنچى تېغىدىن، مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز ـ ئاياللىمىز» دېگەن مۇشۇ بىر كۇپلېتتىن ئىبارەت[11]. بۇ قوشاقتا ئاساسلىقى ھۇنلارنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي ھەم سىياسىي چېكىنىشتىن چەكسىز ھەسرەتلەنگەنلىكى روشەن ئىپادىلەنگەن.

**«بەگقۇلى قوشىقى»** «ۋاي كەلدى بەگقۇلى دېگەندە ئانا، توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇئان. دېيىشەر ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا، بولسىدى يىگىتىم بەگقۇلىسىمان» دېگەن مەزمۇندىكى بۇ قوشاق قانقىللار(تېلېلار)دىن قېلىپ قالغان. «ۋېينامە. قانقىللار تەزكىرىسى»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بەگقۇلى ئەسلىدە قانقىللارنىڭ قوغۇرسۇ (ياكى كۇلۇگ) قەبىلىسىنىڭ ھوشيار، يىراقنى كۆرەر، باتۇر ئاقساقىلى بولغان. مىلادىيە 402 ـ يىلى جۇرجانلارنىڭ قاغانى سەللان بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىدىكى قانقىللارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن ھەم ئۇلارنى يوقاتماقچى بولغان. لېكىن، «باتۇرلۇقتا ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان» بەگقۇلى قانقىللارغا باشچىلىق قىلىپ سەللانغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، ئۇنى ئېغىر مەغلۇپ قىلغان. كېيىن بۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ كەتكەن بەگقۇلى ۋە قانقىللار ھوشيارلىقنى يوقىتىپ قويغان، پۇرسەتتىن پايدىلانغان سەللان چېچىلىپ كەتكەن ئادەملىرىنى يىغىپ، قانقىللار غەلىبە تەنتەنىسىدىن شادلىنىپ بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان بىر كېچىدە ئۇلارنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. بەگقۇلى ئامان قالغان ئادەملىرىنى باشلاپ شىمالىي ۋېي

سۇلالىسىنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتكەن ھەم ئۇزاق ئۆتمەي شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە ۋاپات بولغان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاھى توباغۇي ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ئېچىنىپ، دۆلەت بويىچە ماتەم تۇتۇپ، چوڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. بەگقۇلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قانقىللار ئۆزلىرىنىڭ باتۇر ئوغلانى، سۆيۈملۈك يولباشچىسى بەگقۇلىنى سېغىنىپ يۇقىرىقى قوشاقنى توقۇغان[12].

**«تېلې قوشىقى»** «چوغاي تېغىنىڭ باغرىدىن ئاقار، تۇرالار دەرياسى ئويناپ ـ دولقۇنلاپ. ئاسمان گۈمبىزى بارگاھسىمان، تۇرىدۇ پايانسىز دالانى قاپلاپ. شۇنچە كۆك غۇبارسىز ساماۋى ئاسمان، دالالار بىپايان كۆرۈنمەيدۇ قاش، كۆرۈنۈپ قالار سانسىز چارۋا مال، شاماللار ئەسكەندە ئوتلار ئەگسە باش» دېگەن بۇ قوشاقمۇ مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە قانقىللاردىن قېلىپ قالغان.

تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ قوشاقنى مىلادىيە 546 ـ يىلى شەرقىي ۋېي پادىشاھلىقى (534 ــ 550 ـ يىللار) بىلەن غەربىي ۋېي پادىشاھلىقى (535 ــ 550 ـ يىللار) ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر قېتىملىق كەسكىن ئۇرۇشتا شەرقىي ۋېي پادىشاھى گاۋ خۇەننى قوللاپ ئۆز قوۋملىرىنى باشلاپ ئۇرۇشقا قاتناشقان قانقىللارنىڭ باشلىقى قوغۇرسۇ ئالتۇن توقۇغان. قوغۇرسۇ ئالتۇن (مىلادىيە 488 ــ 567 ـ يىللار) قانقىللارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى تېلېلارنىڭ(يەنى قانقىللارنىڭ) مەشھۇر سەردارى بەگقۇلى ئىدى. قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، قوغۇرسۇ ئالتۇن مىجەزى تۈز، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، ئەسكەر ئىشلىتىشكە كامىل، ھەربىي تەجرىبىسى مول، داڭلىق ھەربىي قوماندان بولۇپ، مىلادىيە 535 ـ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شەرقىي ۋېي ۋە غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىغا پارچىلىنىپ كەتكەندە، ئۇ شەرقىي ۋېي پادىشاھلىقىغا

ئەگەشكەن. شۇ چاغدا شەرقىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقى گاۋ خۇەننىڭ قولىدا بولۇپ، قوغۇرسۇ ئالتۇن گاۋ خۇەن بىلەن بىللە نۇرغۇن قېتىم جەڭگە قاتنىشىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەن. مىلادىيە 546 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گاۋ خۇەن زور قوشۇننى باشلاپ غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىغا قارشى ئاتلانغاندا، قوغۇرسۇ ئالتۇنمۇ بىللە ئاتلانغان، ئىككى تەرەپ قوشۇنى يۇگۇنكى سەنشىنىڭ يۈبى دېگەن يېرىدە كەسكىن جەڭ قىلغان، غەربىي ۋېي قوشۇنى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، شەرقىي ۋېي قوشۇنى 50 نەچچە كۈن جەڭ قىلىپمۇ يېڭەلمەي، كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. دەل شۇ چاغدا شەرقىي ۋېي قوشۇنى ئىچىدە پاتىپاراقچىلىق يۈز بېرىپ، پۈتۈن قوشۇن ھالاك بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالغان، بۇ چاغدا قوغۇرسۇ ئالتۇن دەرھال مۇشۇ «تېلې قوشىقى»نى ئېيتىپ، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا مەدەت بەرگەن، ئەسكەرلەر قوشاقنى ئاڭلاپ، يۇرتلىرىدىكى دەريا ـ ئېقىنلارنى، گۈزەل ـ يايلاقلارنى، چاپچىپ تۇرغان ئارغىماقلارنى، توپ ـ توپ يايلاۋاتقان چارۋا ماللارنى كۆرگەندەك بولۇپ، قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەن سېپىگە ئېتىلغان. كېيىن مىلادىيە 550 ـ يىلى گاۋخۇەننىڭ ئوغلى گاۋياڭ شىمالىي چى پادىشاھلىقىنى قۇرغاندا، قوغۇرسۇ ئالتۇن دەسلەپ شېنيايڭ بېگى، كېيىن خەلپەتبەگ بولغان، جۇرجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، يەنە باش ۋەزىر بولغان، مىلادىيە 567 ـ يىلى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن «تېلې قوشىقى» قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ نامى بىلەن بىللە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئېيتىلىپ، قانقىللارنىڭ ۋەتىنىنى سۆيۈش، يۇرتىنى قەدىرلەش تېمىسىدىكى قوشاق بولۇپ قالغان[13].

يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلقلەرگە ئائىت ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، شېئىر ـ قوشاقلار، بولۇپمۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئۇلارنىڭ

تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىگە باغلىنىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى، ئۆز ئېلىنى قانداق تەشكىل قىلغانلىقى ۋە قۇدرەت تاپتۇرغانلىقى، دۇچ كەلگەن بالايىئاپەتلەردىن قانداق قۇتۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى بىر خىل سىرلىق تۈستە ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە ئىنتىلىدىغان، غەلىبىنى ئۇلۇغلايدىغان، قەھرىمانلىققا چوقۇنىدىغان ئىدىيەۋى خاھىشىنى بىلىۋالغىلى بولغاندىن سىرت، مۇھىمى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي پائالىيىتىنىمۇ چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە ئەكس ئەتكەن ۋەقەلەر ۋە ئوبرازلار تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەينەن ئۆزى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھەرگىز تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ. بەلكى ئۇلار ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا مەيدانغا كېلىپ دەۋردىن ـ دەۋرگە ئۆتۈش بىلەن ئۇلارغا ئەنە شۇ دەۋرلەردە يۈز بەرگەن بەزى زور ۋەقەلەرنىڭ ئىزلىرى چۈشكەن، دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلغان.

ئومۇمەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلقلەرگە ئائىت ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، شېئىر ـ قوشاقلار ئۇلارنىڭ قەدىمكى تارىخىنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇق، قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشۇش باسقۇچىدا ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرىنى ئەڭ قولاي بولغان ئاغزاكى ۋاستە بىلەن خاتىرىلەپ، ئۆز تارىخىنى قالدۇرغان. بۇنى تارىخشۇناسلىقنىڭ بىخلىنىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

### ئىزاھلار:

①② لىڭخۇ دېفېن: «جۇنامە» 50 ـ جىلد «تۈركلەر»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1974 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③④ «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ــ رىۋايەتلىرى ـــ 1»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ــ يىلى 2 ــ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ــ نەشرى.

⑤ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ــ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ــ نەشرى 53 ـــ 56 ــ بەتلەر؛ يۇ تەيشەن: «ساك تارىخى تەتقىقاتى»، سودا باسمىخانىسى 2012 ــ يىلى 1 ــ ئاي خەنزۇچە 1 ــ نەشرى.

⑥سىما چيەن: تارىخىي خاتىرىلەر» 110 ــ جىلد «ھۇنلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ــ يىلى 9 ــ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ــ نەشرى.

⑦⑧ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ــ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ــ نەشرى، 150 ـــ 156 ــ بەتلەر؛ لىن گەن: «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ــ يىلى 1 ــ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ــ نەشرى.

⑨⑩ خوجا رەشىددىن فازىلۇللاھ : «جامىئۇل تەۋارىخ»، 1 ــ توم 1 ــ قىسىم، سودا باسمىخانىسى، 1983 ــ يىلى خەنزۇچە 1 ــ نەشرى.

⑪ سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 ــ جىلد «ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1982 ــ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

⑫⑬ ۋېي شۇ: «ۋېينامە» 103 ــ جىلد «قانقىللار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1974 ــ يىلى خەنزۇچە نەشرى ؛ لى يەنشۇ: «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 98 ــ جىلد «قانقىللار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1974 ــ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ــ يىلى 5 ــ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ــ نەشرى.

# 2 ـ باب  تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق ئىلمى

## تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھايات ھەم بۇ دەۋردىكى تارىخشۇناسلىق ئىلمى

مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، يەنى مىلادىيە 552 ـ يىلى تېلېلار (ياكى قانقىللار)غا مەنسۇپ بولغان، موڭغۇل يايلىقى، ئالتاي تېغى ۋە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك، جۈملىدىن تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشايدىغان ئاشىنا تۈركلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، جۇرجان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، موڭغۇل يايلىقىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنى مەركەز قىلىپ، داڭلىق كۆكتۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى. «كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى شەرقتە لياۋخەي دېڭىزىدىن غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا چوڭ قۇملۇقتىن شىمالدا شىمالىي دېڭىزغىچە (بايقال كۆلىگىچە) يەتتى»①. ھازىرقى شىنجاڭ رايونىمۇ بۇ تېررىتورىيە دائىرىسىدە بولدى. تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تۈرك قەبىلىلىرى خانلىقىنىڭ تەركىبىگە كىردى. تۈرك خانلىقى بىرلىككە كەلتۈرگەن رايونلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ، نۇرغۇن تۈركلەرنى موڭغۇل يايلىقىدىن بېقىندۇرۇلغان رايونلارغا كۆچۈرۈپ، بۇ رايونلاردىكى غەيرىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۈركلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى تۈركىي

خەلقلەرنىڭ بۇ جايدىكى مۇستەھكەم ئاساسىنى ئورناتتى②. كېيىن تۈرك خانلىقى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتتى ھەم ئۇلار بىر ـ بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلەندى. شەرقىي تۈركلەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق ھايات ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولسا، غەربىي تۈركلەردە كۆپىنچە ئاھالە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللاندى. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭكىدىن خېلىلا مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ خانلىقتىكى فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى.

تۈرك خانلىقىدا تاسپار قاغان مەزگىلىدە بۇددا دىنى تۈركلەر ئارىسىغا تارقىلىپ كىردى. مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن باشلاپ تۈركلەر قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىنى ئىشلەتتى. بۇنىڭ بىلەن يازما خاتىرىلەرنىڭ قالدۇرۇلۇشىغا شارائىت يارىتىلدى. نۆۋەتتە مەلۇم بولغان تۈرك خانلىقى دەۋرىگە ئائىت مۇھىم يازما يادىكارلىقلار قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا پۈتۈلگەن «بۇغۇت مەڭگۈتېشى»، «تونيۇقۇق مەڭگۈتېشى»، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» قاتارلىقلاردۇر. بۇلاردا تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى، تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، كۈچىيىشى، ئاجىزلىشىشى، تۈرك قاغانلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، ئۇلارنىڭ ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىش يولىدا ياراتقان تۆھپىلىرى، تۈرك خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى، باشقا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تۈركلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرى بىر خىل نازۇك شائىرانە تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن. بۇ مەڭگۈتاشلار دەۋرداش ۋە غەيرىي دەۋرداش بولغان خەنزۇچە ھەم باشقا تىل ـ يېزىقلاردىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى تولۇقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۇرك خانلىقىنىڭ تەركىبىدە بولغان ئۇيغۇرلار مىلادىيە 744 ـ يىلى كېيىنكى تۇرك خانلىقىنىڭ ئورنىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. ئۇيغۇر خانلىقى بەك كەڭ تېررىتورىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، خانلىق كۇچەيگەن مەزگىلدە زېمىنى بۇرۇنقى ھۇنلار، تۇركلەرنىڭ زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت يەنىمۇ كېڭەيدى، جۇملىدىن شەرقتە ھىنگان تاغلىرىغا، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىياغا، شىمالدا بايقال كۆلىگە، جەنۇبتا هازىرقى گەنسۇغا يەتتى. هازىرقى شىنجاڭ رايونى يەنىلا بۇ خانلىقنىڭ مۇھىم رايونى بولدى③. بۇ كەڭ تېررىتورىيەدىكى شەھەرلەردە يېڭى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر پەيدا بولدى، يېڭى ئىدېئولوگىيەلىك قاراشلار ۋۇجۇدقا كەلدى. ئېتنىك سىياسىي ئاڭ شەكىللەندى. يېڭى شەھەرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىققا ئۆتۈش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېڭى مەدەنىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت سەۋىيەسى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ئومۇمىيلىقىنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا ۋە باشقا خەلقلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشى جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ سوغدلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا بىر يېڭىلىق پەيدا بولدى. كۆچمەن چارۋىچى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئولتۇراقلىشىپ، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. تەرەققىيات نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كېلىپ راۋاجلىنىۋاتقان شەھەرلەردە سودا ـ سېتىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك راۋاجلىنىشقا باشلىدى. ئاھالىنىڭ بۇرۇنقى ئۇرۇق، قەبىلە سىستېمىسى بويىچە ئورۇنلىشىشى ۋە جايلىشىشى ئەمدىلىكتە يېڭى بىر سىستېما، يەنى تېررىتورىيە بويىچە ئورۇنلىشىشقا ئۆزگەردى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاتىدىن

بالىغا مىراس قېلىشى ئەمەلىيلىشىشكە باشلىدى. قاغان باشقۇرۇپ تۇرغان دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە بىر خىل دىنغا ۋە مەملىكەت بويىچە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل يېزىققا ئېھتىياجى چۈشتى④. مۇشۇ سەۋەب بىلەن مىلادىيە 762 ـ يىلى مانى دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەندى.

نۆۋەتتە ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇر خانلىقىغا ئائىت مۇھىم يازما يادىكارلىقلار ئاساسلىقى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى «بايانچۇر (1) مەڭگۈتېشى»، «بايانچۇر (2) مەڭگۈتېشى»، «تەس مەڭگۈتېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈتېشى»، «سېۋرېي مەڭگۈ تېشى»، «سۇجى مەڭگۈتېشى» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئاساسەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارغا قېرىنداش قەبىلىلەر تەرىپىدىن پۈتۈلگەن. بۇلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىيسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، باشقا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلاردىكى ئەدەبىي تەسۋىرلەر ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئىچكى مەزمۇننى نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ مەڭگۈتاشلارمۇ دەۋرداش ۋە غەيرىي دەۋرداش بولغان خەنزۇچە ھەم باشقا تىل ـ يېزىقلاردىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى تولۇقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## «بۇغۇت مەڭگۈتېشى»

بۇ مەڭگۈتاشنى 1956 ـ يىلى موڭغۇلىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى دورجى سورۇڭ موڭغۇلىيەدىكى بۇغۇت دېگەن جايدىكى تۈركلەر دەۋرىگە مەنسۇپ قەبرىستانلىقنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن تاپقان بولۇپ، بۇ مەڭگۈتاشنىڭ ئۈچ يۈزىگە جەمئىي 29 قۇر سوغدچە خەت

ئويۇلغان، تۆتىنچى يۇزىگە براھمى يېزىقى بىلەن 20 قۇر سانسكرىتچە خەت ئويۇلغان. رۇس تەتقىقاتچىلىرىدىن س. گ. كىلياشتورنى ۋە ۋ. ئا. لىۋشىۋاشوۋالارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇ مەڭگۇتاش مىلادىيە 580 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ماكان تېپىشقان ئىسسىملىك بىر تۈرك ئاقسۆڭەكنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئورنىتىلغان. مەڭگۇتاشتا تاسپار قاغاننىڭ تۈرك خانلىقىدا غايەت زور يېڭى بىر ئىبادەتخانا سالدۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ مەڭگۇتاشنىڭ تۆتىنچى يۇزىگە براھمى يېزىقى بىلەن ئويۇلغان 20 قۇر سانسكرىتچە خەت ئېھتىمال قەندىھارلىق بۇددا راھىبى جىنا گۇپتانىڭ قولى بىلەن يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان. بۇلار بۇددا دىنىنىڭ تاسپار قاغان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىلا تۈرك خانلىقىغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ⑤.

## «تونيۇقۇق مەڭگۇتېشى»

بۇ مەڭگۇتاش 1897 ـ يىلى موڭغۇلىيەنىڭ پايتەختى ئۇلانباتۇردىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باين چوقتۇ دېگەن جايدىن تېپىلغان بولۇپ، مىلادىيە 716 ـ يىلى ئورنىتىلغان. تونيۇقۇق كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ مۇشاۋىرى بولۇپ، خەنزۇچە ئۇقۇغان، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى پۇختا بىلىدىغان، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى، ئۇ ئۆمرىدە كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانلىرىدىن ئىلتەرىش قاغان (682 ـــ 691 ـ يىللار)، قاپاغان قاغان (691 ـــ 716 ـ يىللار) ۋە بىلگە قاغان (716 ـــ 734 ـ يىللار)لارغا باش مەسلىھەتچى بولغان ھەم كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ بەرپا بولۇش ۋە قۇدرەت تېپىشىغا ئاجايىپ زور ھەسسە قوشقان⑥. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار مانا مۇشۇ 682 ـ يىلىنى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان يىلى دەپ ھېسابلىشىدۇ.

«تونيۇقۇق مەڭگۈتېشى»نىڭ مەزمۇنى:

(1) بىلگە تونيۇقۇق مەن ئۆزۈم تابغاچ ئېلىدە ئۆستۈم. (ئۇ زامانلاردا) تۈرك خەلقى تابغاچقا قارايتتى. (2) تۈرك خەلقىنىڭ خانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تابغاچتىن ئايرىلدى ۋە (ئۆزلىرىگە) خان تىكلىدى. (كېيىن) خاقانىنى تاشلاپ يەنە تابغاچقا تەۋە بولۇپ قالدى. تەڭرى مۇنداق دېگەنىكەن: سىلەرگە خان بەردىم، (3) خانىڭلارنى تاشلاپ، تابغاچقا يەنە تەۋە بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن تەڭرى سىلەرگە ئۆلۈم بەردى. (شۇڭا) تۈرك خەلقى ئۆلدى. ھالاك بولدى، يوقالدى. تۈرك سىر خەلقى يېرىدە (4) بوي ئادەم قالمىدى، ئورمانلىق ۋە تاغ ـ دالالاردا قالغانلىرى يىغىلىپ يەتتە يۈز بولدى. بۇلارنىڭ ئىككى ئۈلۈشى ئاتلىق ئىدى. بىر ئۈلۈشى پىيادە ئىدى. بۇ يەتتە يۈز كىشىنى باشلاپ يۈرگۈچى (5) قوشۇن ئۇلۇغى شاد ئىدى. ئۇ ماڭا : (قوشۇنىمىزغا) قوشۇلغىن، دېدى. قوشۇلغان كىشى مەنكى بىلگە تونيۇقۇق ئىدىم. مەن ئۇنى خاقان قىلاي دېدىم. مەن مۇنداق ئويلىدىم: ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقا يىراقتا (6) ئۇسۇشسە، ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ. مەن ئاشۇنداق ئويلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن تەڭرى (ماڭا) ئەقىل بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەن (ئۇنى) خاقان (بولۇشقا دەۋەت) قىلدىم. بىلگە تونيۇقۇق بويلاباغا تارقان (7) ئىلتەرىس قاغان بىلەن بىرلىكتە، جەنۇبتا... شەرقتە قىتانلار، شىمالدا ئوغۇزلاردىن كۆپ ئۆلتۈردۇق. بىلگەسى، لەشكەر باشلىقى مەنلا ئىدىم. بىز چوغاي قوزى ۋە قاراقۇمدا ئولتۇراقلاشقاندۇق. (8) كېيىك يەپ، توشقان يەپ كۈن كەچۈرەتتۇق. خەلقىنىڭ قارنى توق ئىدى. دۈشمەنلىرىمىز ئەتراپىمىزدا قۇشلاردەك كۆپ ئىدى. بىز جانسىز ھايۋانلاردەك ئىدۇق. شۇنداق ئولتۇرغىنىمىزدا، ئوغۇزلاردىن چارلىغۇچى كەلدى. (9) چارلىغۇچىنىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى: توققۇز ئوغۇز (خەلقى) ئۈستىدە خاقان ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ تابغاچقا قۇنى

سەنگۈننى، قىتانغا تۇڭراسەمىنى (ئەلچىلىككە) ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار مۇنداق سۆزنى ئېلىپ بېرىپتۇ: ئازغىنا تۈرك خەلقى (10) ھەرىكەتلىنىپ يۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇر ئىكەن، مەسلىھەتچىسى دانىشمەن ئىكەن. ئۇ ئىككىسىلا بولىدىكەن، سەن تابغاچلارنى قىرىپ تاشلايدۇ، شەرقتە قىتانلارنى قىرىپ تاشلايدۇ، بىز ئوغۇزلارنى (11) قىرىپ تاشلايدۇ. تابغاچلار، سىلەر جەنۇبتىن تېگىڭلار! قىتانلار، سىلەر شەرقتىن تېگىڭلار! مەن شىمالدىن تېگەي! تۈرك سىر خەلقى يېرىگە خان يولاتمايلى، مۇمكىن بولسا، ئۇلارنى يوقىتايلى! (12) ئۇ سۆزنى ئىشىتىپ تۈنى ئۇيقۇم كەلمىدى، كۈندۈزى ئولتۇرغۇم كەلمىدى، ئاندىن كېيىن خاقانىمدىن ئۆتۈندۇم: تابغاچ، ئوغۇز، قىتان بۇ ئۈچى بىرلىشىۋالسا، (13) بىز تايانچىسىز قالىمىز، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن دۈشمەنگە تۇتۇلىمىز. يۇپقا نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشمۇ ئوڭاي؛ يۇپقا قېلىن بولۇپ كەتسە ئۇنى ئېگىش تەسكە چۈشىدۇ، ئىنچىكە (14) توم بولۇپ كەتسە ئۇنى سۇندۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ؛ شەرقتە قىتانلاردىن، جەنۇبتا تابغاچتىن، غەربتە قۇردانىدىن، شىمالدا ئوغۇزلاردىن بولۇپ ئىككى - ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن كېلىشى مۇمكىن. مەن (خاقانىمغا) شۇنداق دېدىم. (15) خاقانىم مەن ئۆزۈم — بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئۆتۈنگەن ئۆتۈنچۈمگە قوشۇلدى. «ئۆز كۆڭلۈڭچە ئىش قىلىۋەر» دېدى. كۆك ئوڭدىن يۇقىرىلاپ قوشۇننى ئۆتۈكەن تاغقا باشلىدىم. ئوغۇزلار ئىنەك كۆلۈكلىرى بىلەن توغلا (دەرياسى)دىن كەلدى. (16) (ئۇلارنىڭ) ئەسكىرى ئۈچ مىڭ ئىكەن، بىز ئىككى مىڭ ئىدۇق. سوقۇشتۇق، تەڭرى ساقلىدى... تارمار قىلدۇق. (ئۇلار) دەرياغا چۈشتى. قايتىش يولىدا يەنە (ئۇلارنىڭ) نۇرغۇنى ئۆلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزلارنىڭ ھەممىسى كەلدى. (17) تۈرك خاقانىنىڭ، تۈرك خەلقىنىڭ ئۆتۈكەندە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مەنكى بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئۆتۈكەندە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، جەنۇبتىكى

خەلقلەر ۋە غەربتىكى، شىمالدىكى، شەرقتىكى خەلقلەرنىڭ بارلىقى كېلىشتى. (18) بىز ئىككى مىڭ ئىدۇق، ئىككى قوشۇن بولدى. تۈرك خەلقى خەلق بولغاندىن، تۈرك خاقانى تەختكە ئولتۇرغاندىن بۇيان سەندۇڭ شەھەرلىرىگە، دەريا ـ دېڭىزلارغا تېگىپ باقمىغانىدى. خاقانىمغا ئۆتۈنۈپ قوشۇن تارتتىم. (19) لەشكەرلىرىمنى سەندۇڭ شەھەرلىرىگە ۋە دەريا ـ دېڭىزلارغا ھۇجۇم قىلدۇردۇم. (ئۇلار) يىگىرمە ئۈچ شەھەرنى ۋەيران قىلدى. بۇ يۇرتلار خارابىلەرگە ئايلاندى. تابغاچ خاقانى دۈشمىنىمىز ئىدى، ئون ئوق خاقانى دۈشمىنىمىز ئىدى. (20) بۇنىڭدىن باشقا قىرغىز كۈچلۈك ..... خاقانىمۇ دۈشمىنىمىز بولدى. ئۇ ئۈچ خاقان مەسلىھەتلىشىپ، ئالتۇن (ئالتاي) تېغىدا ئۇچراشماقچى بوپتۇ. ئۇلار مۇنداق مەسلىھەتلىشىپتۇ: بىز شەرقتىن تۈرك خاقانىغا قوشۇن چىقىرايلى، ئۇنىڭغا ئەسكەر چىقارمىساق، (21) ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇر، ئەقىلدارى دانىشمەن ئىكەن، ئاخىر بىر كۈنى بىزنى بەربىر يوقىتىدۇ. ئۈچەيلەن (بىللە) قوشۇن چىقىرايلى، ئۇنى يوقىتايلى، دېيىشىپتۇ. تۈركەش خاقانى مۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ خەلقىم ئۇ يەرگە بارىدۇ. (22) تۈرك خەلقى ھەقىقەتەن بۇلغىنىپ (قالايمىقانلىشىپ) كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغۇزلارمۇ تارقىلىپ كەتتى. ئۇنى ئاڭلاپ تۈنى ئويقۇم كەلمىدى، كۈندۈزى ئولتۇرغۇم كەلمىدى. شۇ چاغدا مەن: (23) ... ئالدى بىلەن قىرغىزلارغا ئۇرۇش قىلساق ياخشىراق بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. كۆگمەن (تېغى) غا بارىدىغان يول بىرلا ئىكەن، ئۇنى (قار) قاپلىۋاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، بۇ يولدا ماڭساق بولماسمىكىن دېدىم. يولچى ئىزدىدىم. چولگىدىكى ئاز پۇقراسىدىن بىرنى تاپتىم. (24) ئاز يېرىگە بارىدىغان يولنىڭ ئانى دەرياسىغا (يېقىن) ئىكەنلىكىنى، پەقەت بىرلا ئات بىلەن مېڭىشقا بولىدىغان تار يول ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مەن ئۇنىڭدىن (يەنە) سورىسام، ئۇ بۇرۇن بىر ئاتلىق كىشىنىڭ بۇ يول بىلەن ماڭغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يول بىلەن

ماڭساق بولىدىكەن دېدىم، ئويلاندىم، خاقانىمدىن (25) ئۆتۈندۈم. قوشۇن چىقارتتىم. ئات بىلەن دەريادىن ئۆتۈڭلار، دېدىم. ئاق تەرمەل دەرياسىغىچە يۈرۈش قىلدۇردۇم. ئاتلارغا مىنىپ، قارلارنى بۆسۈپ ماڭدۇق. ئاتلارنى يېتىلەتكۈزۈپ، تاياقتا تاياندۇرۇپ پىيادە (تاغقا) چىقارغۇزدۇم. سەركەردىلەر (26) قار ـ مۇزلارنى ئاچتى، بىز ئورمانلىق چوققىلاردىن ئاشتۇق. ناھايىتى مۈشكۈلدە تاغدىن چۈشتۇق. ئون كېچە ـ كۈندۈز (تاغ) يېنىدىكى توسالغۇلارنى ئەگىپ يۈرۈپ ماڭدۇق. يولچى ئاداشقاچقا بوغۇزلاندى. خاقانىمىز ئەنسىرەپ، تېز مېڭىڭلار، دېدى. (27) بىز ئانى دەرياسىغا يېتىپ باردۇق. ئۇ دەريانى بويلاپ تۆۋەنگە ماڭدۇق. يولدا قوشۇننى ساناش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشۈردۇق، ئاتلارنى دەرەخلەرگە باغلاپ قويدۇق... تۈننى تۈن دېمەي، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي شامالدەك تېز يۈردۇق. قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا بېسىۋالدۇق. (28) بىز نەيزە بىلەن... نى ئاچتۇق. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ خاقانى ۋە لەشكەرلىرى توپلىنىپ بوپتىكەن. ئۇرۇشتۇق، سانجىشتۇق، خاقانىنى ئۆلتۈردۇق. قىرغىز خەلقى خاقانىمىزغا بويسۇندى، يۈكۈندى. بىز ياندۇق. كۆگمەن تېغىنى ئەگىپ، (29) قىرغىزلارنىڭكىدىن ياندۇق. تۈركەش خاقانىدىن چارلىغۇچى كەلدى. ئۇنىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى: بىز شەرقتىن (تۈرك) خاقانىغا لەشكەر چىقارمىساق، ئۇلارغا يۈرۈش قىلمىساق، (ئۇلار) بىزنى ئۆلتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇر، ئەقىلدارى دانىشمەن ئىكەن. ئاخىر بىر كۈنى (30) بىزنى ئۆلتۈرىدۇ، دەپتۇ. تۈركەش خاقانى يولغا چىقىپ بوپتۇ، ئون ئوق خەلقى پۈتۈنلەي قوزغىلىپ بوپتۇ، (بۇلارنىڭ ئىچىدە) تابغاچ ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇ گەپلەرنى ئىشىتىپ، خاقانىم: «مەن ئۆيگە بېرىپ كېلەي، (31) خوتۇنۇم قازا قىپتۇ، ئۇنى دەپنە قىلىۋېتەي، سىلەر قوشۇننى باشلاپ ئىلگىرىلەۋېرىڭلار، ئالتاي تېغىغا ئورۇنلىشىڭلار، ئىنەل خاقان بىلەن تاردۇش شاد لەشكەر بېشى بولۇپ ئىلگىرىلىسۇن» دېدى. ئۇ مەنكى بىلگە تونيۇقۇققا مۇنداق دېدى: (32) «بۇ قوشۇنغا

www.uyghurkitap.com

يېتەكچىلىك قىل. قىيىن (ئىشلاردا) ئۆز كۆڭلۇڭچە قارار چىقىرىۋەرگىن! مەن ساڭا (يەنە) نېمە دەي؟ ئەگەر ئۇلار كېلىپ قالسا، خەۋەرچىلەرنى كۆپەيتكىن، كەلمىسە ‹تىل› (ئەسىر) تۇتۇپ سۆزىنى توپلاپ تۇرغىن» دېدى. بىز ئالتۇن (ئالتاي) تېغىدا ئولتۇراقلاشتۇق. (33) ئۈچ پايلاقچى قايتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئوخشاش ئىدى: ئون ئوق خاقانى قوشۇن چىقىرىپتۇ، ئون ئوق قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي قوزغىلىپتۇ. ئۇلار بىز يارىس تۈزلەڭلىكىدە توپلىنايلى، دېيىشىپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ خاقانغا مەلۇم قىلدىم. قانداق قىلساق بولار؟ (دەپ تۇرغىنىمدا) يەنە جاۋاب كەلدى (34) «ئورنۇڭلاردا تۇرىۋېرىڭلار، ئاتلىق قاراۋۇللارنى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇڭلار» دېگەن گەپلەرنى بۆگۈ خاقان ماڭا ئەۋەتىپتۇ. لېكىن، ئۇ ئاپا تارقانغا يەنە: «بىلگە تونيۇقۇق يامان ئادەم، قارا نىيىتى بار، (35) ئەگەر ئۇ قوشۇن چىقىرىمەن دېسە، ئۇنىماڭلار» دەپ مەخپىي گەپ ئەۋەتىپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، قوشۇن چىقاردىم. بىز ئالتۇن (ئالتاي) تاغىنىڭ يولسىز جايلىرىدىن ئاشتۇق، ئېرتىش دەرياسىنىڭ كېچىكسىز جايلىرىدىن كېچىپ ئۆتتۇق، بىز تۈن بويى ئىلگىرىلىدۇق، بولچۇغا تاڭ يورۇغاندا تەگدۇق. (36) «تىل» (ئەسىر) كەلتۈرۈلدى، ئۇ يارىس تۈزلەڭلىكىدە ئون تۈمەن ئەسكەر توپلاندى، دېدى. بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن، بەگلەرنىڭ ھەممىسى: (37) يانايلى! ساپ نومۇس ئەلا! («شەرەپلىك مەغلۇپ بولغان ياخشى» دېگەن مەنىدە) دېدى. مەنكى بىلگە تونيۇقۇق ئۇلارغا: بىز ئالتۇن (ئالتاي) تاغدىن ئېشىپ، ئېرتىش دەرياسىدىن (38) ئۆتۈپ (بۇ يەرگە) كەلدۇق، كەلمىگۈمىز قىيىنغا چۈشتى. كەلگىنىمىزنى ئۇلار تۇيمىدى. تەڭرى، ئۇماي، مۇقەددەس يەر ـ سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ. بىز (يەنە) نېمىشقا تېزىپ كېتىمىز؟ (39) ئۇلارنىڭ ئادىمىنىڭ كۆپلۈكىدىن نېمە ئۈچۈن قورقۇپ كېتىمىز؟ ئادىمىمىزنىڭ ئازلىقى تۈپەيلى ئۇلاردىن يېڭىلىپ قالاتتۇقمۇ؟ تېگەيلى! دېدىم. تەگدۇق، يېڭىپ

چىقتۇق. ئىككىنچى كۈنى ئۇلار يەنە كەلدى. (40) ئۇلار ئوتتەك قىزىپ كەلدى. سوقۇشتۇق. ئۇلارنىڭ ئىككى قاناتتىكىلىرى بىزنىڭكىلەردىن سىڭارچە (يېرىم ھەسسە) كۆپ ئىدى. تەڭرى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن (41) قورقۇپ كەتمىدۇق. سوقۇشتۇق. تاردۇش شاد جەڭگە قاتناشتى. بىز يەڭدۇق. خاقانىنى تۇتتۇق. يابغۇسى ۋە شادى (42) شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى. ئەللىكچە ئادىمىنى تۇتتۇق. شۇ كېچىسى ھەرقايسى قەبىلىلەرگە (ئەلچى) ئەۋەتتۇق. بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ ئۇن ئوق بەگلىرى ۋە خەلقى پۈتۈنلەي (43) كەلدى، يۈكۈندى. ئەل بولغان بەگلەر ۋە خەلقلەرنى تەشكىللەۋاتقىنىمدا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قېچىپ كەتتى. ئۇلارنى قوغلاشقا ئۇن ئوق ئەسكەرلىرىنى چىقارتتىم. (44) بىزمۇ ئەسكەر چىقاردۇق، ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ ماڭدۇق، يىنچۇ (ئۈنچە) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، «تەڭرى ئوغلى» دەپ ئاتىلىدىغان مۇقەددەس ئاق تاغدىن ئاشتۇق. (45) تاكى تۆمۈر قاپىقىغىچە باردۇق. قوشۇننى شۇ يەردىن ياندۇردۇق. ئىنەل خاقان.... ساقا، تەزىك، توقرى (46) ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئاسۇق باشچىلىقىدىكى سوغداق خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى، يۈكۈندى... تۈرك خەلقى تۆمۈر قاپىقىغا (47) ۋە (تەڭرى ئوغلى) دەپ ئاتىلىدىغان تاغقا ئەزەلدىن تېگىپ باقمىغانىدى. مەنكى بىلگە تونيۇقۇق ئۇ يەرگە يۈرۈش قىلدۇرغانلىقىم ئۈچۈن (48) ئۇلار (سوغداقلار) سانسىزلىغان سېرىق ئالتۇن، ئاق كۈمۈش، قىز ـ ئاياللارنى، ئېسىل ئېگەر ـ جابدۇق ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى كەلتۈردى. ئىلتەرىس خاقان دانا بولغانلىقى ئۈچۈن، (49) باتۇر بولغانلىقى ئۈچۈن تابغاچ بىلەن ئون يەتتە قېتىم سوقۇش قىلدى، قىتانلار بىلەن يەتتە قېتىم سوقۇشتى، ئوغۇزلار بىلەن بەش قېتىم ئۇرۇش قىلدى. شۇ چاغدىمۇ ئەقىلدارى (50) يەنىلا مەن ئىدىم، ياغىچىسى (تەشكىللىگۈچىسى) يەنىلا مەن ئىدىم. ئىلتەرىس خاقانغا، تۈرك بۆگۈ خاقانغا، تۈرك بىلگە خاقانغا... (51) قاپاغان خاقان يىگىرمە

يەتتە ياش ۋاقتىدا، مەن قاپاغان خاقانغا ياردەملىشىپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم. تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم، (52) كۈندۈزى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم. قىزىل قانلىرىمنى تۆكتۈم، قارا تەرلىرىمنى ئاقتۇردۇم . مەن (دۆلەت) ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم. مەن ئۆزۈم يەنە ئاتلىق قوشۇن چىقاردىم. (53) مەن ئوردا قاراۋۇللىرىنى (؟) كېڭەيتتىم. يېنىپ ـ يېنىپ تۇرغان دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇردۇم. خاقانىم بىلەن بىللە (كۆپ قېتىم) جەڭگە قاتناشتىم. تەڭرى ساقلىدى. (54) مەن تۈرك خەلقى زېمىنىدا تولۇق قوراللانغان دۈشمەنلەرنى ماڭدۇرمىدىم. بەلگىسى بار ئاتلارنىڭ ھەممىلا يەردە چېپىپ يۈرۈشكە يول قويمىدىم. ئىلتەرىس خاقان تىرىشمىغان بولسا، (55) ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشمىغان بولسام، دۆلەت ۋە خەلق يوق بولغان بولاتتى. ئۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن، (56) دۆلەت يەنىلا دۆلەت بولدى، خەلق يەنىلا خەلق بولدى. ئۆزۈم قېرىدىم، ئۇلۇغ بولدۇم. ھەرقانداق يەردىكى خاقانلىق خەلقلەردە (57) مەندەك ئادەم بولىدىكەن، ئۇلاردا نېمە غەم بولسۇن. (58) تۈرك بىلگە خاقان ئېلىگە، مەنكى بىلگە تونيۇقۇق (بۇ مەڭگۈتاشتىكى سۆزلەرنى) يازدۇردۇم. (59) ئىلتەرىس خاقان تىرىشمىغان بولسا، مەن ئۆزۈم — بىلگە تونيۇقۇق تىرىشمىغان بولسام، مەن بولمىغان بولسام، (60) قاپاغان خاقان ۋە تۈرك ـ سىر خەلقى تۇپرىقىدا ئادەم ـ ئىنسان بولمىغان بولاتتى. (61) ئىلتەرىس خاقان ۋە مەنكى بىلگە تونيۇقۇق تىرىشقانلىقىمىز ئۈچۈن، قاپاغان خاقان ۋە تۈرك سىر خەلقى مۇشۇنداق ياشاپ قالالىدى. (62) تۈرك بىلگە خاقان تۈرك سىر خەلقىنى، ئوغۇزلارنى باقماقتا⑦.

## «كۆل تېگىن مەڭگۈتېشى»

بۇ مەڭگۈتاش 1889 ـ يىلى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى

خوشو ـ سايدام دېگەن جايدىن تېپىلغان بولۇپ، مىلادىيە 732 ـ يىلى ئورنىتىلغان. كۆل تېگىن كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئاكىسى بىلگە قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملىشىپ زور تۆھپە كۆرسەتكەن. كۆل تېگىن مىلادىيە 731 ـ يىلى 47 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ نامىغا ئورنىتىلغان «كۆل تېگىن مەڭگۈتېشى» مىلادىيە 732 ـ يىلى كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغاننىڭ جىيەنى يوللۇغ تېگىن تەرىپىدىن تىكلەنگەن. بۇ مەڭگۈتاشتا كۆل تېگىننىڭ ياراتقان تۆھپىلىرى ۋە باشقا ئەھۋاللار شائىرانە تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن. بۇ مەڭگۈتاشنىڭ غەربىي يۈزىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۈەنزۇڭ 732 ـ يىلى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن تەزىيەنامە ئويۇلغان⑧.

«كۆل تېگىن مەڭگۈتېشى»نىڭ مەزمۇنى :

جەنۇب تەرىپى

(1) مەنكى تەڭرىدەك، تەڭرىدىن تۆرەلگەن تۈرك بىلگە خاقان بۇ ۋاقىتتا (تەختتە) ئولتۇردۇم. سۆزۈمنى تولۇق ئاڭلاڭلار: ئالدى بىلەن ئىنىلىرىم ۋە ئوغۇللىرىم، ئاندىن قالسا ئۇرۇقلىرىم ۋە خەلقىم، ئوڭ تەرەپتىكى شادايىت بەگلەر، سول تەرەپتىكى تارقانلار، بۇيرۇق بەگلەر، ئوتتۇز (تاتار) (2) توققۇز ئوغۇز بەگلىرى، خەلقلىرى، سىلەر بۇ سۆزلىرىمنى ياخشى ئىشىتىڭلار، قاتتىق تىڭشاڭلار، ئالدى (شەرق) تەرەپتىن كۈنچىقىشقىچە، ئوڭ (جەنۇب) تەرەپتىن كۈن ئوتتۇرىسىغىچە، ئارقا (غەرب) تەرەپتىن كۈنپېتىشقىچە، سول (شىمال) تەرەپتىن تۈن ئوتتۇرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا قارايدۇ. مۇشۇنداق كۆپ (3) خەلقنى مەن ئويۇشتۇردۇم. ئەمدى ئۇلارغا يامانلىق يوق، تۈرك خاقانى ئۆتۈكەن تاغدا

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇۋەرسە، ئەلدە مۇڭ ـ قايغۇ بولمايدۇ. ئالدى (شەرق) تەرەپتىن سەندۇڭ تۈزلەڭلىكىگىچە قوشۇن تارتتىم. دېڭىز (ساھىلى)غا يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم، ئوڭ (جەنۇب)دىن توققۇز ئەرسەنگىچە قوشۇن تارتتىم. تىبەتكە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم. ئارقا (غەرب) تەرەپتىن يىنچۇ دەرياسىنى (4) كېچىپ ئۆتۈپ، تۆمۈر قاپىقىغىچە قوشۇن تارتتىم. سول (شىمال)دىن بايىرقۇ زېمىنىغىچە قوشۇن تارتتىم. مەن شۇنچىلا كۆپ جايلارغىچە قوشۇن تارتىپ باردىم، (لېكىن) ئۆتۈكەن تېغىدىن ياخشى جاي زادى يوق ئىكەن. ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان يەر ئۆتۈكەن تېغى ئىكەن. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، تابغاچ خەلقى بىلەن (5) ياراشتىم. (ئۇلار) ئالتۇن ـ كۈمۈش، ھاراق ـ شاراب، يىپەك (ماللار)نى غەم قىلمايلا بېرىدۇ؛ تابغاچ خەلقىنىڭ گېپى چۈچۈك، سوۋغىلىرى ئېسىل ئىكەن، تاتلىق سۆزى، ئېسىل سوۋغىلىرى ئارقىلىق يىراقتىكى خەلقلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدىكەن. (ئۇلارغا) يېقىنلاشقاندىن كېيىن (ئۆزلىرىنىڭ) يامان ھىيلىلىرىنى چىقىرىدىكەن، (6) ياخشى، ئەقىللىك كىشىلەرنى، ناھايىتى باتۇر كىشىلەرنى ئىلگىرى كەلتۈرمەيدىكەن. بىر كىشى خاتالاشسا (ئۇنىڭ) ئۇرۇقى، قوۋمى ۋە بۆشۈكىدىكىگىچە روناق تاپتۇرمايدىكەن. (ئۇلارنىڭ) چۈچۈك سۆزىگە، ئېسىل سوۋغىلىرىغا ئىشىنىپ، نۇرغۇن تۈرك خەلقى ئۆلدۈڭلار. تۈرك خەلقى ھالاك بولغاندىن كېيىن (قالغانلىرى) جەنۇبتىكى چوغاي تېغىغا توپلىنىپ (7) يايلاقتا ئولتۇراقلىشايلى دېسە، يامان نىيەتلىك كىشىلەر تۈرك خەلقىنى شۇ يەردە ئۆلسۇن دەپ: (ئەگەر تابغاچقا) يىراق بولساڭلار ناچار سوۋغا بېرىدۇ، يېقىن بولساڭلار ياخشى سوۋغا بېرىدۇ، دەپ قۇتراتقۇلۇق قىپتۇ. بۇ ھىيلىنى بىلمىگەن كىشىلەر ئۇ سۆزگە ئىشىنىپ، تابغاچقا يېقىن بېرىپ، (نەتىجىدە) نۇرغۇن كىشى ئۆلدۈڭلار. (8) ئۇ يەرگە بارساڭلار، تۈرك خەلقى ئۆلسەلەر، ئۆتۈكەن زېمىنىدا ئولتۇرۇپ، (ئۇلارغا) كارۋان ۋە ئەلچىلەرنىلا

ئەۋەتسەڭلار (ئەلدە) ھېچقانداق غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ. ئۆتۈكەن
تېغىدا تۇرىۋەرسەڭلار، ئەلنى مەڭگۈ تۇتۇپ تۇرالايسىلەر... تۈرك
خەلقى، سىلەر قانائەتچانسىلەر، ئاچ ـ توق قالىدىغانلىقىڭلارنى
ئويلىمايسىلەر، تويغان ۋاقىتتا ئاچ قالىدىغانلىقىڭلارنى
ئويلىمايسىلەر، شۇنداق قىلغانلىقىڭلار (9) ئۈچۈن، ئۆزۈڭلارنى
بېقىۋاتقان خاقانىڭلارنىڭ سۆزىنى ئالماي، ھەر تەرەپكە پىتىراپ
كەتتىڭلار، (نەتىجىدە) ئۇ يەرلەردە ھالسىزلاندىڭلار، جېنىڭلاردىن
ئايرىلدىڭلار، قالغانلىرىڭلار سەرگەردان بولۇپ، ئۆلۈم گىردابىغا
كېلىپ قالدىڭلار، تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ
بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن، خاقانلىققا ئولتۇردۇم. خاقان بولۇپ
(10) يوقسۇل خەلقنى يىغدىم، يوقسۇللارنى باي قىلدىم، ئاز
خەلقنى كۆپ قىلدىم، مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمدە يالغانچىلىق بارمۇ؟
تۈرك بەگلىرى ۋە تۈرك خەلقى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاڭلار! مەن بۇ
يەرگە تۈرك خەلقىنى يىغىپ، ئەل تۇتقانلىقىڭلارنى ئويدۇردۇم،
سىلەرنىڭ يېڭىلىپ (خاتالىشىپ) ئۆلگەنلىكىڭلارنىمۇ (11) بۇ
يەرگە ئويدۇردۇم. قانداق سۆزۈم بولسا (ھەممىسىنى) مەڭگۈتاشقا
ئويدۇردۇم. بۇنى كۆرۈپ بىلىڭلار، ھازىرقى تۈرك خەلقى ۋە
بەگلەر، سىلەر (يەنە) خاتالىشامسىلەر؟! مەن (مەڭگۈتاش...
تابغاچ) خاقاندىن نەققاش كەلتۈردۇم، (ئۇلارغا قەبرىنى)
نەقىشلەتتىم، (ئۇلار) مېنىڭ سۆزۈمنى ياندۇرمىدى. (تابغاچ
خاقانى) (12) ئوردا نەققاشلىرىنى ئەۋەتتى. (مەن) ئۇلارغا
ھەيۋەتلىك بىنا سالدۇردۇم. ئىچى ـ تېشىغا كىشىنى
تەسىرلەندۈرىدىغان نەقىشلەرنى ئويدۇردۇم. مەڭگۈتاش ياساتتىم.
كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىمنى (ئويدۇردۇم). (ئون ئوق) ئەۋلادلىرى
ۋە يات ئۇرۇق پۇقرالىرىغىچە ھەممىڭلار بۇنى كۆرۈپ
بىلگەيسىلەر. مەڭگۈتاش (13) ئورناتتىم. (بۇ يەر) ئادەملەر
ئۆتىدىغان مۇھىم يەر بولغاچقا، مۇشۇ جايغا مەڭگۈتاشنى
تۇرغۇزدۇم، (سۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا) يازدۇردۇم، ئۇنى كۆرۈپ
بىلىۋېلىڭلار. ئۇ تاش ... مەن ... دىم. بۇ مەڭگۈتاشقا خەت

يازغۇچى جىيەن ئوغلى يوللۇغ تېگىن.

شەرق تەرىپى

(1) ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ. ئىنسان بالىسى ئۈستىدە ئاتا ـ بوۋام بۇمىن خاقان، ئىستەمى خاقان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ، تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ. (بۇ چاغدا) (2) تۆت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەن. قوشۇن چىقىرىپ، تۆت ئەتراپتىكى خەلقنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ، ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپتۇ. بېشى بارلىرىنى باش ئۇرغۇزۇپتۇ، تىزى بارلىرىنى تىزلاندۇرۇپتۇ، ئۇلارنى شەرقتىن تاكى قادىرقان تاغلىرى، غەربتىن تا تۆمۈر قاپىقىغىچە بولغان جايلارغا ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ. ئىككىسى ئارىسىدا (3) ئىگىسىز قالغان كۆكتۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىپتۇ. ئۇلار دانا خاقان ئىكەن. باتۇر خاقان ئىكەن. بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال دانا بولسا كېرەك، باتۇر بولسا كېرەك، بەگلىرى ۋە خەلقىمۇ سادىق ئىكەن. شۇڭا، ئۇلار دۆلەتكە ئەنە شۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىپتۇ. ئەلنى باشقۇرۇشنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپتۇ. (4) كېيىنچە ئۇلار قازا تېپىپتۇ. تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەر، قايغۇ بىلدۈرگۈچىلەر كۈنچىقىشتىكى بۆكلى چۆللۈك ئېلىدىن، تابغاچلاردىن، تۈبۈتلەردىن، ئاپارلاردىن، پۇرۇملاردىن، قىرغىزلاردىن، ئۈچ قۇرىغانلاردىن، ئوتتۇز تاتارلاردىن، قىتانلاردىن، تاتابىلاردىن بولۇپ شۇنچە كۆپ ئادەم كېلىپ، ئۇلارغا قايغۇسىنى ئىپادىلەپتۇ. تەزىيە بىلدۈرۈپتۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق داڭلىق خاقانلاردىن بولغانىكەن، ئاندىن كېيىن ئىنلىرى خاقان (5) بوپتۇ. ئوغۇللىرىمۇ خاقان بوپتۇ. كېيىن ئىنىسى

ئاكىسىنى دورىماپتۇ. ئوغلى ئاتىسىنى دورىماپتۇ. بىلىمسىز خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ، بۇزۇق خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال بىلىمسىزلەردىن، بۇزۇقلاردىن بولسا كېرەك. (6) بەگلىرىدە، خەلقىدە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن... ئىنى بىلەن ئاكىنى ئۆچمەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلىتىدىن مەھرۇم بوپتۇ، (7) خاقان دەپ نام ئالغان خاقانىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ... تۈرك بەگلەر تۈرك دېگەن نامىدىن ۋاز كېچىشىپ تابغاچپەرەس بەگلەر تابغاچ ناملىرىنى قوللىنىپ، تابغاچ خاقانىغا (8) بېقىنىپتۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەللىك يىل كۈچ چىقىرىپ ئىشلەپتۇ. ئۇلار ئالدى تەرەپ كۈنچىقىشتىن تا بۆكلى خاقان يۇرتىغا، غەربتىن تۆمۈر قاپىقىغىچە قوشۇن تارتىپ ئۇلارنىڭ دۆلىتى ۋە ھاكىمىيىتىنى تابغاچ خاقانىغا (9) ئېلىپ بېرىپتۇ. بارلىق تۈرك پۇقرالىرى: ئېلى بار خەلق ئىدۇق، ئەمدى ئېلىمىز قېنى؟ كىمگە ئەل قۇرغۇزىمىز؟ خاقانلىق خەلق ئىدۇق، خاقانىمىز قېنى؟ قايسى خاقانغا خىزمەت قىلىمىز؟ كۈچىمىزنى (10) چىقىرىمىز؟ دەپتۇ. مۇشۇنداق دېيىشىپ تابغاچ خاقانىغا دۈشمەن بوپتۇ. دۈشمەن بولۇپ، (ئىچكى جەھەتتە) قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى يولغا قويالمىغانلىقتىن يەنە (تابغاچقا) بېقىنىپتۇ. (تابغاچ خاقانى ئۇلارنىڭ) شۇنچىۋالا ئىشلەپ بەرگەنلىكى ۋە كۈچ چىقارغانلىقىغا قارىماي، تۈرك خەلقىنى ئۆلتۈرەي، ئۇرۇقىنى قويماي، دەپتۇ (ۋە ئۇلارنى) يوقىتىشقا ئاتلىنىپتۇ. (لېكىن) ئۈستىمىزدىكى تۈرك تەڭرىسى، (تۆۋەندىكى) تۈرك مۇقەددەس يەر (11) سۇ مۇنداق دەپتۇ: «تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن! ئۇلار خەلق بولسۇن!» (شۇنىڭ بىلەن) ئاتام ئىلتەرىش خاقانىنى، ئانام ئېلبىلگە خاتون (خانىش)نى تەڭرى تۆپىسىدىن تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ. ئاتام خاقان ئون يەتتە ئەر بىلەن سىرتقا چىقىپتۇ. (ئۇلارنىڭ) سىرتتا (12) يۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغانىدىن

كېيىن شەھەردىكىلەر تاغقا چىقىپتۇ، تاغدىكىلەر تۈۋەنگە چۈشۈپتۇ، (بۆلار) يىغىلىپ يەتمىش ئەر بوپتۇ. تەڭرى كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام خاقاننىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىدەك، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەك ئىكەن. شەرقتىن غەربكىچە يۈرۈش قىلىپ توپلىغان كىشى (13) يەتتە يۈز بوپتۇ. يەتتە يۈز كىشى بولغاندىن كېيىن، (ئاتام خاقان) ئاتا ـ بوۋامنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى بويىچە دۆلەتتىن، خاقاندىن ئايرىلغان خەلقلەرنى، دېدەككە ئايلانغان، قۇل بولغان خەلقلەرنى تەشكىللەپتۇ ۋە تەربىيەلەپتۇ. ئۇ يەردە تۆلىس، تاردۇش خەلقىنى تەشكىللەپتۇ (14) ھەمدە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىغا يابغۇ ۋە شاد (ئۇنۋانىنى) بېرىپتۇ. ئوڭ (جەنۇب) تەرەپتە تابغاچلار دۈشمىنى ئىكەن، سول (شىمال) تەرەپتە باز خاقانى ۋە توققۇز ئوغۇزلار دۈشمىنى ئىكەن، قىرغىزلار، قۇرىقانلار، ئوتتۇز تاتارلار، قىتانلار، تاتابىلارنىڭ ھەممىسى دۈشمىنى ئىكەن. ئاتام خاقان مۇنچە... (15) ئۇ قىرىق يەتتە قېتىم ئەسكەر چىقىرىپتۇ، يىگىرمە قېتىم جەڭ قىپتۇ، تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، دۆلىتى بارلارنى دۆلەتتىن مەھرۇم قىپتۇ، خاقانلىرى بارلىرىنى خاقاندىن مەھرۇم قىپتۇ، دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇرۇپتۇ، تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپتۇ، بېشى بارلارنى باش ئۇرغۇزۇپتۇ. ئاتام خاقان ئاشۇنداق قىلىپ دۆلەت قۇرغان (16) ۋە قانۇن ـ تۈزۈم ئورناتقاندىن كېيىن بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. ئاتام خاقاننى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن باز خاقاننى بالبال قىلىپ تىكلەپتۇ. كېيىن قانۇن ـ تۈزۈمگە ئاساسەن، تاغام خاقان بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تاغام خاقان بولغاندىن كېيىن تۈرك خەلقىنى قايتىدىن تەشكىللىدى ۋە بېقىپ تەربىيەلىدى. يوقسۇللارنى باي قىلدى، ئازنى كۆپ قىلدى. (17) تاغام خاقانلىققا ئولتۇرغاندا، مەن تاردۇش خەلقى ئۈستىدىكى شاد ئىدىم. مەن تاغام خاقان بىلەن بىللە، ئالدى (شەرق) تەرەپتىن تا يېشىل دەريا ۋە سەندۇڭ تۈزلەڭلىكىگىچە قوشۇن تارتتۇق، ئارقا

(غەرب) تەرەپتىن تا تۆمۈر (قاپىقىغىچە) قوشۇن تارتتۇق ھەمدە كۆگمەن تېغىدىن ئېشىپ (قىرغىزلار زېمىنىغىچە قوشۇن تارتىپ باردۇق). (18) جەمئىي يىگىرمە بەش قېتىم قوشۇن چىقاردۇق. ئون ئۈچ قېتىم ئۇرۇشتۇق. دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىلدۇق، خاقانى بارلارنى خاقانىدىن ئايرىدۇق. تىزى بارلارنى تىزلاندۇردۇق، بېشى بارلارنى باش ئۇرغۇزدۇق. تۈركەش خاقان تۈركلىرىمىزدىن ئىدى، ئۆز خەلقىمىز ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى (19) ئۈچۈن، بىزنىڭ ئالدىمىزدا خاتا ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خاقانى ئۆلدى. بۇيرۇقلىرى، بەگلىرىمۇ ئۆلدى. ئون ئوق خەلقى زۇلۇم چەكتى. ئاتا - بوۋام ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەرلەر ئىگىسىز قالمىسۇن ئۈچۈن، ئاز خەلقنى تەشكىللەپ... (20) (ئۇ ئەسلىدە) بارىس بەگ ئىدى، بىز ئۇنىڭغا خاقان دېگەن نامنى بەردۇق ھەمدە مەلىكە سىڭلىمنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدۇق. ئۆزى خاتالاشتى، خاقانى ئۆلدى، خەلقى دېدەك ۋە قۇلغا ئايلاندى. كۆگمەن يەر - سۈيى ئىگىسىز قالمىسۇن ئۈچۈن، ئاز سانلىقى قىرغىز خەلقىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن باردۇق، ئۇرۇش قىلدۇق. شۇنداقلا، (دۆلىتىنى) (21) يەنە (ئۆزىگە) بەردۇق. شەرقتىن، قادىرقان تېغىدىن ئېشىپ، خەلقلەرنى ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇردۇق، ئاشۇنداق تەشكىللىدۇق؛ غەربتىن، تا كەنگۈ تارمانغىچە بېرىپ، تۈرك خەلقنى ئاشۇنداق ئولتۇراقلاشتۇردۇق، ئاشۇنداق تەشكىللىدۇق. ئۇ چاغدا قۇللار قۇللۇق بولدى، دېدەكلەر دېدەكلىك بولدى. ئىنىسى ئاكىسىنى تونۇماس، ئوغلى ئاتىسىنى تونۇماس ئىدى. (22) بىز تىرىشىپ قۇرغان دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈمى ئەنە شۇنداق ئىدى. تۈرك، ئوغۇز بەگلىرى، خەلقى ئىشىتىڭلار! ئۈستىمىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسە، ئاستىمىزدىكى يەر يېرىلىپ كەتمىسە، دۆلىتىڭلارنى ۋە قانۇن - تۈزۈمىڭلارنى كىم بىتچىت قىلالايدۇ؟ تۈرك خەلقى سىلەر (23) (خاتالىقىڭلارغا) ئۆكۈنۈڭلار! سىلەر باشباشتاقلىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن،

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈڭلارنى بېقىۋاتقان دانا خاقانىڭلار ۋە ئەركىن، ياخشى دۆلىتىڭلار ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭلار. يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردىڭلار. (ئۇنداق بولمىسا) قوراللىقلار قاياقتىن كېلىپ (سىلەرنى) ھەيدىۋېتىدۇ؟ نەيزىلىكلەر قاياقتىن كېلىپ (سىلەرنى) سۈرۈ - توقاي قىلىۋېتىدۇ؟ مۇقەددەس ئۆتۈكەن تېغىدىكى خەلقلەر، كەتتىڭلار. شەرققە باردىغىنىڭلار شەرققە (24) كەتتىڭلار، غەربكە باردىغىنىڭلار غەربكە كەتتىڭلار. سىلەرنىڭ بارغان يېرىڭلاردا كۆرگەن كۈنۈڭلار مۇنداق بولدى: قېنىڭلار سۇدەك ئاقتى، سۆڭىكىڭلار تاغدەك دۆۋىلەندى. بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل بولدى، پاك (خانىش بولىدىغان) قىزلىرىڭلار دېدەك بولدى. بىلىمسىزلىكىڭلاردىن، ئەسكىلىكىڭلاردىن تاغام خاقان دۇنيادىن ئۆتتى. (25) دەسلەپتە قىرغىز خاقانىنى بالبال قىلىپ تىكلىدىم. تۈرك خەلقىنىڭ نام - ئابرۇيىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاتامنى خاقان، ئانامنى خانىش قىلىپ كۆتۈرگەن تەڭرى، ئەل بەرگەن تەڭرى تۈرك خەلقىنىڭ نام - شۆھرىتى يوقاپ كەتمىسۇن دەپ (26) مېنى خاقان قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. مەن روناق تاپقان خەلق ئۈستىدە ئولتۇرمىدىم، (بەلكى) يېگىلى ئېشى يوق، كىيگىلى كىيىمى يوق يوقسۇل، بىچارە خەلقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. ئىنىم كۆل تېگىن بىلەن سۆزلەشتۇق، ئاتام، تاغام قولغا كەلتۈرگەن خەلقلەرنىڭ نام - ئابرۇيىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن (27) تۈرك خەلقى ئۈچۈن، تۈنلىرى (خاتىرجەم) ئۇخلىمىدىم، كۈندۈزلىرى (خاتىرجەم) ئولتۇرمىدىم، ئىنىم كۆل تېگىن بىلەن بىللە، ئىككى شاد بىلەن بىللە، ئۆلەر - تىرىلىشىمگە قارىماي تىرىشتىم؛ ئاشۇنداق تىرىشىپ يۇرۇپ خەلقنى ئوت - سۇ قىلمىدىم، ئىناق قىلدىم. مەن خاقانلىقتا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا، ھەر تەرەپكە يېتىراپ كەتكەن (28) خەلق ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي پىيادە، يېلىڭ - يالىڭاچ ھالدا قايتىپ كەلدى. خەلقنى باقاي دەپ، شىمالدا ئوغۇزلار، شەرقتە قىتان، تاتابى خەلقى

تەرەپكە ... جەنۇبتا تابغاچقا زور قوشۇننى باشلاپ ئون ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلدىم. ئاندىن (29) كېيىن، تەڭرى مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن، تەلىيىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان خەلققە جان كىرگۈزدۈم. يالىڭاچ خەلقنى تونلۇق، يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم. ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم. (ئۇلارنى) كۈچلۈك دۆلەتتى بار، كۈچلۈك خاقانى بار (خەلقلەردىنمۇ) ياخشىراق ياشايدىغان قىلدىم. تۆت ئەتراپتىكى (30) خەلقنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇردۇم. ياۋسىز (دۈشمەنسىز) قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قارىدى ھەمدە (ماڭا) ئىش - كۈچىنى بەردى. ئىنىم كۆل تېگىن مۇشۇنچە قانۇن - تۈزۈمنى تۇرغۇزۇپ، تۇيۇقسىزلا قازا تاپتى. ئاتام خاقان دۇنيادىن ئۆتكەندە، ئىنىم كۆل تېگىن يەتتە ياشتا ئىدى. (31) ئومايدەك ئانام خانىشنىڭ دۆلىتىدە ئىنىم كۆل تېگىن ئەر ئاتالدى. ئۇ ئون ئالتە ياش ۋاقتىدا تاغام خاقان دۆلەت ۋە قانۇن - تۈزۈمنى ئەنە شۇنداق قولغا كەلتۈردى. بىز ئالتە چۆپ سوغداققا يۈرۈش قىلدۇق، تارمار قىلدۇق. تابغاچنىڭ ۋاڭ تۇتۇقى بەش تۈمەن ئەسكەر باشلاپ كەلدى، (ئۇلار بىلەن) سوقۇشتۇق. (32) كۆل تېگىن پىيادە جەڭگە كىردى. ۋاڭ تۇتۇقنىڭ قېيىنىنىسىنى قوراللىق پېتى ئەسىرگە ئېلىپ، (ئۇنى) خاقانغا تەقدىم قىلدى. ئۇ قوشۇننى شۇ يەردە يوقاتتۇق. ئۇ يىگىرمە بىر ياش ۋاقتىدا، بىز چاچا سەنگۇن (جياڭجۇن) بىلەن سوقۇشتۇق. دەسلەپتە ئۇ (كۆل تېگىن) تادىقىن چۇرنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، بۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى. ئىككىنچى قېتىم ئىشبارا يامتارنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، بۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى. ئۈچىنچى قېتىم يەگىن سىلىگ بەگنىڭ يوپۇقلۇق تورۇق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، بۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى. ئۇنىڭ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىسى، يەلمىسىگە يۈزدىن ئارتۇق ئوق تەگدى، (لېكىن) يۈز، بېشىغا بىر تال ئوقنىمۇ تەگكۈزمىدى... (34)... تۈرك بەگلىرى (ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى) ھەممىڭلار

www.uyghurkitap.com

بىلىسىلەر. بىز بۇ قوشۇننى ئۇ يەردە يوقاتتۇق. ئاندىن كېيىن يەربايىرقۇنىڭ ئۇلۇغ ئېركىنى بىزگە دۈشمەن بولدى. ئۇنى چېكىندۈرۈپ، تۈرگى ـ يارغۇن كۆلىدە تارمار قىلدۇق. ئۇلۇغ ئېركىن ئازغىنا ئادىمى بىلەن قېچىپ كەتتى. كۆل تېگىن يىگىرمە ئالتە ياش ۋاقتىدا (35) قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلدۇق، نەيزە بويى قېلىنلىقتىكى قارنى بۆسۈپ، كۆگمەن تېغىدىن ئېشىپ، قىرغىزلارنى ئۆيقۇدا بېسىۋالدۇق. بىز ئۇلارنىڭ خاقانى بىلەن سۇڭا تېغىدا ئۇرۇش قىلدۇق. كۆل تېگىن بايىرقۇنىڭ ئاق ئايغىرىنى (36) مىنىپ جەڭگە كىردى. بىر ئەرنى ئوق بىلەن ئۆلتۈردى، ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ئەرگە (نەيزە) سانجىدى. ئۇ جەڭ قىلىۋاتقاندا، بايىرقۇنىڭ ئاق ئايغىرىنىڭ يوتىسىنى چېپىپ تاشلىدى. بىز قىرغىز خاقانىنى ئۆلتۈردۇق. ئۇلارنىڭ ئېلىنى ئالدۇق. شۇ يىلى ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ (37) ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ تۈركەشلەرگە يۈرۈش قىلدۇق. تۈركەشلەرنى ئۆيقۇدا بېسىۋالدۇق. تۈركەش خاقان قوشۇنى بولچۇدىن ئوتتەك، بوراندەك (شىددەت بىلەن) كەلدى. ئۇرۇشتۇق، كۆل تېگىن باشغۇ (دېگەن) بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى. باشغۇ (دېگەن) بوز... (38)... ئىككىسىنى ئۆزى ئەسىرگە ئالدى. ئاندىن كېيىن يەنە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، تۈركەش خاقانىنىڭ بۇيرۇقىنى، ئازلارنىڭ تۇتۇقىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ خاقانىنى ئۆلتۈردۇق، ئېلىنى ئالدۇق. ئاددىي تۈركەش پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى (بىزگە) بويسۇندى. بىز بۇ خەلقلەرنى تابارغا (؟) ئولتۇراقلاشتۇردۇق. بىز يەنە (39) سوغداقلارنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، يىنچۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تا تۆمۈر (قاپىقىغىچە) يۈرۈش قىلدۇق. ئاندىن كېيىن تۈركەش خەلقى بىزگە دۈشمەن بولۇپ، كەنگەرەسكە باردى. ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئاتلىرىمىز ئورۇق، ئوزۇقى يوق ئىدى. بۇزۇق ئادەملەر... (40) بىزگە ھۇجۇم قىلغانلار باتۇر ئەرلەر ئىدى. ئۇ چاغدا بىز ئۆكۈنۈپ، كۆل تېگىنگە ئاز ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ئەۋەتتۇق. ئۇ

چوڭ (بىر) ئۇرۇش قىپتۇ. ئۇ باتۇر شالچىنىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىرىپتۇ، ئاددىي تۇركەش پۇقرالىرىنى ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە ئەل قىپتۇ. يەنە يۇرۇش قىلىپ...

## شىمال تەرىپى

(1) ... بىلەن (ھەمدە) قۇشۇ تۇتۇق بىلەن ئۇرۇش قىپتۇ. ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۆيى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى پۈتۈنلەي كەلتۈردى. كۆل تېگىن يىگىرمە يەتتە يېشىدا، قارلۇقلار ئۆزگە ئۆزى غوجا بولدى ۋە (بىز بىلەن) دۈشمەنلەشتى. بىز ئۇلار بىلەن تاماغ ئىدۇق دېگەن بۇلاق بېشىدا ئۇرۇشتۇق. (2) كۆل تېگىن بۇ قېتىمقى جەڭدە ئوتتۇز ياشلاردا ئىدى. ئۇ باتۇر شالچىنىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى. ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ئەرگە (نەيزە) سانجىدى. قارلۇقلارنى ئۆلتۈردۇق، ئۇلارنى قولغا چۈشۈردۇق. ئاز خەلقى بىزگە دۈشمەن بولدى. (ئۇلار بىلەن) قارا كۆلدە جەڭ قىلدۇق. ئۇ (چاغدا) كۆل تېگىن ئوتتۇز بىر ياشتا ئىدى. ئۇ باتۇر شالچىنىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ (3) جەڭگە ئېتىلىپ كىردى. ئازلارنىڭ ئەلتەبەرىنى تۇتتى. ئاز خەلقى شۇ يەردە يوقىتىلدى. تاغام خاقاننىڭ دۆلىتى قالايمىقانلاشقان، خەلق ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندە، بىز ئىزگىللار بىلەن ئۇرۇشتۇق. كۆل تېگىن باتۇر شالچىنىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ (4) جەڭگە ئېتىلىپ كىردى. ئۇ ئات شۇ يەردە يىقىلدى. ئىزگىل خەلقى ئۆلدى. توققۇز ئوغۇزلار ئەسلىدە ئۆز خەلقىم ئىدى، جاھان قالايمىقانلاشقانلىقى ئۈچۈن، (بىز بىلەن) دۈشمەنلەشتى. بىر يىلدا بەش قېتىم ئۇرۇشتۇق. دەسلەپتە بىز توغۇ شەھىرىدە ئۇرۇشتۇق. (5) كۆل تېگىن ئازمان دېگەن ئاق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە ئېتىلىپ كىردى. ئالتە ئەرگە (نەيزە) سانجىدى. قوشۇن ئۇرۇش قىلىشۋاتقاندا، يەتتىنچى ئەرنى قىلىچلىدى. ئىككىنچى

www.uyghurkitap.com

قېتىم قۇشلاغاقتا ئەدىزلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق، كۆل تېگىن ئازلارنىڭ قوڭۇر ئېتىنى مىنىپ، جەڭگە ئېتىلىپ كىرىپ بىر ئەرگە نەيزە سانجىدى. (6) تۇققۇز ئەرنى ئەگىپ يۇرۇپ چېپىپ تاشلىدى. ئەدىزلەر ئاشۇ يەردە يوقىتىلدى. ئۈچىنچى قېتىم بولچۇدا ئوغۇزلار بىلەن سوقۇشتۇق، كۆل تېگىن ئازمان دېگەن ئاق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، نەيزە سانجىدى، قوشۇنغا (نەيزە) سانجىدۇق. ئېلىنى ئالدۇق. تۆتىنچى قېتىم بىز چۇش دېگەن بۇلاقتا سوقۇش قىلدۇق، تۈرك (7) خەلقى تەۋرىنىپ قالدى (؟)، ئەھۋال يامانلاشتى. كۆل تېگىن ئۇزۇپ كەلگەن قوشۇننى چېكىندۇرۇپ، تۇڭرا تېگىن مازاردا تۇڭرا قەبىلىسىنىڭ بىر ئۇرۇقىدىكى ئون نەپەر باتۇرنى ئۆلتۈردى. بەشىنچى قېتىم ئەزگەنتى قادازدا ئوغۇزلار بىلەن ئۇرۇشتۇق. كۆل تېگىن (8) ئازلارنىڭ قوڭۇر ئېتىنى مىنىپ (دۈشمەنگە) تەگدى، ئىككى ئەرگە (نەيزە) سانجىدى ھەممە ئۇلارنى پاتقاققا پاتۇردى. ئۇ قوشۇن ئاشۇ يەردە يوقىتىلدى. بىز ئامغى قورغاندا قىشلاپ، يازدا ئوغۇزلارغا ئەسكەر چىقاردۇق. كۆل تېگىننى ئۆيگە قاراشقا قالدۇردۇق (؟) دۈشمىنىمىز ئوغۇزلار ئوردىغا بېسىپ كەلدى. كۆل تېگىن (9) ئۆگسىز (دېگەن) ئاق ئېتىنى مىنىپ، توققۇز ئەرگە (نەيزە) سانجىدى. ئوردىنى بەرمىدى. (شۇنداق قىلمىغان بولسا) ئانام خاتۇن قاتارلىق ئانىلىرىم، ئاچىلىرىم، كېلىنلىرىم، مەلىكىلىرىمنىڭ تىرىكلىرى دېدەك بولاتتىڭلار، جەسەتىڭلار بولسا خارابىلىكتە، يولدا قالغان بولاتتى! (10) كۆل تېگىن بولمىغان بولسا، ھەممىڭلار ئۆلگەن بولاتتىڭلار! ئىنىم كۆل تېگىن قازا تاپتى، ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم. كۆرەر كۆزۈم كۆرمەستەك بولدى، ئەقىل ـ ھوشۇمدىن ئاداشقاندەك بولدۇم. ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم، زامان، تەڭرى ياشايدۇ (ئۆلمەيدۇ). ئىنسان بالىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۆرەلگەن. (11) شۇنداق ئويلىدىم. كۆزۈمگە ياش كەلسە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، كۆڭلۈم بۇزۇلسا

ئۆزۈمنى باستىم. مەن چەكسىز ھەسرەتلەندىم. ئىككى شاد ۋە ئىنىلىرىم، بالىلىرىم، بەگلىرىم، خەلقىم يىغلاۋېرىپ كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالارمۇ دەپ ئويلىدىم. تەزىيە بىلدۈرۈش، ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن قىتان ۋە تاتابى خەلقىگە (ۋاكالىتەن) (12) ئۇدار سەنگۈن (سانغۇن) كەلدى. تابغاچ خاقانىدىن ئىسيى لىكەڭ كەلدى. (ئۇ) بىر تۈمەن ئېسىل سوۋغات، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى كەلتۈردى. تۈبۈت خاقانىدىن بولۇن كەلدى. غەربتىن كۈنپېتىش تەرەپتىكى سوغد، بەرچەكەر، بۇقاراق ئەللىرىدىكى خەلقلەردىن نەڭ سانغۇن ۋە ئوغۇل تارقان كەلدى. (13) ئون ئوق ئوغلۇم تۈركەش خاقانىدىن ماقىراچ تامغىچى، ئوغۇز بىلگە تامغىچى كەلدى. قىرغىز خاقانىدىن تاردۇش ئىنانچى چۇر كەلدى. ئىمارەت ياسايدىغان ئۇستىلار، نەققاشلار، پۈتۈك تاش ياسايدىغان ئۇستىلارنى (باشلاپ) تابغاچ خاقانىنىڭ جىيەنى چاڭ سەنگۈل كەلدى.

## شەرقىي شىمال تەرىپى

كۆل تېگىن قوي يىلىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ئۆلۈم رەسمىيىتىنى ئۆتكۈزدۇق. قەبرىسى، نەقىشى، تاش پۈتۈكى (تاش مۇنار) مايمۇن يىلى يەتتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى پۈتۈنلەي ياسىلىپ بولدى. كۆل تېگىن قىرىق يەتتە يىل ئۆمۈر كۆردى. تاش ... بۇ ئۇستىلارنى تويغۇن ئەلتەبەر كەلتۈردى.

## شەرقىي جەنۇب تەرىپى

بۇ خەتلەرنى كۆل تېگىننىڭ جىيەن ئوغلى، مەنكى يوللۇغ تېگىن يىگىرمە كۈن ئولتۇرۇپ بۇ مەڭگۈ تاش ۋە تامدىكى (خەتلەرنىڭ) ھەممىسىنى يېزىپ چىقتىم. سىز (خەلقىمىزنى)

ئۆز باللىرىڭىز ۋە ئەۋلادلىرىڭىزدىن ئارتوق كۆرەتتىڭىز. سىز قازا تاپتىڭىز. تەڭرى (دە)... تىرىك ۋاقتىڭىزغا ئوخشاش ...

غەربىي جەنۇب تەرىپى

... كۆل تېگىننىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، گۆھەر، مال ـ مۈلكى ۋە تۆت مىڭ يىلقىسىغا قارىغۇچى تويغۇت بۇ.... بېگىم تېگىن يۇقىرى تەڭرى ... (مەڭگۈ) تاشقا خەت پۈتتۈم. يوللۇغ تېگىن.

غەرب تەرىپى

غەربتىكى سوغدلار ئاسىيلىق قىلدى. ئىنىم كۆل تېگىن... كۈچىنى ماڭا بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەنكى تۈرك بىلگە خاقان ئىنىم كۆل تېگىننىڭ ئايغىنى (مازارىنى) كۆزەت قىلدۇردۇم. مەن ئۇنىڭغا ئىنانچۇ ئاپا يارغان تارقان دېگەن نامنى بەردىم. ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇتتۇم⑨.

## «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى»

بۇ مەڭگۈتاش كۆل تېگىن مەڭگۈتېشى بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر جايدىن تېپىلغان، مىلادىيە 735 ـ يىلى ئورنىتىلغان. بىلگە قاغان كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ 3 ـ قاغانى بولۇپ، مىلادىيە 716 ــ 734 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرۇپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى كۈچەيتىش يولىدا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئۇ مىلادىيە 734 ـ يىلى ۋاپات بولغان. «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» مىلادىيە 735 ـ يىلى كۆل تېگىن ۋە بىلگە قاغاننىڭ جىيەنى يوللۇغ تېگىن تەرىپىدىن تىكلەنگەن. بىلگە قاغان مەڭگۈتېشىدا مەركەزلىك ھالدا بىلگە قاغاننىڭ تۆھپىسگە مەدھىيە ئوقۇلغان⑩.

«بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى»نىڭ مەزمۇنى:

(1) تەڭرىدەك تەڭرى ياراتقان تۈرك بىلگە خاقان مېنىڭ سۆزۈم. ئاتام تۈرك بىلگە خاقان ... سىر، توققۇز ئوغۇز، ئىككى ئەدىز مەشھۇر بەگلىرى ۋە خەلقى.... تۈرك تەڭرىسى.... (2) ئۈستىدە مەن خاقان بولۇپ ئولتۇردۇم. مەن تەختتە ئولتۇرغىنىمدا، ئۆلگۈدەك ھەسرەتتە قالغان تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى ئىنتايىن سۆيۈنۈپ ئۇلارنىڭ جانسىز كۆزلىرىگە جان كىردى. ئۆزۈم تەختتە ئولتۇرۇپ تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مۇھىم قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ بەردىم. [(3)دىن (23) قۇرغىچە بولغان تېكىست كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ (1) دىن (30) قۇرغىچە بولغان تېكىستى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ] (24) ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم. (ئۇلارنى) قۇدرەتلىك دۆلەتتى بار، كۈچلۈك خاقانلىقى بارلاردىن ياخشى ياشايدىغان قىلدىم. تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇردۇم. (ئۇلارنى) دۈشمەنسىز قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قارىدى. ئون يەتتە يېشىمدا تاڭغۇتقا قوشۇن ئەۋەتتىم، تاڭغۇت خەلقىنى تارمار قىلدىم. (ئۇلارنىڭ) ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى قولغا چۈشۈردۈم. ئون سەككىز يېشىمدا ئالتە چۆپ سوغداققا (25) قوشۇن ئەۋەتتىم، سوغداق خەلقىنى تارمار قىلدىم، تابغاچتىن ۋاڭ تۇتۇق بەش تۈمەن ئەسكەر (باشلاپ) كەلدى. مەن تاماغ ئىدۇق دېگەن بۇلاق بېشىدا سوقۇشتۇم. ئۇ قوشۇننى شۇ يەردە يوقاتتىم. يىگىرمە يېشىمدا باسمىل ئىدىقۇت ئۆز ئۇرۇقىمىزدىكى خەلق ئىدى. ئۇلار تارتۇقچىلارنى ئەۋەتمىدى دەپ ئۇلارغا يۈرۈش قىلدىم. (ئۇلارنى) بويسۇندۇردۇم، نۇرغۇنلىغان (ئولجىلارنى) ئۆيگە كەلتۈردۈم. يىگىرمە ئىككى يېشىمدا تابغاچقا (26) يۈرۈش قىلدىم. چاچا سەنگۈننىڭ سەككىز تۈمەن لەشكىرى بىلەن سوقۇشتۇم. قوشۇننى شۇ يەردە ئۆلتۈردۈم. يىگىرمە ئالتە ياش ۋاقتىمدا،

www.uyghurkitap.com

چىك خەلقى قىرغىزلار بىلەن بىرلىكتە (بىزگە) دۈشمەن بولدى. كەم دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ چىكلارغا يۈرۈش قىلدىم. ئورپەندە سوقۇشتۇم. قوشۇنىنى نەيزىلىدىم، ئاز خەلقىنى قولغا چۈشۈردۈم. .... بويسۇندۇردۇم. يىگىرمە يەتتە يېشىمدا قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلدىم. نەيزە بويى (27) قارنى بۆسۈپ كۆگمەن تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا باستىم. خاقانى بىلەن سوڭا تېغىدا سوقۇشتۇم. خاقانىنى ئۆلتۈردۈم. ئېلىنى ئالدىم. شۇ يىلى تۈركەش خەلقىگە ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ، ئېرتىش دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ يۈرۈش قىلدىم. تۈركەش خەلقىنى ئۇيقۇدا باستىم. تۈركەش خاقان قوشۇنى ئوت ـ بوراندەك كەلدى. (28) بولچۇدا سوقۇشتۇق. خاقانىنى، يابغۇسىنى، شادىنى شۇ يەردە ئۆلتۈردۈم، ئېلىنى ئالدىم. ئوتتۇز يېشىمدا بەشبالىققا يۈرۈش قىلدىم. ئالتە قېتىم ئۇرۇشتۇم ... قوشۇنىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈردۈم. شەھەر ئىچىدىكى ھەممە ئادەملەر يوقىتىلاتتى.... (لېكىن) ئۇلار بىزنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بەشبالىق (ۋەيرانچىلىقتىن) ساقلىنىپ قالدى. ئوتتۇز (29) يېشىمدا قارلۇقلار غەم ـ قايغۇسىز، ئۆزىگە ئۆزى غوجا بولغانلىقتىن بىزگە دۈشمەن بولدى. مەن تاماغ ئىدۇق دېگەن بۇلاق بېشىدا سوقۇشتۇم. قارلۇق خەلقىنى ئۆلتۈردۈم، (ئېلىنى) ئالدىم. ئوتتۇز ئىككى يېشىمدا قارلۇق خەلقى (يىغىلىپ بىزگە قارشى تۇردى.) مەن ئۇلارنى ئۆلتۈردۈم. توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ خەلقىم ئىدى. جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن (30) ۋە ئىچىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە دۈشمەن بولدى. بىر يىل ئىچىدە تۆت قېتىم سوقۇشتۇم. دەسلەپتە تۇغۇبالىقتا سوقۇشتۇم. (قوشۇنۇم) توغلا دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى يوقاتتى. ئىككىنچى قېتىم ئاندارغۇدا سوقۇشتۇم... قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدىم. ئۈچىنچى قېتىم چۇش دېگەن بۇلاق بېشىدا سوقۇشتۇم. تۈرك خەلقى تەۋرىنىپ قالدى، ئەھۋال (31) يامانلاشقانىدى. مەن

بۆسۈپ كەلگەن (دۈشمەن) قوشۇننى چېچىۋەتتىم. جېنىدىن ئايرىلىشقا ئاز قالغان نۇرغۇن كىشىلەر قۇتقۇزۇۋېلىندى. شۇ چاغدا تۇڭرا تېگىن مازارىدا تۇڭرا باتۇرلىرىدىن (تەشكىل تاپقان) بىر ئۇرۇقتا ئايلىنىپ يۈرۈپ زەربە بەردىم. تۆتىنچى قېتىم ئەزگەندى قادازدا سوقۇشتۇم، قوشۇننى شۇ يەردە مەغلۇپ قىلدىم. يوقاتتىم... يېشىمدا ماغاقورغاندا قىشلىغىنىمىزدا جۇت بولدى. يازدا (32) ئوغۇزلارغا يۈرۈش قىلدىم. بىرىنچى قوشۇن تاشقىرىغا ئۇرۇشقا چىقىپ كەتكەنىدى. ئىككىنچى قوشۇن ئوردىدا ئىدى. ئۈچ ئوغۇز قوشۇنى بېسىپ كەلدى. ئۇلار (بىزنى) ياياق قالدى، قىيىن ئەھۋالدا قالدى دەپ (ئەسىرگە) ئالغىلى كەلدى. (ئۇلارنىڭ) قوشۇنىنىڭ يېرىمى ئوردىدىكى مال ـ بايلىقنى بۇلىغىلى ماڭدى، (قالغان) يېرىمى ئۇرۇشقىلى كەلدى. بىز ئاز ئىدۇق، قىيىن ئەھۋالدا ئىدۇق، ئوغۇز... دۈشمەن ... تەڭرى كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاشۇ يەردە ئۇلارغا زەربە بەردىم. (33) مەغلۇپ قىلدىم، تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن تۈرك خەلقى غەلىبە قازاندى. مەن ئىنىم بىلەن باشلامچىلىق قىلىپ تىرىشمىغان بولساق، تۈرك خەلقى ئۆلگەن بولاتتى. تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى، سىلەر شۇنداق ئويلاڭلار ۋە شۇنداق بىلىڭلار! ئوغۇزلار (تارتۇقچىلارنى) ئەۋەتمىدى دەپ، ئۇلارغا قوشۇن چىقاردىم، (34) ئۆيىۋاقىنى بۇزدۇم. ئوغۇزلار توققۇز تاتارلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئاغۇ دېگەن يەردە ئىككى قېتىم چوڭ ئۇرۇش قىلدىم، ئېلىنى ئالدىم. مەن شۇنداق تىرىشىپ ... تەڭرى مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈم ئوتتۇز ئۈچ يېشىمدا ... ئودىسگ ئوتۇلۇگ.... (؟) (35) بېقىنىۋاتقان باتۇر خاقانى ئالدىدا خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئۈستىمىزدىكى تەڭرى، مۇقەددەس يەر ـ سۇ ۋە ئەجدادىم، خاقانىنىڭ روھى خۇشال بولمىغان بولسا كېرەك، توققۇز ئوغۇز خەلقى يەر ـ سۈيىنى تاشلاپ تابغاچقا باردى. ئۇلار تابغاچ ... يەنە بۇ يەرگە قايتىپ كەلدى. مەن ئۇلارنى باقاي دەپ

www.uyghurkitap.com

ئويلاپ .... خەلق... (36) جىنايەت ئۆتكۈز... جەنۇبتا تابغاچتا نام ـ شۆھرىتى يوق بولدى. بۇ يەردە ماڭا قۇل بولدى. مەن ئۆزۈم خاقانلىققا ئولتۇرغانلىقىم ئۈچۈن، تۈرك خەلقى ... قىلمىدىم، مەن دۆلەتنى، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ياخشى (باشقۇرۇشقا) تىرىشتىم... بىرلىشىپ... (37) ئۇ يەردە سوقۇشتۇم. قوشۇننى مەغلۇپ قىلدىم. بويسۇنغانلىرى بويسۇندى، (مېنىڭ) خەلقىم بولدى، ئۆلگەنلىرى ئۆلدى. سېلىنگا دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنلەپ مېڭىپ، قاراغىن دېگەن قىساڭدا ئۆيۋاقىنى بۇزدۇم.... ئۇلار تاغقا چىقىۋالدى. ئۇيغۇر ئىلتەبەر يۈزچە ئەر بىلەن شەرققە قېچىپ كەتتى... (38) تۈرك خەلقى ئاچ ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ يىلقىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، تۈرك خەلقىنى باقتىم. ئوتتۇز تۆت يېشىمدا ئوغۇزلار قېچىپ بېرىپ تابغاچقا قوشۇلدى. مەن ئۆكۈنۈپ ئەسكەر چىقاردىم... ئوغۇل ـ قىزلىرىنى قولغا چۈشۈردۈم. ئىككى ئىلتەبەرلىك خەلق... (39) تاتابى خەلقى تابغاچ خاقانغا قارىدى. ئەلچى ئەۋەتمىگەنلىكى، ھال ـ ئەھۋال سورىمىغانلىقى ئۈچۈن، يازدا ئۇلارغا قوشۇن چىقاردىم. خەلقىنى شۇ يەردە مەغلۇپ قىلدىم. يىلقىسىنى .... قوشۇنى يىغىلىپ كەلدى، قادىرقان تېغىدا ... (40) يەر ـ سۈيىگە ماكانلاشتى. جەنۇبتىكى قارلۇق خەلقىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، يامتار تۇدۇننى ئەۋەتتىم. ئۇ باردى. ... (قارلۇق) ئىلتەبەر يوقىلىپتىمىش، ئىنىسى بىر.... (41) تارتۇقچىلار كەلمىدى، ئۇلارنى جازالاي دەپ يۈرۈش قىلدىم. مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئىككى ـ ئۈچ كىشىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. ئاددىي خەلق خاقانىمىز كەلدى دەپ مەدھىيە ئوقۇدى... غا ئۇنۋان بەردىم. ئەمىلى كىچىكلەرنى ...

## جەنۇب تەرىپى

(1) بىرىنچى كۆنى تابغاچنىڭ ئون يەتتە مىڭ ئاتلىق

ئەسكەرىنى يوقاتتىم. ئىككىنچى كۆنى پىيادە ئەسكەرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتىم... ئېشىپ، بارى... (2)... قېتىم ئەسكەر چىقاردىم. ئوتتۇز سەككىز يېشىمدا قىشتا قىتانلارغا يۈرۈش قىلدىم. .... ئوتتۇز توققۇز يېشىمدا يازدا تاتابىلارغا يۈرۈش قىلدىم. (3)... مەن .... ئۆلتۈردۈم. ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى... (4) بۇ ... ئاياللىرىنى يوق قىلدىم... (5) بار.... (6) ئۈرۈش... (7) قىلدىم... باتۇرىنى ئۆلتۈرۈپ بالبال قىلىپ بەردىم. ئەللىك يېشىمدا تاتابى خەلقى قىتاندىن ئايرىلدى... (8) قۇغ سەنگۈن تۆت تۈمەن ئەسكەر باشلاپ كەلدى. توققۇس تېغىدا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدىم. ئۈچ تۈمەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈردۈم. بىر تۈمەن ئەسكىرىنى ...... تاتابى .... (9) يوقىتىلدى. چوڭ ئوغلۇم ئاغرىپ ئۆلگەندە، قۇغ سەنگۈننى بالبال قىلىپ تىكلىدىم. مەن ئون توققۇز يىل شاد بولدۇم، ئون توققۇز يىل خاقان بولدۇم. دۆلەتنى باشقۇردۇم. ئوتتۇز بىر... (10) تۈركلىرىمگە، خەلقىمگە ئۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردىم. مۇشۇنچىۋالا غەلىبىلەرنى قازىنىپ ئاتام خاقان ئىت يىلى ئونىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى قازا تاپتى. توڭگۇز يىلى بەشىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدۈم. تۇتۇق... (11) ئاتىسى لىسۇن دېگەن چوڭ سەنگۈن بەش يۈز ئەرنى باشلاپ كەلدى. مىزىلىك.... ئالتۇن، كۈمۈشلەردىن ناھايىتى ئۇرغۇن كەلتۈردى. دەپنە مۇراسىمى ئۈچۈن (ئىشلىتىلىدىغان) ئىسرىقدان ۋە ئىپارلارنى كەلتۈرۈپ ھەممىسىنى ئورنىتىپ بەردى. سەندەل ياغىچىدىن كەلتۈرۈپ، ئۆز..... (12) مۇنچىۋالا كۆپ خەلق چېچىنى كەستى، قۇلىقىنى تىلدى. (ئۇلار مىنىشكە ئىشلىتىلىدىغان) نەسىللىك ئات، قارا بۇلغۇن، كۆك تىيىنلەرنى ھېسابسىز كەلتۈرۈپ قويدى. (13) تەڭرىدەك تەڭرى ياراتقان تۈرك بىلگە خاقان مېنىڭ سۆزۈم، ئاتام تۈرك بىلگە خاقانلىقتا ئولتۇرغىنىدا تۈرك ھازىرقى بەگلىرى، ئاندىن قالسا كۆلچۇر باشچىلىقىدىكى تاردۇش بەگلەر ۋە شاداپىت بەگلەر، ئالدى

تەرەپتە (شەرق تەرەپتە) ئاپا تارقان (14) باشچىلىقىدىكى تۆلىس بەگلەر ۋە شاداپىت بەگلەر، ئوڭ تەرەپتە (جەنۇب تەرەپتە) تامان تارقان تونيۇقۇق بويلاباغا تارقان ۋە بۇيرۇق ... بۇيرۇق سەبەگ كۆل ئېركىن باشچىلىقىدىكى ھەرقايسى بۇيرۇقلار، ھازىرقى بەگلەر ئاتام خاقانغا ئىنتايىن ... (15) ئىنتايىن (كۆپ) مەدھىيە ئوقۇدى (؟) تۈرك بەگلىرى بىلەن خەلقى بىرلىكتە ئىنتايىن (كۆپ) مەدھىيە ئوقۇدى. ئاتام خاقان (قازا تاپقاندا)، تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى ئېغىرتاش ۋە يوغان ياغاچلارنى ئەكەلدى. ئۆزۈم شۇنچە...

## شىمال تەرىپى

[(1)دىن (7) قۇرغىچە بولغان تېكىست كۆل تېگىن مەڭگۈتېشى جەنۇبىي يۈزىنىڭ (1)دىن (11) قۇرغىچە بولغان تېكىستى بىلەن ئوخشاش ] (8) (ئاتام) خاقان، (9) تاغام خاقان تەختتە ئولتۇرغاندا، تۆت تەرەپتىكى شۇنچىلا كۆپ خەلقنى تەشكىللىگەنىكەن... تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەن (تەختتە) ئولتۇرغىنىمدا، تۆت تەرەپتىكى خەلقلەرنى تەشكىللىدىم، تەرتىپكە سالدىم ... قىلدىم، ئىنتايىن داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ قىزىمنى تۈركەش خاقانغا ياتلىق قىلدىم. يەنە ئىنتايىن داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ تۈركەش خاقانىنىڭ (10) قىزىنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەردىم... بېشى بارلارنى باش ئۇرغۇزدۇم، تىزى بارلارنى تىزلاندۇردۇم. ئۈستىمىزدىكى تەڭرى، ئاستىمىزدىكى يەر ـ زېمىن ساقلىغانلىقى ئۈچۈن، (11) كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقمىغان، قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ باقمىغان خەلقلىرىمنى شەرقتە كۈنچىقىشقىچە، جەنۇبتا (تابغاچقىچە)، غەربتە (كۈنپېتىشقىچە)، شىمالدا (تۈن ئوتتۇرىسىغىچە) بولغان مۇشۇنچە كەڭ زېمىندا ئولتۇراقلاشتۇردۇم... ئالتۇن، ئاق كۈمۈش، مەشۇتلۇق يىپەك،

ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن ئىچىملىك، نەسىللىك يوگورۇك ئات ـ ئايغىر، قارا بولغون، (12) كۆك تىيىنلەرنى توركىلىرىمگە — خەلقىمگە قازىنىپ بەردىم، تېپىپ بەردىم... (ئۇلارنى) غەمسىز قىلدىم. ئۇستىمىزدىكى تەڭرى كۈچلۈك... (13) بېقىنغۇلار، ئازابلىماڭلار، قىينىماڭلار، تورك بەگلىرى، تورك خەلقىم... قازىنىپ ... (سىلەر) بۇ خاقانىڭلاردىن، بۇ بەگلىرىڭلاردىن، (بۇ يەر) سۇيۇڭلاردىن ئايرىلمىساڭلار، تورك خەلقى (14) ئۆزۈڭلار ياخشىلىق كۆرەلەيسىلەر، ئۆيۈڭلەرگە كىرەلەيسىلەر (ئىگە بولالايسىلەر)، قايغۇسىز بولالايسىلەر ... شۇنىڭدىن كېيىن تابغاچ خاقاندىن نۇرغۇن نەققاشلارنى كەلتۈردۈم. (ئۇلار) مېنىڭ سۆزۈمنى قايتۇرمىدى. (ئوردا) ئىچىدىكى نەققاشلارنى ئەۋەتتى. ئۇلارغا ھەيۋەتلىك قورۇلۇش سالدۇردۇم. ئىچى ـ تېشىنى ئاجايىپ نەقىشلەتتىم. تاش تىكلەتتىم. كۆڭلۈمدىكى سۆزلىرىمنى ئويدۇردۇم... (15) ئون ئوق ئەۋلادلىرىمدىن تارتىپ يات ئۇرۇقلارغىچە بۇنى كۆرۈپ بىلىڭلار! مەڭگۈتاش ياساتتۇردۇم... سۆزلىرىمنى ئويدۇردۇم... ئۇ تاش قورۇلۇشنى...

غەربىي جەنۇب تەرىپى

بىلگە خاقان (مەڭگۈتاش) تېكىستىنى مەنكى يوللۇغ تېگىن يازدىم. بۇنچە كۆپ قورۇلۇش، نەقىش، ئېسىل (؟)... بىلگە خاقاننىڭ جىيەن ئوغلى مەنكى يوللۇغ تېگىن بىر ئاي تۆت كۈن ئولتۇرۇپ يېزىپ چىقتىم، زىننەتلىدىم...

شەرقىي جەنۇب تەرىپى

... كۆك ئوڭنى بويلاپ يورۇش قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈزلەپ (مېڭىپ)، يەتتە كېچە ـ كۈندۈزدە مەن سۇسىز (چۆللەرنى) كېسىپ ئۆتۈپ چوراققا يېتىپ باردىم. كەچىنگە تېگىپ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۈرك ئۈستىدە (ئۆلتۈرگان تاغام) بىلگە خاقان (قازا تاپتى) (؟) ياز بولسا، ئۈستىمىزدىكى (تەڭرى) دۇمبىقى گۈلدۈرلىگەندەك، تاغدىكى بۇغىلار ۋارقىرىغاندەك (ھۆركىرەپ يىغلاپ) ھەسرەت چېكىمەن. ئاتام خاقان تېشىنى ئۆزۈم ئورناتتىم [11].

## «بايانچۇر (1) مەڭگۈتېشى»

بۇ مەڭگۈ تاش 1909 ـ يىلى موڭغۇلىيەدىكى سېلىنگا دەرياسى ۋە شىنە ئۇسۇ كۆلى بويىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، يەنە «شىنە ئۇسۇ مەڭگۈتېشى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان دەپ ئاتالغان بايانچۇر قاغان (747 ــ 759 ـ يىللار)نىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئورنىتىلغان يادىكارلىق. بايانچۇر ئەسلىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى كۆل بىلگە قاغان (742 ــ 747 ـ يىللار)نىڭ ئوغلى بولۇپ، مەنبەلەردە يەنە ئەل بىلگە يابغۇ ۋە قارا قاغان دەپمۇ ئاتالغان. مەڭگۈتاشقا جەمئىي 50 قۇر خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بايانچۇر قاغاننىڭ دادىسىغا ياردەملىشىپ كېيىنكى تۈرك خانلىقىغا قارشى قىلغان ئۇرۇشلىرى، كېيىن قارلۇق، توققۇز تاتار، باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەرگە قىلغان جازا ئۇرۇشلىرى، تاڭ سۇلالىسىگە قىلغان يۇرۇشلىرى، تابغاچ ۋە سوغداقلارغا سېلىنگا دەرياسى بويىدا بايبالىق شەھرىنى سالدۇرغانلىقى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، «بايانچۇر قاغان مەڭگۈتېشى»دا كونا، يېڭى «تاڭنامە»دە تىلغا ئېلىنمىغان بىر قىسىم ۋەقەلىكلەر خاتىرىلەنگەندىن سىرت، يەنە كونا، يېڭى «تاڭنامە»دە خاتىرىلەنگەن بىر قىسىم ۋەقەلىكلەر تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ

ئىنىق ۋە تېخىمۇ جانلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن[12].

«بايانچۇر (1) مەڭگۈتېشى»نىڭ مەزمۇنى:

تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە خاقان ... تۆلىس ... ئۆتۈكەن ئەتراپى ئېلى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدىكەن، سۇيى سېلىنگا (دەرياسى) ئىكەن. ئۇ يەردە ئېلى ... ئەركىن ياشايدىكەن... سۇ... ئۇ يەردە قالغان خەلق — ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ئۇستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ... ئورخۇن دەرياسى... تۈرك قىپچاق (خەلقى ئۇستىدە) ئەللىك يىل ئولتۇرغانىكەن. تۈرك ئېلىگە يىگىرمە ئالتە يېشىمدا... بەردى. ئۇ چاغدا بويلا... يەنە چۈشتى. توققۇز ئوغۇز خەلقىنى تېرىپ ـ يىغىپ ئالدىم. ئاتام كۆل بىلگە خاقان... قوشۇن ئەۋەتتى. مېنى مىڭبېشى قىلىپ ئەۋەتتى، ئالدى (شەرق) تەرەپكە بېرىپ، كەيرەنىڭ شەرقىدىن يانغۇچى ... بويسۇندۇرۇپ، يەنە يۈرۈش قىلدىم. كەيرە بېشىدا ۋە ئۈچ بەركۇ دېگەن (يەردە) خان قوشۇنى بىلەن قوشۇلدۇم. ئۇ يەر ... قوغلىدىم. قارا قۇمدىن ئۆتۈپ، كۆگۈردە، كۈمۈر تاغدا، يار دەرياسىدا، ئۈچ تۇغلۇق تۈرك خەلقى... ئۆزمىش تېگىن خان بوپتۇ، قوي يىلى (743 ـ يىلى)دا مەن يۈرۈش قىلدىم. ئىككىنچى قېتىمقى ئورۇشنى بىرىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى (كۈنى) قىلدىم... ئۆزمىش تېگىننى ... تۇتتۇم. خانىشنى ئۇ يەردە قولغا چۈشۈردۈم. تۈرك خەلقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يوقالدى. شۇنىڭدىن كېيىن توخۇ يىلى (745 ـ يىلى) دا.... خەلق ... تۇيۇپ ... ئۈچ قارلۇق كۆڭلىدە يامانلىق ئويلاپ قېچىپ كەتتى. غەربتىكى ئون ئوق خەلقىگە (يەنى غەربىي تۈركلەرگە) قوشۇلدى. توڭگۇز يىلى (747 ـ يىلى) دا تارمار قىلدىم. ... تاي بىلگە تۇتۇقنى يابغۇ (دەپ) ئاتىدى، كېيىن ئاتام خاقان قازا تاپتى. ئاددىي خەلق قىلىنغان ... سانجىدىم (زەربە بەردىم)، تۇتتۇم.... بىر ... (ئۇ چاغدا) بۆكەگۈككە يېتىپ باردىم. كەچقۇرۇن — كۈن پاتقاندا ئۇرۇش قىلدىم. ئۇ يەردە سانجىدىم. ئۇلار كۈندۈزى قېچىپ كېتىپ

www.uyghurkitap.com

كېچىسى تويلاندى. بۆكەگۆكتە سەككىز ئوغۇز، توققۇز تاتارلارنى قالدۇرمىدۇق. ئىككىنچى كۈنى كۈن چىققاندا سوقۇشتۇم. قول - دېدەكلىرىم، خەلقىمنى تەڭرى ۋە زېمىن ساقلىدى. ئۇ يەردە (نەيزە) سانجىدىم. گۇناھكار مۆتىۋەرلىرى ... تەڭرى تۇتۇپ بەردى. لېكىن، ئاددىي پۇقرالارنى يوقاتمىدىم. ئۆيىنى، مال - مۈلكىنى، يىلقىلىرىنى بۇلىۋالمىدىم. ئۇلارنى جازالىدىم. (لېكىن) ئۇلارنىڭ (بۇرۇنقىدەك ياشاۋېرىشىگە) يول قويدۇم. سىلەر ئۆز خەلقىم، دېدىم، ماڭا ئەگىشىپ كېلىۋېرىڭلار، دېدىم. مەن (ئۇلارنى) قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتىم. ئۇلار كەلمىدى، يەنە قوغلىدىم. بورغۇدا يېتىشىۋېلىپ زەربە بەردىم. تۆتىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى (كۈنى) سوقۇشتۇم، سانجىدىم، يىلقىلىرىنى، مال - مۈلۈكلىرىنى، قىزلىرىنى، خوتۇنلىرىنى كەلتۈردۈم. بەشىنچى ئايدا ئۇلار ئەگىشىپ كەلدى. سەككىز ئوغۇز، توققۇز تاتارلارنىڭ ھەممىسى كەلدى. سېلىنگا دەرياسىنىڭ غەربى، يىلۇن قولنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ، شىپ بېشىغىچە چېرىك ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇلار كەرگۈن ساقىش ۋە شىپ بېشى ئارقىلىق كەلدى... سېلىنگا دەرياسىغىچە چېرىك ئورۇنلاشتۇردى. بەشىنچى ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى ئۇرۇش قىلدىم. ئۇ يەردە سانجىدىم. (ئۇلارنى) سېلىنگا دەرياسىغا قىستاپ زەربە بەردىم. ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدىم. كۆپچىلىكى سېلىنگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ قېچىپ كەتتى. مەن سېلىنگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، داۋاملىق قوغلىدىم. ئۇرۇشتا ئون ئەرنى قولغا چۈشۈردۈم. ... ئەۋەتتىم. تاي بىلگە تۇتۇقنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن، بىر - ئىككى باشلىقنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن، مېنىڭ ئاددىي خەلقىم، سىلەر ھالاك بولدۇڭلار، ماڭا بېقىنساڭلار، ھالاك بولمايسىلەر، دېدىم. قايتىدىن ماڭا كۈچ بېرىڭلار، دېدىم. ئىككى ئاي كۈتتۇم، كەلمىدى. سەككىزىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى قوشۇن چىقىراي... دېدىم. تۇغلۇق (قوشۇن) يولغا چىقىۋاتقاندا، بىر ئاتلىق چارلىغۇچى كېلىپ:

دۈشمەن كېلىۋاتىدۇ، دېدى. دۈشمەن باشلىقى بىلەن كەلدى. سەككىزىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ئاچىغ ئالتىر كۆلىدە قاسۈينى كېزىپ، سوقۇشتۇم. ئۇ يەردە (نەيزە) سانجىدىم. داۋاملىق قوغلاپ زەربە بەردىم. شۇ ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى كەيرە باشى ۋە ئۈچ بىركۆدە تاتارلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدىم. سىڭار خەلقى بويسۇندى، سىڭار خەلقى ... غا كىردى. ئۇ يەردىن يەنە چۈشتۈم (كەلدىم). ئۆتۈكەن تېغىدا قىشلىدىم. دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن تۇرمۇش كەچۈردۈم. ئىككى ئوغلۇمغا يابغۇ، شاد نامىنى بەردىم. (ئۇلارنى) تاردۇش، تۆلىس خەلقىگە (باش) قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، يولۋاس يىلى (750 ـ يىلى) چىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم. ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى كەم دەرياسىدا (ئۇلارنى) تارمار قىلدىم. شۇ يىلى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدا تەز بېشىدا قاسار قوردان ئوردىسىنى ياساتتىم، ئوردا تېمى ياساتتىم. يازدا شۇ يەردە يازلىدىم. زېمىننىڭ چېگراسىنى بەلگىلەپ چىقتىم. ئۇ يەردە بەلگەمنى، پۈتۈكۈمنى ئويدۇردۇم. شۇنداق قىلىپ، شۇ يىلى كۈزدە شەرققە يۈرۈش قىلدىم. تاتارلارنى سوراققا تارتتىم (جازالىدىم). توشقان يىلى (751 ـ يىلى) بەشىنچى ئايغىچە ... ئەجدىها يىلى (752 ـ يىلى) ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈڭۈز باشقان (دېگەن) مۇقەددەس چوققىنىڭ غەربىدە ياباش (ۋە) تۇقۇش قوشۇلىدىغان جايدا يازلىدىم، ئۇ يەردە ئوردا سالدۇردۇم. ئوردا تېمى ياساتتىم. مەن مىڭ يىللىق تۈمەن كۈنلۈك (مەڭگۈلۈك دېگەن مەنىدە) پۈتۈك ۋە بەلگەمنى يېسى تاشقا يازدۇردۇم. مۇستەھكەم تاشقا ئويدۇردۇم. توققۇز ئوغۇز... بەگلىرى كەلدى... دۈشمەنلىشىپتۇ. ئوگۈنبەگ ۋە قارا بۇلۇقتا ئولتۇراقلاشقان قىرغىزلار ئادەم ئەۋەتىپ: «سىلەر قوشۇن تارتىپ چىقىرىڭلار، چىكلارنىمۇ چىقىرىڭلار» دەپتۇ. «دىققەت قىلىڭلار، ئورمانلىقتا ئۇچرىشايلى!» دەپتۇ. ئۆتۈكەن... دەپتۇ. توققۇزىنچى (كۈنى) قوشۇن چىقاردىم... تۇتۇق بېشى بىلەن چىكلارغا مىڭ ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ يۇرتىغا ئاز ساندىكى ئەرلەرنى ئەۋەتتىم. «سىلەر پەخەس بولۇڭلار!» دېدىم. قىرغىز خانى كۆگمەن تېغى ئىچىدىكى ئۆيىدە ئىكەن. ئاتلىق پايلاقچىسىنى ئىتتىپاقچىلىرىنىڭكىگە ئەۋەتىپتۇ. ئاتلىق پايلاقچىلارنى مېنىڭ يىگىتلىرىم يېڭىپ، «تىل» (ئەسىر) قىلىپ تۇتۇپتۇ. ئۇ (تۇتۇلغان «تىل»): خانغا ئىتتىپاقچىلىرى (ياردەمگە) كەلدى، لېكىن قارلۇقلار ياردەمگە كەلمىدى، دەپتۇ. قارلۇق... كەم (دەرياسى)... ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئارقارباشى (دېگەن يېرى)نى مۇز قاپلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئارقامىشنىڭ تۆۋەن يېنىدىن سال سېلىپ ئۆتتۇم. ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىدە (ئۇلارغا) ئۇچرىدىم. بولچۇ دەرياسىدا ئۈچ قارلۇقنى تارمار قىلدىم. ئۇ يەردىن قايتىپ كەلدىم. مېنىڭ مىڭ ئادىمىم چىك خەلقىنى سۈرۈپ كەلدى... سىز بېشىدىكى پاسىلىم ئىچىدە (ئۆيۈمدە) يازلىدىم. ئۇ يەردە تەڭرىگە تاۋاپ قىلدىم. چىك خەلقىگە تۇتۇق ئەۋەتتىم ۋە ئىشبارا ھەم تارقانلارنى ئەۋەتتىم... ئەر كەلدى، قارلۇق كۆلدە، ئۇلار تاغدا دۈشمەن ... دەپ چۇقان سېلىپ كەلدى. ئون بەشىنچى كۈنى.... تايغان كۆلىدە (ئەسكەرلىرىنى) يىغدىم. ئالدىن يۈرەر قىسىملىرىمنى ئەۋەتتىم. ئەرلەر كەلدى، قارابوتالىقتىن ئۆتۈپ، (دۈشمەننى كېلىشكە) مەجبۇر قىلدى. مەن ئالدىن يۈرۈش قىلدىم... بولدى. (ئۇلارغا) قارلۇقلارغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ... ۋە «ئىچكى قىسمىنى قالايمىقانلاشتۇرايلى، سىرتتىن قاپسايلى» دەپتۇ. باسمىللار (بىز بىلەن) دۈشمەنلىشىپ ئۆيۈمگە بېسىپ كەلدى. ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىدىم. سىرتتىن ئۈچ قارلۇق... ئۈچ ئىدۇق، تاتار... تۈركەش.... ئۆتۈكەندە، مەن ... بېشىدا (ئۇلارغا) زەربە بەردىم. بەشىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىسى سوقۇشتۇم، ئۇ يەردە سانجىدىم. ئىچۈي (دەرياسىدىن) ئۆتۈپ، كۈن چىققاندا سانجىشتىم. ئاندىن كېيىن تۈركەشلەر قارلۇقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلىۋېلىپ، تۇرار جايلىرىغا قايتىپتۇ، مېنىڭ

تۇرار جايىمغىمۇ بېرىپتۇ... دۈشمەن بولدى... تۇرۇپ، يېرىگە باردى. ئۇلارنى قوغلاپ... سەككىزىنچى ئايدا يولغا چىقتىم. مەن ئۆيۈمنى ئەرسەگۈندە يۇلا دېگەن كۆل بويىغا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇ يەردىن قوغلاپ ماڭدىم... باسمىللارنى قالدۇرۇپ... ئاينىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى قارلۇقلارنى... يوغرا تۇزلەڭلىكىدە ئەسكەرلىرىگە (نەيزە) سانجىدىم. ئۆيى ئون كۈن ئىلگىرى ئۈركۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردىن قايتىپ كەلدىم. ئىرلۇن ۋە تالاقىمىندا قوغلاپ يېتىشۋالدىم. بۇرۇن تابغاچتىكى ئوغۇز ۋە تۈرك خەلقى (ئۇلاردىن ئايرىلىپ) يولغا چىقىپتۇ، ئۇ يەردە قوشۇلدى. ئۇ يەردە بەگلەر... مېنىڭ قوشۇنۇم ئۈچ... تۇغ... بەش يۈز كىشىلىك تولۇق قوراللانغان پىيادە ئەسكەر بىر ـ ئىككى قېتىم شىددەت بىلەن كەلدى. ئۇ چاغدا تەڭرى يەر ۋە دېدەك ـ قۇللىرىمنى، خەلقىمنى ساقلىدى، ئۇ يەردە (نەيزە) سانجىدىم. ... ئۇ يەردە، خەلقلەر (ماڭا) بويسۇندى... قېچىپ قارلۇقلارغا قوشۇلدى. ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ، ئورخۇن ۋە بالىقلىق دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش جايىدا ئەل ئۆيى (خان ئوردىسى) سالدۇردۇم، ئەل ئۆيىنى..... ئون بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمىسى، قارا بۇلاقنىڭ شەرقىدە سوقاق يولىدا چىگىل تۇتۇق تۇغۇرغۇ (دەرياسىدىن؟) ئۆتۈپ ... (نەيزە) سانجىدىم. قارلۇق، باسمىل... يىغىلىپ... چۈشتۇم... باسمىلغا... ئاپا... توسۇلۇپ قاپتۇ.... بىلمەس ھەممىسى قېچىپ پېتىراپ... مەن سالدىم. مۇنچە كۆپ پۈتۈكلەرنى ... (مەڭگۈتاش) پۈتۈكلىرىنى ئويدۇردۇم. كەلدى... قارلۇق خەلقى... شۇنداق قىلىپ، سەككىزىنچى ئاينىڭ ئۈچىدە يۈرۈش قىلدىم... قارلۇقلارنىڭ تىرىكلىرىنىڭ ھەممىسى تۈركەشلەرگە كەلدى. قايتىپ كېتىپ، ئونىنچى ئاينىڭ ئىككىسى باردىم... دېگىنى ئۈچ .... زەربە بەردىم. ..... (قايتىپ) كەلدىم، شۇنىڭدىن تارتىپ باسمىل ۋە قارلۇقلار يوقىتىلدى. قوي يىلى (755 ـ يىلى)... يازلىدىم.... تابغاچ خانى خاقان .... بېرىپتۇ... بىر قىزى، سەككىز ئوغلىنى ئەسىرگە ئالدىم.... يېنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلدىم.... ئىككى (قىسىم) خەلقنى ئېلىپ .... ئۆتۈكەن ... زەربە بەردىم. ئۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ، مىڭدەك ئەسكەرنى(؟) ئەۋەتتىم. بەخت يارىتىدىغان تۈغنى.... ئۇ يەردە.... خەلقنى.... ئىككىنچى ئاينىڭ ئالتىسى ئۆيۈمگە چۈشتۈم. توخۇ يىلى (757 ـ يىلى) دا ... بېرىپتۇ... يوقىتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، كەلدى. ئىككى قىزىنى (سوۋغا قىلىپ) بەردى ... بېرىپتۇ... سۆزىڭىزنى يىرماي، دېدى. خاتا ئىش قىلماي، دېدى... بويسۇنمىدى... سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسىدا بايبالىقىنى سالدۇردۇم... (يىگىرمىسى؟) ئۇ يەردىن قايتىپ... ئۈچ تۇغنى... بىرلەش... يىگىرمە بىرى ئوردىنى... يىگىرمە ئۈچى ئۇ يەردە (نەيزە) سانجىدىم. يارىش ۋە ئاغۇلىغ ئارىلىقىدا... ئۈچ تۈمەن... نەيزىلىگەن يەردە... ئويلاپتۇ... ئىككىنچى ئاينىڭ ئون ئالتىسى، ئۈچ تۇغلۇق تۈرك خەلقى ... سەككىز ئوغۇز، توققۇز (تاتار...) خوتۇن بىگەنى ئۆز بىلگە.... مىڭ يىلقىنى قالدۇرۇپتۇ، بىر تۈمەن قوينى قالدۇرۇپتۇ. قوشۇن قوماندانى مەن ... ئەلتەبەر، مەن مىڭ يىلقا، بىر تۈمەن قوينى تۇتتۇم... كەلتۈردۇم⑬.

## «بايانچۇر (2) مەڭگۈتېشى»

بۇ مەڭگۈتاش 1957 ـ يىلى موڭغۇلىيەدىكى هانگاي تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تېرخىن دەرياسىغا (چاغاننۇر كۆلىگە) يېقىن تارىيات دېگەن جايدىن تېپىلغىنى ئۈچۈن «تېرخېن مەڭگۈتېشى»، «تارىيات مەڭگۈتېشى» دەپمۇ ئاتالغان. رۇس تۈركولوگى س. گ. كىلياشتورنىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مەڭگۈتاش تېكىستىنىڭ ئاساسلىق قىسمى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (747 ــ 759 ـ يىللار) نامىدىن يېزىلغان. مەڭگۈتاش تېكىستىنىڭ ئاپتورى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ ئوغلى قۇتلۇق تارقان سەنگۈن (يەنە بىلگە تارقان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، ئۇنىڭ نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە ئىدىكەن

قاغان، بۆگۈ قاغان، تەڭرى قاغان دەپ ئاتالغان. بۇ مەڭگۈتاش ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر ئەڭ دەسلەپكى يادىكارلىق بولۇپ، ئۇ ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئەلنى سوراپ تۇرغان مەزگىلدە 753 — 756 - يىللىرى تىكلەنگەن. مەڭگۈتاش تېكىستىدە بىلگە تارقاننىڭ نامىدىن دادىسى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ تۆھپىلىرى مەدھىيەلەنگەن. قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار باشقا مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىدا ۋە كونا - يېڭى «تاڭنامە»دە ئۇچرىمايدۇ[14].

«بايانچۇر (2) مەڭگۈتېشى»نىڭ مەزمۇنى:

غەرب تەرىپى

(1) مەن، تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (بىلەن) تەڭرىدىن بولغان ئەل بىلگە قاتۇن، قاغان - قاتۇن ئاتاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ چاغدا ئۆتۈكەننىڭ غەربىي چېتىدە، تەز دەرياسىنىڭ بېشىدا بارگاھ قۇرغۇزدۇم. شۇ يەردە يولۋاس ۋە يىلان يىلى ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدۇم. (2) ئەجدىها يىلى ئۆتۈكەن ئوتتۇرىسىدىكى سۈڭۈز باشقان مۇقەددەس چوققىسىنىڭ غەرب تەرىپىدە يايلىدىم. شۇ يەردە بارگاھ قۇرغۇزدۇم، سېپىل سوقتۇردۇم. مىڭ يىللىق تۈمەن كۈنلۈك پۈتۈكۈمنى، تامغامنى شۇ يەردە (3) سىلىق تاشقا ئويدۇردۇم، يوغان تاشقا ئورناتقۇزدۇم. يۇقىرىدا كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇشى، تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن ئېلىمنى قۇردۇم. تۈزۈملىرىمنى تىكلىدىم. ئالدىمدا كۈنچىقىشتىكى خەلقلەر، ئارقامدا ئايچىقىشتىكى خەلقلەر، (4) دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىدىكى خەلقلەر (ئۆزلىرىنىڭ) كۈچلىرىنى ماڭا بېرۇر. دۈشمىنىم ئۆز نېسىۋىسىدىن ئايرىلدى... سەككىز (دەريا) مېنى سۆيۈندۈردى. مەن قارغا ۋە بۇرغۇ دەريا بويلىرىدىكى ئاشۇ يەرلەردە تۇرىمەن، ئىككى

دەريالىرىمنىڭ ئارىلىقىدا كۆچىمەن. (5) ياپلىقىم ئۆتۈكەننىڭ غەربىي ئۇچىدا، تەز دەرياسىنىڭ بېشىنىڭ شەرقىدە، مەن شۇ يەردە تۇرىمەن، كۆچىمەن... مېنىڭ خاھىشىم بويىچە، ئۇنىڭ ئۆتۈكەندىن ئاتالاندى. «قوشۇن تارت، خەلقنى يىغ» (دېدىم؟)... «جەنۇبىي چېگرانى، ئالتۇنتاغدىكى غەربىي چېگرانى، كۆگمەندىكى شىمالىي چېگرانى قوغدا!» (دېدىم؟) (6) تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانىم (دۆلەت) ئىچىدە تۇرۇشلۇق (بارلىق) قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى ئىنانچۇ باغاتارقان، ئۇلۇغ بۇيرۇقلار جەمئىي توققۇز: بىلگە تاي سەنگۈن تۇتۇق، بەشيۈزبېشى؛ كۈلۈگ ئۆگى ئۆز ئىنانچۇ، بەشيۈزبېشى؛ ئۇلۇغ ئۆز ئىنانچۇ (7) ئۇرۇڭۇ، يۈزبېشى؛ ئۇلۇغ ئۇرۇڭۇ؛ تۆلىس بەگلىرىنىڭ ئوغلى مىڭبېشى، تۆلىسلىق كۈلۈگ ئەرەن؛ تاردۇش بەگلىرىنىڭ ئوغلى مىڭبېشى، تاردۇشلۇق كۈلۈگ ئەرەن؛ تاردۇش ئىشبارىش مىڭ ئەسكەربېشى؛ ئالىپ ئىشبارا سەنگۈن ياغلاقار (8)... توققۇز يۈز ئەسكەربېشى؛ تويقاننىڭ ئۇلۇغ تارقانى (بارگاھنىڭ سەردارى) بۇقۇنىڭ مىڭ كىشىلىك قوشۇنى (9)... قەبىلىسىنىڭ مىڭ كىشىلىك قوشۇنى؛ باتۇر ئاتاچۇق قەبىلىسىنىڭ مىڭ كىشىلىك قوشۇنى

## شىمال تەرىپى

(10) تەڭرى قاغانىم نۇرغۇنلىغان يولدىن ئازغانلارنى (قارىغۇلارنى) تۇتتى. بەش (مىڭبېشى)... قۇتلۇق چىگشى، قانچۇ ئالىپ بىلگە چىگشى... قاغان ماغدۇرسىزلانغان ئوغۇز خەلقىنى، ئۇنىڭ ئالتە يۈز سەنگۈن، بىر تۈمەن قوشۇنىنى(سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى «خەلقىنى»)قولغا چۈشۈردى. (11) بۇ پۈتۈكنى يېزىۋاتقاندا، ئەي قاغانىم! تەڭرى قاغانىمنىڭ ئاتلىقلىرى (ياكى ئەمەلدارى)، توققۇز تاتار، ئازلارنىڭ ئون يەتتە بۇيرۇقى، سەنگۈنلەر، تۆڭرا (قەبىلىسىنىڭ) مىڭ كىشىلىك قوشۇنى،

ئۇيغۇر خەلقى تېگىنلىرىم بىلەن بىللە، تۇرغاق (لەشكەر) باشلىقلىرى، باتۇر ئاتاچۇق ۋە بەگزىك ئەرچىگشى بەگ تارقانلار بىلەن ئۈچ يۈز تۇرغاق بىلەن بىللە قاتناشتى. (12) تەڭرى قاغانىمنىڭ ئوغلى بىلگە تارقان ۋە قۇتلۇق بىلگە يابغۇ... تۆرىلىرى، قۇملۇق يەرنىڭ (ياكى ئىسسىق يەرنىڭ) سەردارلىرى (داھىيلىرى)، بايىرقۇ خەلقى، ئاز ئاشپاتاي سەنگۇنى ۋە خەلقى، تۆڭرا (قەبىلىسىدىن) باش قايباش، ئۈچ قارلۇق شۇنچە جىق كىشىلەر قاتناشتى. يابغۇغا قاراشلىق خەلق (13) تەڭرى قاغانىمنىڭ ئوغۇللىرى... خەلققە... ئۇدۇرغاندا... چابىش سەنگۇننىڭ (خەلقى) ۋە توقۇز بايىرقۇ (خەلقىنى) يەنە بويسۇندۇردى. توقۇز تاتار ـ شۇنچە كۆپ خەلقلەر، چادىغا (شادغا) قاراشلىق خەلق (14) ... ئۇ شۇ چاغدا ھۇجۇم قىلدى. بۇنى ياراتقان بىلگە قۇتلۇق تارقان سەنگۇن، مۇنچە كۆپ خەلقنى شەرەپ بىلەن (يەڭدى)! ياغما ۋە (ئا) لۇم چىسى (لۇم ۋە چىسى؟ ياكى ياغما خەلقىدىن ئالۇمچى؟)گە (قارشى) ئىككى كىشىنى ئەۋەتتى. قۇتلۇق بىلگە سەنگۇن ۋە ئۇرۇڭۇ قۇتلۇغ تارقان سەنگۇن ئىككىسىگە «بىرىڭلار» (15) دەپ بۇيرۇق قىلدى. تاردۇشلۇق بىلگە ۋە قۇتلۇق (ھەر ئىككىسى) بايىرقۇ خەلقىدىن. ياغمىنىڭ باشلىقلىرى، تابغاچلار ۋە سوغداقلاردىن بىلگە سەنگۇن، ئۆزىل ئوڭ ئەركىن

## شەرق تەرىپى

(16)... يوللۇغ قاغان... بۇمىن قاغان (بۇ) ئۈچ قاغان تەختتە ئولتۇردى. (17).... ئۇلارنىڭ خەلقى غەزەپكە كېلىپ ھالاك بولدى... ئىككى ئەمەلدارنىڭ سەۋەبىدىن ئاجىزلاشتى ۋە ھالاك بولدى. قادىر قاسار ۋە بەدى بەرسىل داڭلىق (؟) ئوغۇز (18)... مېنىڭ ئەجدادلىرىم تەختتە 80 يىل ئولتۇرغان. ئۆتۈكەن ئېلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەر ئورخۇن دەرياسىدا مېنىڭ قاغانىم ئىككىنچى قېتىم تەختكە چىقتى. (19)... يىل تەختتە

ئولتۇرغان... يىل ئۆتتى. ئاتامنى يۇقىرىدا كۆك تەڭرى، تۆۋەندە قوڭۇر يەر يەنە (20)... مېنى بەلگىلىدى، مەن 28 يېشىمدا يىلان يىلىدا تۇرك ئېلىنى پاراكەندە قىلدىم. ئۇلارنى ۋەيران قىلدىم (21)... ئاتلىق قوشۇنۇمنى ئەۋەتتىم. مىڭ كىشىلىك قوشۇن ماڭدى، «ئۆزمىش تېگىن ئودۇرغاندىن كېلىۋاتىدۇ!» دېدى، «ئۇنى تۇت!» دېدى (22)... ئۇلارنى قوغلىدىم. قاراقۇمدىن ئۆتتۇم ۋە كۆگۈرگە كەلگەندە، كۆمۈر تېغى ۋە يار دەرياسى يېنىدا يەتتىنچى ئاينىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئۈچ تۇغلۇق تۇرك خەلقىگە (ھۇجۇم قىلدىم (23)... شۇ يەردە ئورنىتىشقا بۇيرۇدۇم، خان... شۇ يەردە ئۆلدى. شۇ يەردە تۇرك خەلقىنى بويسۇندۇردۇم. شۇ يەردە يەنە (24)... ئۆزمىش تېگىن خان بولدى. قوي يىلى يۈرۈش قىلدىم.

جەنۇب تەرىپى

(25) ئىككىنچى قېتىم ئۇلار بىلەن ئېلىشتىم. ئىككىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدىم... مايمۇن يىلىدا يۈرۈش قىلدىم... ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدىم.. ئۇ يەردە يەڭدىم. شۇ يەردە ئۇلارنىڭ خانىنى (26) تۇتتۇم. خاتۇنىنى شۇ يەردە ئالدىم... شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى كەلدى.... توخو يىلى يۈرۈش قىلدىم ۋە شۇ يەردە تۇردۇم. بەشىنچى ئاينىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار يىغىلدى. (27) ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدىم ۋە ئۇ يەردە غەلىبە قىلدىم. بەگ... يېڭىلگەنلىكىدىن ئىگەدىرلەر پارچىلاندى... شۇنىڭدىن كېيىن ئىت يىلى ئۈچ قارلۇقلار ئاسىيلىق قىلىشنى ئويلاپ قاچتى. غەربتىكى ئون ئوق (خەلقىنىڭ مەملىكىتىگە) (28) كىردى. شۇ چاغدا... توققۇز يىلى ئۈچ قارلۇقلار، توققۇز تاتارلار... توققۇز بۇيرۇق... سەنگۈنلەر ۋە ئاتام تۇرىيانلارنىڭ بارلىق خەلقى ھۆرمەت بىلەن ئۇنى قاغان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. «بۇ ئەجدادلارنىڭ ئارزۇسى (مۇشۇنداق) ئىدى!» (29) دېيىشتى.

ئەتراپىدىكى (بارلىق) ئەللەرنى ئۇ مەغلۇپ قىلدى... شۇ چاغدا (ئۇنى) يابغۇ دەپ ئاتاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن چاشقان يىلىدا «ئىسەنلىككە ئىگە بولغانلىقى كۆچى پۈتۈن خەلقنى تەرتىپكە سالدۇ، ئىسەنلىكى يوقنىڭ كۆچى بولاق سۆيىدەك بولۇپ قالدۇ» (دەپ)، پۈتۈن خەلق ئۇنى تۇرىيان قاغان (30) دەپ ئاتىدى. تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان، (خوتۇنىنى) ئەل بىلگە خاتۇن دەپ ئاتىدى. (ئۆزۈمنى) قاغان، (خوتۇنۇمنى) خاتۇن دەپ ئاتاپ، بارگاھىمنى ئۆتۈكەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆڭۈز باشقان مۇقەددەس چوقىسىنىڭ غەربىگە قۇردۇم. بۇ مەڭگۈتاشنى ياراتقۇچى بۆكە تۇتام[15].

## «تەس مەڭگۈتېشى»

بۇ مەڭگۈتاش 1976 ـ موڭغۇلىيەدىكى تەس دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى نۇرغۇن تولغوي ئېگىزلىكىنىڭ يېنىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، «تەس مەڭگۈتېشى» دەپ ئاتالغان. «تەس مەڭگۈتېشى» ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئېغىرراق، ئەمما ئەڭ مۇھىم بولغان يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (بايانچۇر747 ــ 759 ـ يىللار) دەۋرىگىچە بولغان ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ تارىخى، جۈملىدىن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەقدىرى، كۆل بىلگە قاغان ۋە ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان باشچىلىقىدىكى ئۈچىنچى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بەرپا بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن، بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار كونا، يېڭى «تاڭنامە»دە ئۇچرىمايدۇ، شۇڭا تەس مەڭگۈتېشىدىكى مەلۇماتلار زور سېلىشتۇرما قىممەتكە ئىگە. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، «تەس مەڭگۈتېشى»نىڭ ئاپتورى بايانچۇر قاغاننىڭ يېقىن تۇغقىنى تۆپەك ئالپ شۇل دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ مەڭگۈتاشنى بۆگۈ قاغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېڭىدىن تەختكە چىققان ۋاقىتتا، توغرىسى 761 ـ، 762 ـ يىللىرى ئورنىتىلغان، دېيىشكە بولىدۇ ⑯.

«تەس مەڭگۈتېشى»نىڭ مەزمۇنى:

(1) (بۇ قۇر پۈتۈنلەي بۇزۇلغان) (2)... يىلى... (3)... كۆتۈرۈلدى (يەنى كىگىزدە، تەختكە كۆتۈرۈلدى)... (4)... كۆتۈرۈلدى (يەنى كىگىزدە تەختكە كۆتۈرۈلدى). ئۇيغۇر خاقانىم (ئەل) تۇتقاندا ... توخۇ يىلى (5)... ئەل ئەتمىش خاقانىم ئۆلۈپ، (ئۇنىڭ) جېنى ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى، مېنىڭ يابغۇم قاغان بولدى... (6) (تەختكە) ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن (بىرسى) تاردۇشلارغا يابغۇ، (يەنە بىرسى) تۆلىسلەرگە شاد بولدى. خاقانىم ئەلنى باشقۇردى (ياكى خاقانىم ئەل تۇتمىش)... (7) ئۆتكەن زامانلاردا يارالغان (ياكى بارلىققا كەلگەن).... ئۇيغۇر قاغانلىرى تەختكە ئولتۇردى، (ئۇلار) دانىشمەن ۋە ئۇلۇغ قاغانلار (ئىدى) (8)... ئۇلار تەختتە ئولتۇردى. ئۈچ يۈز يىلغىچە كۆپلەپ (سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى «مىڭلاپ») ئۆز ئەللىرىنى باشقۇردى. كېيىن ئۇلارنىڭ خەلقى بەربات بولدى. (9) (ئۇلارنىڭ خەلقى؟) بۇزۇق باشلىقلىرىنىڭ (يامان يولغا باشلىشى بىلەن) يۈز ئۆرۈپ بەربات بولدى، بولمىغۇر كۆلنىڭ ۋە ئىككى مۆتىۋەرنىڭ (قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن) بەربات بولدى. (10)... بەدى بەرسىل ۋە قادىر قاسار شۇ ۋاقىتتا قۇربان بولدى. شۇ خەلقىم ئۆزئارا كۆپ جاڭجاللاشتى (11)... ئۆتكەن ۋاقىتلاردا (ئۇلار) تابغاچلارغا قارشى تۇرۇپ مەغلۇپ بولغانىدى. ئۇيغۇر قاغانى ئون يىل تەختتە ئولتۇردى. (ئاندىن) يەنە يەتمىش يىل ئۆتتى. (12)... تەڭرىدىن يارالغان ئەل ئەتمىش ئۇيغۇر قاغانى تەختتە ئولتۇردى. (13)... ئىدى. قاغان ... ئىككى (؟) ئىدى. ئاندىن كېيىن ئۆدكەنچ قاغان بولدى. (14)... ئۈچۈن ئوتتۇز ... ئەلنى سوردى. ئاندىن ۋاپات بولدى. (15)... تەڭرىدىن يارالغان ئەل ئەتمىش قاغانىم تەختتە ئولتۇردى، ئەلنى سوردى. (16)... ئۆز بەلگىسىنىڭ (شۆھرىتى) ئۈچۈن قاغانىم ئالدى تەرەپتىكى،

كۆنچىقىش تەرەپتىكى خەلقلەرگە (يۈرۈش قىلدى ؟) (17).... مەدھىيە ئوقۇپ ئۈنى (ئەلگە) باشلىق قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. (18).... كۆل بەگ بىلگە قاغان...... (19) ... ئۇ قارسا قورۇغدا تۇرۇپ قالدى، سىپىل سوقتۇردى، تەخت ياساتتى. (شۇ يەردە) يازلىدى. (20)..... شەرقتە، ئەلسەردە (؟) تۇرۇپ قالدى. بەلگىسىنى، پۈتۈكىنى چەكتۈردى، ئورناتقۇزدى. (21).... توققۇز بۇيرۇق.... ئۇيغۇرۇم، قاي... (22) (بۇ قۇر پۈتۈنلەي بۇزۇلغان)⑰.

## «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈتېشى»

بۇ مەڭگۈتاشنىڭ تولۇق ئاتىلىشى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى»دۇر. ئۇ 1899 ـ يىلى موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان قارا بالغاسۇن شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى سايرام كۆلى بويىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، «قارا بالغاسۇن مەڭگۈتېشى» دەپمۇ ئاتالغان. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈتېشى»غا قەدىمكى تۈركچە، سوغدچە ۋە خەنزۇچە ئۈچ خىل يېزىقتا خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمكى تۈركچە تېكىستى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، پەقەت ئىنتايىن ئاز قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان، سوغدچە تېكىستىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، ئانچە كۆپ ساقلىنىپ قالمىغان، پەقەت خەنزۇچە تېكىستىلا بىرقەدەر مۇكەممەلرەك ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان قىسمى تەخمىنەن 1600 خەت ئەتراپىدا كېلىدۇ. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈتېشى» ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي تەزكىرە شەكلىدە يېزىلغان مۇھىم بىر يادىكارلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى كۆل بىلگە قاغان دەۋرىدىن

www.uyghurkitap.com

تارتىپ تاكى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان (يەنى ئادالەت قۇچقان قاغان، 808 — 821 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىگىچە بولغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغاننىڭ خانلىق هاكىمىيىتىنى ۋە زېمىن تېررىتورىيەسىنى مۇستەھكەملەش يولىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى، بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ 755 — 763 - يىللاردىكى ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرغانلىقى، جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىلىرىغا يۈرۈش قىلىپ، بەشبالىق، كۇچا قاتارلىق جايلارنى تىببەتلەردىن قايتۇرۇۋالغانلىقى مەدھىيەلەنگەن. خەنزۇچە قىسمىدىكى تېكىستلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يادىكارلىق ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا بىرنەچچە ئەۋلاد باش ۋەزىر بولغان ئىل ئۆگەسى تەرىپىدىن تەخمىنەن مىلادىيە 814 - يىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپتورى باغا تارقان دېگەن كىشى ئىكەن[18].

«توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈتېشى»نىڭ سوغدچە قىسمىنىڭ مەزمۇنى:

(1) بۇ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش بىلگە ئۇيغۇر قاغاننىڭ ... ئابىدىسى... (2) بۇ ھۆكۈمران، تەڭرى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاتا قىلغان ئۇلۇغ تۈركلەرنىڭ جاهان ھۆكۈمرانى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش (ئالپ بىلگە قاغان)... تىگىر ئۆگە (سى) بىز بۇ ئابىدىنى تىكلىدۇق. (3)... ئوغۇز ئىل ئۆگەسى ئالىپ (ئىنانچۇ) باغا تارخان ... ئۆگە ئوتۇر باغا تارخان ... قۇتلۇغ.... (4) ئۇلار تەلەيلىك بولغانلىقتىن ئېرىشتى، ئۇ ھۆكۈمرانغا ئايلانغان ۋاقىتتا (؟) (ئۇ) دانا... (5)... ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچى بىلەن ... ئۇ نۇرغۇن يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ... (تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇچى كۆل بىلگە) قاغان... (6)... (7) بارلىق ھۆكۈمرانلار.... ئۇ نۇرغۇن يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى... (كۆل) بىلگە قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە تەڭرىدە بولمىش ئەل

ئەتمىش بىلگە قاغان ۋارىسلىق قىلدى... (8) (تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇچى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئەل تۇتمىش ئالىپ قۇتلۇق) قاغان بولدى... ۋاقىتتا، ھۆكۈمران سۈپىتىدە... (9)... بولۇپ (؟) ... تەڭرىخان سۈپىتىدە... (10)... بولۇپ... پىركالان مانىنىڭ دىنى ... تەڭرىخان ... تۇتۇقلىرى ... (11) بىز يات دىنغا (ئېتىقاد قىلىپ)... تەڭرىخان... سىلەر يورۇقلۇق دىنى، يەنى پىركالان مانىنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلدىڭلار... كېيىن... تەڭرىخان ... سىلەر يەنە ... (12)... تەڭرىخان بارلىق ... مۇنداق دېدى: ... چۈنكى سىلەر ... بىز شۇنىڭدىلا ھۆرمەتلەيمىز... (13)... بۆگۈ قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان ۋارىسلىق قىلدى... (14)... قۇتلۇق بىلگە قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ قۇتلۇق ئۇلۇغ بىلگە قاغان ۋارىسلىق قىلدى... ئۇ مۇستەھكەم ئېتىقادى، زېرەك ئەقىل - پاراستى ۋە جەڭدە باتۇرلۇقى بىلەن شۆھرەت قازاندى... ئۇ تولىمۇ ئىستېداتلىق بولۇپ... بىلەتتى. (15) ھاكىمىيەت ئىشلىرى ئىنتايىن قىيىن ھەمدە... دىنىي قائىدىلەرنى ئىگىلەش ... ۋە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىش جەھەتلەردە بارلىق ئېسىلزادىلەرگە (ئوخشمايدۇ)... (16) ... مۇنداق دېدى: ... بارلىق كىشلەر ئۇنىڭغا «بەخت قۇچقان ئۇلۇغ ئۇستاز ئىل ئۇگەسى ئالىپ قۇتلۇق ...» دېگەن ئاتاقنى بەردى... ئۇ باتۇر ھەم... ئىچىدە (ئەل ئىچىدە؟) دىنىي ئەھكاملارنى قوغدىدى (؟) (17) ... (18)... ئۇنىڭ كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىدۇ. ئۇ قىرغىز قاغانىنىڭ ئىككى يۈز مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنىنى يەڭدى ھەم دۆلىتىنى ئىگىلىدى... ئۇلارنىڭ قاغانى ... (19) (ئۇ)... كۈچلۈك تىبەت قوشۇنىنى ۋە تۆت توخرى ھەم باشقا ... شۇنداقلا قارلۇقلارنى ... (يەڭدى)... (20) ئۇ ئوردا (؟) ... قۇردى... ئۇ ئالىپ ... كۆل بىلگە يابغۇ ... دېگەن ئاتاقنى بەردى... قاغان ... ئارقىلىق ... تۈركەشلەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولدى... (21) ئۇ شەرققە يۈرۈش

قىلىپ... گە، غەربكە يۇرۇش قىلىپ... گە يەتتى... ھۆكۈمرانىنىڭ بۇيرۇقى ... (مانى دىنى) ئاڭلىغۇچىلىرى (22) ... ئۇلار... بىلگە ... سۇپىتىدە... ھۆكۈمران ... ناھايىتى قىيىن (؟) (23)... ھەمدە خۇشال ھالدا (؟) ... ھۆكۈمرانلىق ... ئابىدىسى ... بارمىغان (؟). كېيىن تەڭرى ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە... (24)... تۆت ئەتراپ (؟) ... ⑲.

## «سېۋرېي مەڭگۈتېشى»

بۇ مەڭگۈ تاش 1969 ـ يىلى موڭغۇلىيەنىڭ سېۋرېي دېگەن يېرىدىن (يەنى ئىدزىنغول دەرياسىنىڭ سۇيى قۇيۇلىدىغان گاخون، سوغ دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى كۆلنىڭ شەرقىي شىمالىدا) تېپىلغان. بۇ مەڭگۈتاشنىڭ بىر يۈزىگە يەتتە قۇر سوغدچە خەت، يەنە بىر يۈزىگە يەتتە قۇر قەدىمكى تۈركچە خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولغاچقا، بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش خېلىلا قىيىن. رۇس تۈركولوگى كىلياشتورنىي بۇ يادىكارلىقنىڭ سوغدچە قىسمىدىكى «ئۇيغۇر قاغان» ۋە قەدىمكى تۈركچە قىسمىدىكى «ئىنگى ياغلاقار» دېگەنگە ئاساسلىنىپ، سېۋرېي مەڭگۈتېشى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى بۆگۈ قاغان (759 ــ 780 ـ يىللار) دەۋرىگە مەنسۇپ، ئۇ بۆگۈ قاغان تاڭ سۇلالىسىدىكى ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇپ بولۇپ، چاڭئەندىن ئايرىلىپ موڭغۇلىيە ۋادىسىدىكى ئېلىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ چېگراسىغا كەلگەندە ئورناتقان تۆھپە ئابىدىسى، دەپ قارايدۇ. بىراق، تۈركولوگ گېڭ شىمىن قاتارلىقلار بۇ مەڭگۈتاشنى گەنجۇۋ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى ئورموزد قاغان (933 ـ يىلىدىن ئىلگىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىگە مەنسۇپ، دەپ قارايدۇ⑳.

# «سۇجى مەڭگۈتېشى»

بۇ مەڭگۈتاش 1909 ـ يىلى موڭغۇلىيەنىڭ سۇجى دېگەن يېرىدىن تېپىلغان. مەڭگۈتاشقا جەمئىي 11 قۇر قەدىمكى تۈركچە خەت ئويۇلغان، مەڭگۈتاش تېكىستىدە تەسۋىرلەنگەن شەخس بويىلا ئىسىملىك قىرغىز ئاقسۆڭەكى بولۇپ، تېكىستتە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار زېمىنىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، ئىنتايىن باي كىشى ئىكەنلىكى، ئون قوتان چارۋىسى، سانسىزلىغان پادىسى بارلىقى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ مانى روھانىيسىغا 100 چاكار ۋە تۇرالغۇ ئۆي بەرگەنلىكىدەك ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن. بۇ يادىكارلىقنىڭ تەۋەلىكى ۋە دەۋرى ھەققىدە تۈركولوگ گېڭ شىمىن ئۇنىڭ 1 ـ ۋە 4 ـ قۇرىدىكى «ئاتام ياغلاقار قاغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىگە كەلدى»، «مېنىڭ شۆھرىتىم، نامىم كۈنچىقىشتىن تارتىپ كۈنپېتىشقىچە تارالغان» دېگەنلەرگە ئاساسلىنىپ، «بۇ ۋاقىتتا قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنىڭ كونا زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىپ بولغان، خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن بىلىشىمىزچە، بۇ ۋەقە 840 ـ يىلىدىن كېيىن بولغان، شۇڭا بۇ 840 ـ يىلىدىن كېيىنكى يادىكارلىق» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى رۇس ئارخېئولوگى ئا. ن. بېرنشتاممۇ قوللايدۇ. سۇجى مەڭگۈتېشىنىڭ ئىگىسى قىرغىز دەپ قارالسىمۇ، قىرغىزلار ئەمەلىيەتتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن قەبىلىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، يادىكارلىقتىكى چارۋىچى فېئوداللارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكى ۋە مانى دىنىنىڭ ئائىلىلەرگىچە سىڭىپ كىرگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بىر قىسىم تارىخىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كىشىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغىنى شۇكى، س. گ. كىلياشتورنى مەڭگۈتاشتىكى بويىلا باغا تارخاننى بويىلا قۇتلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارخاندۇر، ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاغانىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل، دەپ قارايدۇ[21].

«سۈجى مەڭگۈتېشى»نىڭ مەزمۇنى:

(1) ئاتام ياغلاقار قاغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىگە كەلدى. (2) مەن قىرغىزلارنىڭ ئوغلى، قۇت ۋە ئەمىنلىككە ئېرىشكەن بويىلا. (3) مەن مەشھۇر باغا تارخان، ئېسىلزادە بۇيرۇق. (4) مېنىڭ شۆھرىتىم، نامىم كۈنچىقىشتىن تارتىپ كۈنپېتىشقىچە تارالغان. (5) مەن بايدۇرمەن، مېنىڭ قوتانلىرىم ئون، پادىلىرىم سانسىز. (6) مېنىڭ يەتتە ئىنىم، ئۈچ ئوغلۇم، ئۈچ قىزىم بار، مەن ئوغۇللىرىمنى ئۆيلىدىم. (7) مەن قىزلىرىمنى تويلۇق ئالماي ياتلىق قىلدىم. مەن مانى راھىبكالانلىرىمغا يۈز چاكار ۋە ئۆي بەردىم. (8) مەن جىيەن ئوغلۇمنى ۋە نەۋرەمنى كۆردۈم. ھازىر مېنىڭ ئەجىلىم يېقىنلاشتى. (9) مېنىڭ ئەۋلادلىرىم مانى راھىبكالانلىرىمنىڭ ئۆگۈتلىرىنى ئاڭلىغاي، قاغانغا باتۇرلۇق بىلەن كۈچ چىقارغاي. (10) مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم (قوشۇنغا) كەتتى. (11) مەن (باتۇر ئوغلۇمنى) كۆرەلمىدىم[22].

يۇقىرىدىكى مەڭگۈتاشلاردىن قارىغاندا، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىدىن ئۈچۈر بەرگۈچى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ، بۇ ئابىدىلەر تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى مۇھىم شەخسلىرىنىڭ شەۋكەتلىك ھاياتى ۋە زور تۆھپىلىرى توغرىسىدىكى جانلىق خاتىرە بولۇش بىلەن بىللە، يەنە تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى تارىخىنى جانلىق تەسۋىرلىگەن تارىخىي داستاندۇر. يەنە كېلىپ ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئىنچىكە تەھلىل قىلغاندىلا، خەنزۇچە تارىخنامىلەر ۋە ئەرەب ـ پارس تارىخنامىلىرى ھەم غەرب تارىخنامىلىرىدىكى مۇشۇ دەۋرگە ئائىت خاتىرىلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى دەل جايىدا تولۇقلاپ، مۇشۇ دەۋردىكى شىمالىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، تارىخ، جۇغراپىيە، دىن، مىللەت مەسىلىلىرىنى ئومۇمىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلىش يولىنى ئاچقىلى بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ تارىخي قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، «ئۇلارنىڭ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخشۇناسلىقى جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى قانچە يۇقىرى مۆلچەرلىسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ»[23]. مەڭگۈتاشلارنىڭ تارىخشۇناسلىق ئالاھىدىلىكىنى ئىنچىكە كۆزەتكەندە، ئۇنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، مەڭگۈتاشلار روشەن تارىخشۇناسلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە بولغان، تىل، ئۇسلۇب جەھەتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئابىدە تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلاردا شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى ۋە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ۋاقتى، ئورنى بويىچە خېلى ئېنىق خاتىرىلىنىپ، ئېنىق يىلنامە ئىشلىتىلگەن. ۋەقەلەر بەزىدە قاغانلارنىڭ يېشى بىلەن، بەزىدە يەسىل ئايرىمىسى بىلەن، بەزىدە 12 مۇچەل يىلى بىلەن خاتىرىلەنگەن. بولۇپمۇ 12 مۇچەل يىلنامىسى بويىچە ۋەقەلەرنى خاتىرىلەشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولۇپ، بۇ تۈركىي خەلقلەردە ئاللىقاچان كالېندارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ تارىخي ۋەقەلەرنىڭ ۋاقتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ، مەڭگۈتاشلارنى پەۋقۇلئاددە تارىخي ۋەسىقىلىك قىممىتىگە ئىگە قىلغان، ھەربىر مەڭگۈتاشنى ئەمەلىيەتتە مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتىن بولسۇن خېلى مۇكەممەل تارىخي ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ داڭلىق تۈركولوگى كىلياشتورنىي ئېيتقاندەك: «توغرىلىق ۋە مۇكەممەللىك قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئۆلچىمى»[24]. بۇ، مەڭگۈتاشلارنىڭ مۇھىم بىر تارىخشۇناسلىق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەڭگۈتاشلاردا روشەن تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسى ئەكس ئەتكەن، ئابىدە تىكلەش ئارقىلىق ھۆكۈمدارلارنىڭ شەۋكەتلىك تۆھپىلىرىنى مەدھىيەلەش ھەم يۈز

بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنى خاتىرىلەشتەك بۇ خىل ئادەت ئۆزىدە ئاللىقاچان تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسىنى ھازىرلىغان. ئۇلاردىن «قەھرىمان ئەجدادلارغا چوقۇنۇش»تىن ئىبارەت قەھرىمانلىق قارىشى ۋە «تارىخنى ئەينەك قىلىش» تىن ئىبارەت تارىخ قارىشىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىر تەرەپتىن، مەڭگۈ تاشلاردا ئەل قۇرۇپ تۇزۇم ئورناتقان باتۇر قاغانلار — «قەھرىمان ئەجدادلار» ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلغان يۈرۈشلىرى، قاتناشقان جەڭلىرى، يوقاتقان دۈشمەنلىرى، قازانغان غەلىبىسى ئارقىلىق زور تۆھپىلىرى مەدھىيەلەنگەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتا تۈركىي خەلقلەردە جەڭگىۋارلىقنى ئۇلۇغلاش، قەھرىمانلىققا چوقۇنۇشتەك قاراشنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مەڭگۈ تاشلاردا شۇ باتۇر قاغانلارنىڭ تىلىدىن نۇرغۇن ئىبرەتلىك نەسىھەتلەر بېرىلگەن بولۇپ، بۇ مەڭگۈتاش تىكلەشتىكى مەقسەتنىڭ يالغۇز تارىخنى مەڭگۈلۈك خاتىرىلەپ قالدۇرۇشلا بولماستىن، بەلكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تارىخىي ساۋاقلارنى ئۆرنەك قىلىپ، ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخنىڭ ئەينەكلىك رولىنى چوڭقۇر بىلىپ يەتكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئاڭلىق تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، مەڭگۈتاشلاردا كۈچلۈك ئىلاھىي قاراش ئەكس ئەتكەن، ئۇلاردا كۆك تەڭرى بارچە مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ھەم ئىگىسى، قاغانلار تەڭرىنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلى، ئەل ئالىي ھۆكۈمران، قاغان پەقەت تەڭرىگىلا بويسۇنىدۇ، قاغانغا ئەلنى تەڭرى بەرگەن، تەڭرى قاغاننى قوللايدۇ، قاغان ھەممىدە تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىش قىلىدۇ، دېگەن قاراش

گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆك تەڭرى ئېتىقادچىلىقى(شامان دىنى ئېتىقادى) بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇلار موڭغۇلىيە ۋادىسىدىكى مەزگىللەردە باشقا كۆپلىگەن شىمال مىللەتلىرىگە ئوخشاشلا باشتا ئىپتىدائىي توتېمغا، كېيىن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. كېيىنچە يەنە بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ، كۆك تەڭرى ئېتىقادچىلىقى تارىخىي قاراش، تارىخىي بىلىشتە ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن بولۇپ، مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئەكس ئەتكەن ئالەمنى ياراتقان ئىلاھقا تېۋىنىش، ئىلاھتىن كۈچ ـ قۇدرەت ئالغان ھۆكۈمدارلارنى مەدھىيەلەش، باتۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىقنى قاقا چوقۇنۇشتەك قاراشلارنى مۇشۇنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ.

تۆتىنچىدىن، مەڭگۈتاشلار تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى مۇھىم شەخسلىرىنىڭ شەۋكەتلىك ھاياتى ۋە زور تۆھپىلىرى توغرىسىدىكى جانلىق تەرجىمىھال بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھىم تارىخىي باھا خاراكتېرىنى ئالغان، ئۇلاردا شەخسلەرنىڭ تۆھپە ـ سەۋەنلىكلىرىگە ئەينى زامان نۇقتىسىدىن تۇرۇپ مۇئەييەن باھا بېرىلگەن. بۇ مەڭگۈتاشلارنىڭ تارىخشۇناسلىق قىممىتىدىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر تەرەپتۇر.

ئومۇمەن، تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تارىخشۇناسلىق يەنىمۇ بىخلىنىشقا باشلىغان، ئۇ ئەدەبىيات بىلەن شەكىل ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن بىر «تەن»گە مەنسۇپ بولغان، شۇنداقلا شامان دىنى ۋە مانى دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، يەنە كېلىپ ئۇ تىل، ئۇسلۇب جەھەتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئابىدە تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

## ئىزاھلار:

① فەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 4 ـ قىسىم، خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

② ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى؛ لىن گەن: «تۈرك تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 5 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

③⑤⑭⑯⑱⑳㉑ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

④ د.ئى. تىخونوف يازغان، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان: «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑥⑦⑧⑨⑩⑪⑫⑬ ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑮⑰⑲ لىن گەن، گاۋ زىخۇ يازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

㉒ س . گ . كىلياشتورنىي: «6 ــ 8 ـ ئەسىرلەردىكى ئورخۇن ـ يېنىسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، 71 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

㉓㉔ س.گ. كىلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، 67 ـ، 70 ـ بەتلەر، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ شەكىللىنىشى

## 3 ـ باب قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق

### قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھايات ۋە بۇ دەۋردە تارىخشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشى

مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى نىزالار ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن يىمىرىلىپ، ئۇيغۇرلار ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ جەنۇبقا (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، گەنسۇ ئەتراپلىرىغا) ۋە غەربكە (ھازىرقى تەڭرىتېغى ئەتراپلىرىغا ۋە يەتتىسۇ، ئىسسىقكۆل، پامىر، تارىم بويلىرىغا) كۆچكەندە، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارامى داۋاملىق غەربكە مېڭىپ يەتتىسۇ ۋە سۇيئاب دەرياسى بويىغا كېلىپ، بۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بولغان قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ 850 ـ يىلى قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق كۈچەيگەن مەزگىللەردە زېمىنى شەرقتە كۇچاغىچە، غەربتە مەۋەرائۇننەھرگىچە، شىمالدا ئىلى دەرياسى ۋادىسىغىچە، جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى①. قاراخانىيلار خانلىقى — ئۇيغۇرلار تارىخىدا گۈللەنگەن ۋە قۇدرەت تاپقان

فېئودال خانلىق بولۇپ، بۇ خانلىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە، خانلىق تەۋەسىدىكى ھەرقايسى رايونلاردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا بىلەن بىر قاتاردا مەدەنىيەتمۇ گۈللەپ ـ ياشنىغان دەۋرگە قەدەم قويدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى باشقا خەلقلەر مەدەنىيىتى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرۇش ئاساسىدا راۋاجلاندى. مەدەنىيەتنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرى يېڭى ئامىللار بىلەن بېيىپ تۇردى. جۈملىدىن، 10 ـ ئەسىردە قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام دىنىنى رەسمىي قوبۇل قىلىپ دۆلەت دىنىغا ئايلاندۇرۇشى بىلەن خانلىق دائىرىسىدە تەدرىجىي ھالدا ئەسلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلغان، ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۆزگىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەكىللىنىپ چىقتى. بولۇپمۇ، قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىللە ئەرەب يېزىقى قوللىنىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشقا ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئەرەب يېزىقىنىڭ ئومۇملىشىشىغا تۈرتكە بولدى. كېيىنچە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرمۇ مۇشۇ يېزىقتا يېزىلىشقا باشلىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەر شەھىرى ئىلىم ـ پەننىڭ مەركىزى ئىدى. 11 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى پۈتۈن ئەلدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. ئەرەب ۋە پارسلارنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسى، ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتتى. قەشقەر، بالاساغۇن ۋە سەمەرقەنتلەردە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەر خىل ئالىي بىلىم يۇرتلىرى — مەدرىسەلەر قۇرۇلدى. قاراخانىيلارنىڭ ئاتاقلىق سۇلتانى سۇتۇق (ئابدۇلكېرىم) بۇغرا قارا خان دەۋرىدە

قەشقەر شەھىرىدە قۇرۇلغان ساچىيە مەدرىسەسى شۇ دەۋردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، ھەر خىل ئىلىملەرنىڭ ئوچىقى ئىدى. ساچىيە مەدرىسەسىدە ئىسلام پەلسەپىسى، تارىخ، ئەدەبىيات، ئىلمىي نۇجۇم(ئاسترونومىيە)، تىبابەتچىلىك، رىيازەت (ماتېماتىكا)، جەبىر (ئالگېبرا)، ئەخلاق، مۇزىكا قاتارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن دەرس ئۆتۈلەتتى. شۇ دەۋرلەردە كۆپلىگەن ئۆلىما، ئەدىب، شائىر، تىلشۇناس، پەيلاسوپلار، ئوتاچىلار (تېۋىپلار) مۇشۇ بىلىم بۆشۈكى بولغان ساچىيە مەدرىسەسىدە يېتىشىپ چىققان. يەنە قەشقەردە قۇرۇلغان ھەمىدىيە مەدرىسەسىمۇ ئاتاقلىق مەدرىسەلەردىن بولۇپ، بۇ مەدرىسە قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى ۋە باشقا ساھەدىكى كىشىلەردىن نۇرغۇن ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ يازلىق سەيلىگاھى بولغان ئوپالدا مەھمۇد كاشغەرىي تەرىپىدىن قۇرۇلغان مەھمۇدىيە مەدرىسەسىمۇ داڭلىق مەدرىسەلەردىن بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇ مەدرىسەدە سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ نۇرغۇن ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ، «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دېگەن شەرەپلىك نام ئالغان. قاراخانىيلار خانلىقىدا قەشقەر، ئاتۇشتا قۇرۇلغان مەدرىسەلەردىكى ئىلمىي پاكىتلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ مەدرىسەلەردە مۇدەررىسلىك قىلغان زور ئالىملار ئاساسەن دېگۈدەك سامانىيلار دەۋرىدە بۇخارا، سەمەرقەنت، باغدادتا يېتىلگەن ئالىملار ئىدى②. بۇ ئىلىم ئەھلىلىرى تۈرك، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، كېيىنكىلەرگە جاھانشۇمۇل يازما مىراسلارنى قالدۇرغان.

بۇ دەۋردە تارىخشۇناسلىق ئەسلىدىكى بىخى ئاساسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ۋە ئەرەب ـ پارس تارىخشۇناسلىقىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ رەسمىي شەكىللەنگەن. بۇ مەزگىلدە ئەبۇلفۇتۇھ ئابدۇلغاپپار ئىبنى ھۈسەيىن ئەلمايى كاشغەرىي

«تارىخى كاشغەر» ناملىق چوڭ ئەسەرنى، مۇھەممەد ئىبنى ئەل كاتىپ سەمەرقەندى «ئەغرازۇ سىياسىي فى ئىلمى سىياسىي» ناملىق ئەسەرنى، مەجىددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەدنانى «تۈركىستان ۋە قىتاي» ناملىق ئەسەرنى، مەجىددىن مۇھەممەد ئەل ئەۋفى «جامىئۇل ھېكايەت» ناملىق ئەسەرنى، يەنە ئەبۇل فەيزى مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەيىن بەيھەقى 30 تومدىن ئارتۇقراق تارىخىي ئەسەرنى، بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ، ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلار، ئۇلۇس – مىللەتلەر، پادىشاھلار، مەشھۇر شەخسلەر، ئالىم – ئۆلىمالار ۋە ۋەقە – ھادىسىلەرنى تەزكىرە، تەرجىمىھال، ھېكايەت شەكلىدە بايان قىلغان ③.

قاراخانىيلار تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان «تارىخى كاشغەر» («قەشقەر تارىخى») نىڭ ئاپتورى ئەبۇلفۇتۇھ ئابدۇلغاپپار ئىبنى ھۈسەيىن ئەلمايى كاشغەرىي (تەخمىنەن 1098 – يىلى ۋاپات بولغان) قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق مۇدەررىسى ۋە بۈيۈك تارىخچىسى بولۇپ، ئۇ ساچىيە مەدرىسەسىدە يېتىشىپ چىققان ۋە شۇ مەدرىسەدە مۇددەرىسلىك قىلغان. ئۇ يەنە «مۇجەممە ئۇشاق» («ئۇستازلارنىڭ توپلانغان جايى») ناملىق نادىر ئەسىرىنى يېزىپ يۇقىرى ئابروي قازانغان. «تارىخى كاشغەر»نىڭ ئەسلىي قول يازمىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئەمما، بۇ ئەسەرنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى ۋە موڭغۇللارغا دائىر بىر قىسىم مەزمۇنلىرى 13 – ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشىنىڭ قەشقەردە يېزىپ تاماملىغان «مۇلھەقاتۇس سۇرراھ» («سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما») دېگەن ئەسىرىدە ساقلىنىپ قالغان④. مەزكۇر ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋردىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال، شۇنداقلا ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تۇنجى ھەقىقىي مەنىدىكى تارىخىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

«ئەغرازۇ سىياسىي فى ئىلمى سىياسىي» ناملىق ئەسەرنىڭ

ئاپتورى مۇھەممەد ئىبنى ئەل كاتىپ سەمەرقەندى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا سەلتەنەت ئۈستىدە تۇرغان تامغاچ قىلىچ خان مەسئۇد ئىبنى ئەلى (1095 ـ يىلى ۋاپات بولغان)غە بېغىشلاپ بۇ ئەسىرنى يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەر سەلچۇقىيلار سۇلتانى سەنجەر (1157 ـ يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ ياشىغان دەۋرىنى، ھۆكۈمدارلارنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋە ئاتاقلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى نۇقتىلىق بايان قىلغان. بۇ ئەسەر ھېكايە شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، سۇلتان سەنجەر سەلچۇقىيغا ئائىت قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ[5].

«تۈركىستان ۋە قىتاي» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەجىددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەدنانى تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم ئىبنى ناسىرغا بېغىشلاپ بۇ ئەسەرنى يازغان بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرىدە تۈرك خەلقى ۋە تۈرك ئېلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. شۇنداقلا، چىن خاقانلىرى ھەققىدە، بولۇپمۇ قىتانلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن[6].

ئەبۇل فەيزى مۇھەممەد ئىبنى ھۇسەيىن بەيھەقى (996 ــ 1039 ـ يىللاردا ياشىغان) 30 تومدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. بۇنىڭدىن غەزنەۋىيلەر سۇلتانى مەسئۇدنىڭ ۋەقەلىرىگە ئائىت يېزىلغان 10 توم ئەسىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ ئەسەردە قاراخانىيلارنىڭ تارىخىغا دائىر ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ توغرا مەلۇمات بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە تارىخىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ[7].

مەجىددىن مۇھەممەد ئەل ئەۋفى 1227 ـ يىلى ھىندىستاندا «جامىئۇل ھېكايەت» ناملىق ئەسەر يازغان. ئاپتور خارەزم ۋە بۇخارادا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەردە تامغاچ ئىبراھىم خان ھەققىدىكى تارىخىي ۋەقەلىكلەر ھېكايە شەكلىدە بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر بەش باب بولۇپ، ئەسەرنىڭ 5 ـ بابىدا جۇغراپىيەلىك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەلۇماتلار بىلەن بىللە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تۇنجى قېتىم تولۇق ئىلمىي مەلۇمات بېرىلگەن⑧.

## مەھمۇد كاشغەرىي ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»

مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەيىن بىننى مەھمۇد كاشغەرىي، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خانى مۇھەممەد بۇغراخان (1056 ـــ 1075 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ نەۋرىسى، 1058 ـ يىلى خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغان ھۈسەيىننىڭ ئوغلى. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، مەھمۇد كاشغەرىي تەخمىنەن 11 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە قەشقەرنىڭ ئوپال دېگەن يېرىدە دۇنياغا كېلىپ، 11 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـــ 80 ـ يىللىرى يەنە ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئوپالدا ئۆتكۈزگەن ھەم ئوردىغا يېقىن جايلاردىكى مەدرىسەلەردە بىلىم ئالغان، كېيىن سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە قۇرۇلغان قەشقەر «ساچىيە» مەدرىسەسىگە كىرىپ، ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا داڭلىق ئۇيغۇر ئالىمى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرىي قاتارلىق مەشھۇر ئۆلىمالاردىن بىلىم ئېلىپ، ئەينى دەۋر ئىسلام دۇنياسىدا ئىلىم تىلى دەپ قارىلىدىغان ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىي تىل دەپ قارىلىدىغان پارس تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەن. كېيىن قەشقەردىن ئايرىلىپ، ئون نەچچە يىل ئىلى ۋادىسى، يەتتىسۇ ۋادىسى، قىپچاق يايلاقلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى ئارىلاپ، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىلى، جەمئىيەت تەشكىلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشى، تارىخى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارغا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلىغان.

1072 ـ يىلى ئەينى دەۋردىكى ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداد شەھىرىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىل توپلىغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، تۇرگە ئايرىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى قامۇسى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشقا كىرىشكەن ۋە تەخمىنەن 1076 ـ يىللىرى بۇ كاتتا ئەسەرنى پۈتكۈزۈپ چىققان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈرك تىلىنى (خاقانىيە تۈركچىسىنى) ئەرەب تىلىدا ئىزاھلىغان لۇغەت. پۈتۈن كىتاب سەككىز جىلددىن تەركىب تاپقان، ھەربىر جىلد ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. پۈتۈن ئەسەرگە 7500دىن ئارتۇق سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇن دائىرىسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ، دىنىي ئېتىقاد، ئىلمىي نۇجۇم(ئاسترونومىيە)، تەقۋىمچىلىك (كالېندارچىلىق)، جۇغراپىيە، تېبابەتچىلىك، پەلسەپە، سىياسىي ـ ئىقتىساد، ئۆرپ ـ ئادەت، بايلىق ـ مەھسۇلاتلىرى، شەھەر ـ كەنتلىرى، تاغ ـ دەريالىرى قاتارلىق كۆپ جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» گەرچە 11 ـ ئەسىردە ئىسلام مۇھىتىدا يارىتىلغان ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تارىخى، ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرى، جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى، ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى، ئاسترونومىيە ـ كالېندارچىلىقى ۋە ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر مەلۇماتلار قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەسىدۇر. شۇڭا، تەتقىقاتچىلار: ‹‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىكى مەلۇماتلار بىزگە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى دەۋردىن مىلادىيە 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ ئىجتىمائىي

تۇرمۇشىنىڭ قىياپىتىنى نامايان قىلىپ بەردى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ رەڭگارەڭ تارىخىي كارتىنىسىنى بەدىئىي جەھەتتىن سۈرەتلەپ بەردى» دەپ قارايدۇ. بولۇپمۇ، ئەسەردە زور سالماقنى ئىگىلىگەن تىل مەلۇماتلىرى بىلەن بىر قاتاردا تارىخىي مەلۇماتلارمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن ھەم ئۆز سالمىقى بىلەن مۇھىم ئورۇن تۇتقان.

## 1. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ بايان قىلىنىش ئۇسلۇبى

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىنى ئۆزى ئېيتقاندەك ئۆزىگە خاس بىر خىل ئىلمىي ئۇسۇلدا تۈزۈپ، كېيىنكىلەرگە «ئەبەدىي يادىكار» قىلىپ قالدۇرغان. ئۇ بۇ ھەقتە: «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم. بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولسۇن، پايدىلانغۇچىلارغا قوللانما بولغۇدەك بىر قىممەتكە ئىگە بولسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بىرمۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ، يېشى - يېشى ئۆلچەملەرنى قويدۇم... جۈملىدىن تۈرك خەلقلىرىنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر ۋە قوشاقلىرىدىن، قايغۇلۇق ۋە خۇشاللىق كۈنلىرىدە ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك ماقال - تەمسىللىرىدىن مىساللار كەلتۈردۈم... شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىرمۇنچە ئىبارىلەرنى كىرگۈزدۈم. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىتاب يېشىلىقلار بېرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا يەتتى...» ⑨ دەپ ئېيتقان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاپتور بۇ ئەسىرىدە نوقۇل تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئېھتىياج نۇقتىسىدىن چىقىپ قەلەمگە ئالغان تارىخىي مەلۇماتلارنىمۇ ئالاھىدە بىر ئۇسلۇبتا بايان قىلغان. يەنى، تەزكىرە، تەرجىمىھال، ھېكايەت، شېئىر - قوشاق، ماقال -

تەمسىل شەكلىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. جۈملىدىن، ئەسەردە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىش جەريانىدا، تېكىستنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىدا ئىسپات، پاكىت كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن مەلۇم قەبىلە ـ ئۇلۇس، شەخس، ۋەقە ـ ھادىسە، ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە باغلاپ مۇئەييەن تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ بەزىلىرىنى تەرجىمىھال شەكلىدە، بەزىلىرىنى ھېكايەت شەكلىدە، بەزىلىرىنى شېئىر ـ قوشاق شەكلىدە، بەزىلىرىنى ماقال ـ تەمسىل شەكلىدە قەيت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ زامانلاردا تارىخقا ئىسلام پەلسەپىسى بىلەن قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئاپتور تارىخىي مەلۇماتلارنى بايان قىلىشتا دىنىي رامكىغىلا چۈشۈپ قالماي، بەلكى بۇنىڭدىن چەتنىمىگەن ئاساستا تۈركىي خەلقلەرگە دائىر بىرمۇنچە تارىخىي ۋەقەلەرنى مۇمكىنقەدەر ئەينەن بايان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن تارىخىي پاكىتلار چىن، ئىلمىي، سىستېمىلىق يورۇتۇلغان. بۇ شۇ دەۋردىكى، ھەتتا كېيىنكى دەۋرلەردىكى تارىخىي ئەسەرلەردىمۇ كەم ئۇچرايدىغان بىرخىل ئالاھىدە ئۇسلۇبتۇر.

## 2. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ مەنبەسى

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشتىن بۇرۇن تۈرك، پارس، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ھەر خىل ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇغان، جۈملىدىن ئەرەب تارىخى، ئىسلام تارىخى، ئىسلام پەلسەپىسىنى ئىنچىكە ئۆگەنگەن، شۇنداقلا تۈركىي خەلقلەر ياشىغان رايونلاردا ئون نەچچە يىل ئىلمىي ھەم ئەمەلىي تەكشۈرۈش قىلغانلىقتىن، ئەسەردىكى مەزمۇنلارنى، جۈملىدىن تارىخىي مەلۇماتلارنى بايان قىلىشتا ھەم ئەرەب ـ ئىسلام ماتېرىياللىرىنى، ھەم خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت ـ ھېكايەت، شېئىر ـ قوشاق، ماقال ـ تەمسىللەرنى، ھەم ئۆزى تەكشۈرۈپ توپلىغان ماتېرىياللارنى مەنبە قىلغان. بولۇپمۇ، ئۇ

نۇرغۇن پاكىتلىق تارىخىي مەلۇماتلارنى كىتابلاردىنلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن ئالغان. ئۇ بۇ ھەقتە: «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىسىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيەلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تىلى دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم» دېگەن[10]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئەسەردىكى تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ مەنبەسى ئىنتايىن تولۇق ھەم ئىشەنچلىك بولغان.

### 3. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ چېتىلىش دائىرىسى

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دە ئەكس ئەتكۈزگەن تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ئۇلار ئاساسەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن تارتىپ تاكى ئامۇ دەرياسى، سىر دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بولغان پۈتۈن مەۋەرائۇننەھر ۋە ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئوغۇز، تۈركمەن، ياغما، چىگىل، قارلۇق، قىپچاق، باسمىل، قىرغىز، چومۇل، تۈركەش، ياباقۇ قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەر، شۇنداقلا تاڭغۇت، خەنزۇ، پارس قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئەھۋالى، ئۇيغۇرلار بىلەن ماكېدونلار، قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار، باشقا تۈركىي قەبىلىلەر، تاڭغۇتلار، غەزنەۋىيلەر، سامانىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئەل پادىشاھلىرى، ھۆكۈمدارلىرى، مەشھۇر كىشىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى، قاراخانىيلار خانلىقى ۋە باشقا ئەللەرنىڭ زېمىنى،

جۇملىدىن مۇھىم شەھەرلىرى، يېزىلىرى، قاتناش تۈگۈنلىرى، تاغ ـ سۇلىرىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، ئاپتور تۈركىي خەلقلەر ۋە باشقا خەلقلەر ئۈستىدە توختىلىپ: «تۈركلەر ئەسلىي يىگىرمە قەبىلىدۇر... ھەربىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ بىرمۇنچە ئۇرۇقلىرى بولۇپ... مەن بۇلاردىن ئاساسىي ۋە ئانا قەبىلىلەرنى يازدىم... مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، رۇم ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇم. رۇمغا ھەممىدىن يېقىن جايلاشقان قەبىلە پەچەنەك، ئاندىن قالسا قىپچاق، ئوغۇز، يەمەك، باشقىرت، باسمىل، قاي، ياباقۇ، تاتار، قىرغىز قەبىلىلىرىدۇر. قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايلاشقان... ئاندىن چىگىل، توخسى، ياغما، ئوغراق، چارۇق، چومۇل، ئۇيغۇر، تاڭغۇت، خىتاي قەبىلىلىرىدۇر. خىتاي — چىن دېمەكتۇر. ئاندىن تاۋغاچ، بۇ ـ ماچىن دېمەكتۇر. بۇ قەبىلىلەر جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ...» دېگەن[11]. ئۇيغۇرلار بىلەن ماكېدونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى كۆرسىتىپ، «ئالتۇن قان» دېگەن نام، «ئۇيغۇر» دېگەن نام ۋە «تۇتماچ» دېگەن تائام نامىنىڭ ھېكايىتىنى تىلغا ئالغان. قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى بىلەن تاڭغۇتلار، باشقا تۈركىي قەبىلىلەر، مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى كۆرسىتىپ: «چىنغا يېقىن بولغان تاڭغۇت ئېلىنىڭ قوشۇنى غەلىبە قىلالمىسۇن دەپ قاتتىق سوغۇقتا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىندى. ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى قاتتىق مەسخىرە قىلىندى. ئۇلار ئات ۋە ئەرلىرىنى بىزگە سوۋغا قىلدى. غەم ـ قايغۇغا پېتىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى»[12]، «ياباقۇ جېڭىدە خاقانغا قارشى چىقماسلىققا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا قەسەم ئىچىلىپ پۈتۈم تۈزۈلدى. خەلق خاقاندىن ياردەم سورىدى. باسمىل بىلەن چومۇللار بىزگە قارشى توپلىنىۋىدى، خاقان يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈپ ئۆزلىرىنى ئەسىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلدى»[13]، «ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ) ئۈستىگە كەلكۈندەك باردۇق. شەھەرلەرگە باستۇرۇپ كىردۇق. بۇتخانىلىرىنى بۇزدۇق. بۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە چىچتۇق. مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى شۇنداق، كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا بېسىپ كىرگەندە، ھاقارەتلەش ئۈچۈن بۇتلىرى بېشىغا تەرەت قىلىدۇ»[14] دېگەن مەزمۇندىكى شېئىرلارنى تىلغا ئالغان. تۈركلەر زېمىنى ۋە شەھەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «پۈتۈن مەۋەرائۇننەھىر، يەكەندىن شەرققىچە بولغان يەرلەرنى تۈرك شەھەرلىرى دېيىشىمىزنىڭ دەلىلى شۇكى، سەمەرقەند، ئۆزكەند، تۈنكەند دېگەن ... شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىپتى تۈركچە ‹شەھەر› مەنىسىدىكى ‹كەند› سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان. تۈركلەر بۇ شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ ئۆزلىرى ئات قويغان... ھازىر پۈتۈن تۈرك ئېلىنىڭ چېگراسى ئابسكۇن (كاسپىي) دېڭىزى بىلەن ئايلىنىپ، روم ئېلىدىن ۋە ئۆزچەندىن چىنغىچە سوزۇلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى بەش مىڭ پەرسەخ، ئېنى ئۈچ مىڭ پەرسەخ...»، «ئۇيغۇر ــــ بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر سۇلمى... قوچۇ، چانبالىق، بەشبالىق، ياڭى بالىقتۇر»[15] دېگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مەزكۇر ئەسەردىكى تارىخىي مەلۇماتلارنى ئەينى دەۋر ۋە كېيىنكى دەۋردىكى نۇرغۇن ئەسەرلەردە ئەكس ئەتكەن تارىخىي مەلۇماتلارغا سېلىشتۇرغاندا ئاجايىپ كەڭ دائىرىلىك ھەم مول مەزمۇنلۇق دېيىشكە بولىدۇ.

### 4. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئەكس ئەتكەن تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى، ئاپتور ئەسەردە ئۆزى تەكشۈرگەن ۋە ئاڭلىغان ھەرقايسى خەلقلەر ۋە ئەللەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئەينەن قەلەمگە

ئېلىپ، بىرىنچى قول ماتېرىيال قالدۇرغان. ئۇ ئەھۋاللار ئەرەب ـ پارس سەيياھلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە ۋە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە قەيت قىلىنغان بەزى مەزمۇنلارغا توغرا كېلىدۇ، بەلكى بۇلارنىڭ مۇجمەل بولغان جايلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردا بايان قىلىنمىغان نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلارنى تولۇقلايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئەسەردىكى تارىخىي مەلۇماتلارنى ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، خەلقلىرى، جۈملىدىن قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك، مۇھىم ماتېرىياللار دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاپتور ئۆزىمۇ: «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سىغىنىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم...» دېگەن[16]. ئۇنىڭدىن باشقا، «دىۋان»دىكى تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق ئەھمىيىتىمۇ ناھايىتى زور بولۇپ، نۇرغۇن ئەھۋاللارغا چېتىلىدىغان بۇ مەلۇماتلار بۇرۇن ھەل بولۇنغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە قايتا گۇمان تۇغدۇرىدۇ، تالاش ـ تارتىشتا قېلىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ، كەلگۈسىدە كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا دەلىل ـ ئىسپات بولىدۇ. مەسىلەن، ئاپتور ئەسىرىدە تۈركىي خەلقلەر بىلەن قانداشلىقى يوق دەپ قارالغان تاڭغۇتلار توغرىسىدا: «تاڭغۇت، تۈركلەردىن بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار چىنغا يېقىن جايلاشقان. ئۇلار نەسلىمىز ئەرەب دېيىشىدۇ»[17] دەپ مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن تاڭغۇتلارنىڭ كېلىپچىقىشى ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى نامايان بولىدۇ. يەنە چاڭلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارالغان تۇبۇتلەر توغرىسىدا: «تۇبۇت، تۈرك ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر قوۋم... تۇبۇتلەر ‹سابىت› ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئەۋلادىدۇر. بۇ يەمەنلىك ئادەم بولۇپ، ئۇ يەردە (يەمەندە) بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، جىنايىتىدىن قورقۇپ كېمە بىلەن چىنغا كەلگەن... كېيىن

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى كۆپىيىپ، تۈركلەر زېمىنىدىن مىڭ بەش يۈز پەرسەخ يەر ئالغان. بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپى چىنغا، غەرب تەرىپى كەشمىرگە، شىمال تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا، جەنۇب تەرىپى ھىندى دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئەرەبچىنىڭ تەسىرى بار، ‹ئانا›نى ‹ئاما›، ‹ئاتا›نى ‹ئابا› دەيدۇ» [18] دەپ مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ تۇبۇتلەر (زاڭزۇلار) نىڭ ئەجدادى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. ئاپتور يەنە ئەسەردە «تاۋغاچ»، «چىن» ۋە «ماچىن» ئاتالمىلىرىغا ئېنىقلىما بېرىپ: «تاۋغاچ، تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى، ئۇلار ‹تاۋغاچ› يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن، شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ ‹تات تاۋغاچ› دەپ ئاتىلىدۇ. ‹تات› ئۇيغۇر دېمەكتۇر. ‹تاۋغاچ› چىنلىق دېمەكتۇر»، «ھەربىر بۈيۈك ۋە قەدىمىي نەرسە ‹تاۋغاچ ئەزى› دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدۇ. ‹مەملىكىتى قەدىمىي ۋە چوڭ خان› دېگەن مەنىدە ‹تاۋغاچ خان› دېيىلىدۇ»، «تاۋغاچ، ‹ماچىن› ئېلىنىڭ نامى. بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يول ئۇزاقلىقتا، چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى، يۇقىرى چىن، بۇ يەر شەرقتە بولۇپ، ‹تاۋغاچ› دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، ‹خىتاي› دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ، ‹ماچىن› دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قەشقەردە. لېكىن، ھازىر ‹تاۋغاچ› ‹ماچىن› دەپ، ‹خىتاي› ‹چىن› تونۇلۇۋاتىدۇ»[19] دېگەن بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ ئۇزۇندىن بۇيان ھەل بولماي كېلىۋاتقان ھەم خاتا چۈشىنىلىپ قېلىۋاتقان «تاۋغاچ»، «چىن»، «ماچىن» ئاتالمىلىرىنىڭ تەبىرى مەسىلىسى ھەل بولىدۇ.

ئومۇمەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تارىخشۇناسلىق ئالاھىدىلىكىدىن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينى ئۆز نۆۋىتىدە بىر تارىخچى، ئېنسىكلوپېدىك ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئۆتمۈشىنى بايان قىلىپ بەرگەن تارىخىي ئەسەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ۋە شائىر، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ يەنە بىر پايتەختى بالاساغۇن شەھىرىدە بىر باي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىنى بالاساغۇن شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى يېتىلىش جەريانى ۋە قانداق بىلىم ئالغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس. لېكىن، ئۇنىڭ ئەسىرى ئارقىلىق شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزگە بولىدۇكى، ئۇ ياش ۋاقتىدا ئوبدان تەربىيە كۆرگەن، ئالىي پەزىلەتلىك، ئىمان ـ ئېتىقادلىق، مول بىلىملىك، چوڭقۇر پىكىرلىك، ئەقىل ـ پاراسەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، يۈكسەك كامالەت تاپقان ئالىم بولۇپ، ئەينى دەۋر تۈركىي تىللىرىنىڭ بارلىق شېۋىلىرىنى پىششىق بىلىپلا قالماي، يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ، شۇنداقلا سوغد تىلىنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردىن ئالغاندا، بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار خانلىقىدا ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنىڭ پارچىلىنىشىنى ئىپادىلىگۈچى تارىخىي ھادىسىلەر يۈز بەرگەن. يۈسۈپ قادىرخان ئەھمەد تۇغانخاننى قەشقەردىن ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئەلى نەسەبىدىكىلەر بىلەن ھەسەن نەسەبىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، ھىجرىيە 433 ـ يىلى (مىلادىيە 1041 ـ، 1042 ـ يىللار) ھەسەن نەسەبىدىكىلەردىن ناسىر ئىلىكخاننىڭ ئوغلى ئەلى تېگىننىڭ ئۆزىنى تابغاچ بۇغراخان دەپ ئاتىشى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى شەرقىي قاراخانىيلار ۋە غەربىي قاراخانىيلار دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىدا ئىبراھىم (ئەلى تېگىن) دەۋرىدىن باشلاپ

ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە خېلى يۈكسىلىشلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمرانلار بىلەن دىنىي قاتلامدىكىلەرنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇق جەھەتتىكى زىددىيىتى ناھايىتى مۇرەككەپلىشىپ، توقۇنۇش ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتكەن. شۇڭا، ئەلى تېگىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە يارلىق چۈشۈرۈپ داڭلىق شەيخ — ئىمام ئوبۇل ھاشىم سەمەرقەندىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. مىلادىيە 1068 ـ يىلى ئەلى تېگىن قازا قىلىپ چوڭ ئوغلى ناسىر تەختكە چىققان مەزگىلدە، ئۇنىڭ ئىنىسى ئاكىسىغا قارشى چىقىپ ئۇرۇش قوزغىغان. ئۇرۇشتا ناسىر غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، بۇ مەزگىلدە ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر بىلەن دىنىي قاتلامدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش يەنىلا كەسكىنلەشكەن. بەزى يۇقىرى تەبىقىدىكى دىندارلار دىنىي قائىدىلەر بىلەن ئۇنى چەكلىمەكچى بولغان. 1069 ـ يىلى ناسىر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇخارالىق ئىمام ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمائىلنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. بۇ مەزگىلدە سالجۇقىيلار خانلىقى غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىنىي قاتلامدىكىلەرنى ھىمايە قىلىپ مەۋرائۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ جەرياندا سەمەرقەنتتىكى دىنىي قاتلامدىكىلەر سالجۇق سۇلتانى مەلىكشاھنى قوللاپ غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىغا خائىنلىق قىلغان. 1089 ـ يىلى مەلىكشاھ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتنى بېسىۋالغان. ئەنە شۇ سەۋەبلەردىن غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلىشىپ سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ قورچىقىغا ئايلىنىپ قالغان.

شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدە بولسا يۇسۇپ قادىرخاندىن كېيىن كۆپ قېتىم خاقان ئالماشقان بولۇپ، جەمئىيەت خېلىلا داۋالغۇش ئىچىدە تۇرغان. يۇسۇپ قادىرخاننىڭ چوڭ ئوغلى بۇغرا تېگىن سۇلايمان ئارسلانخان (1032 — 1057 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە خانلىق تېررىتورىيەسىدىكى

كۆچمەنلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىمۇ ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئىبنى ئاتھىرنىڭ «تارىخىي ئومۇمىيە»دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 1043 ـ يىلى 9 ـ، 10 ـ ئايلاردا 10 مىڭ چېدىرلىق تۈرك كۆچمەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار ئىلگىرى بالاساغۇن ۋە قەشقەرنىڭ چېتىدىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىگە كېچىلىرى بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، كىشىلەرگە ئارام بەرمىگەنىكەن. ئۇلار قۇربان ھېيت كۈنى 20 مىڭ قوي ئەكېلىپ قۇربانلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى تۈگىگەن. ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىۋېتىلگەن. دېمەك، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىدىمۇ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى زىددىيەتلەر ھەمدە ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى خاقانلارنىڭ كۆپ قېتىم ئالمىشىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىچكى نىزالار سەۋەبىدىن خانلىق نورمال تەرتىپ ۋە قانۇن ئىزىدىن چەتنىگەن. ئىدراكنىڭ ئورنىنى ئەسەبىيلىك، قانۇننىڭ ئورنىنى قاراملىق باسقان.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋال بالاساغۇنغا مەركەزلەشكەن بىرمۇنچە ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى قەشقەر شەھىرىگە كېلىشكە مەجبۇر قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چاغدا شەرقىي قاراخانىيلار خانى تاۋغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بالاساغۇندىكى نۇرغۇن ئالىملارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى ئۈچۈن كەڭ شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ دەل ئەنە شۇنداق شارائىتتا بالاساغۇندىن قەشقەرگە بارغان بولسا كېرەك[20].

مەشھۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھاياتىدا قاراخانىيلارنىڭ ئىنتايىن گۈللەنگەن دەۋرىنى ۋە كېيىن بىر مەزگىل زەئىپلەشكەن دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن. شۇڭا، ئۇ جەمئىيەتنى تۈزەش، ئىسلاھ قىلىش، باياشات، گۈزەل، ئىناق بىر جەمئىيەت قۇرۇش ئىستىكىدە كۆپ ئويلىنىپ، نۇرغۇن خام ماتېرىيال توپلاپ، يۇقىرىدا خاقانلاردىن تارتىپ تۆۋەندە پۇقرالارغىچە ماس

www.uyghurkitap.com

كېلىدىغان، ھەم رېئاللىققا ئۇيغۇن بولغان، ھەم يۈكسەك غايىۋى پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نادىر ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك»نى يېزىپ چىققان. ئۇ ئۆز ئەسىرىنى بالاساغۇندىكى ۋاقتىدىلا يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، تەخمىنەن 1069 — 1070 - يىللىرى قەشقەردە يېزىپ تاماملىغان. كېيىن بۇ كاتتا ئەسىرىنى شەرقىي قاراخانىيلار خانى تاۋغاچ بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان. ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان بۇ كىتابنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىپ، مۇئەللىپنىڭ بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن ھەمدە ئۇنى ئۆزىگە ياردەمچى بولۇشقا تەكلىپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئالىمنىڭ كېيىنكى ھاياتى قەشقەردە ئۆتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى تاماملىغان ۋە ئوردىدا «خاس ھاجىپ» بولغان يىللاردىن قارىغاندا، بۇ ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە «چېچەكلىرى خازان بولغان، قېيىندەك (قاتتىق)، ئوقتەك تۈز قەددى يادەك ئېگىلگەن، قۇندۇزدەك قارا چاچلىرى ئاق قۇدەك ئاقارغان» مەزگىلى، يەنى «ئارىق»لىق دەرىجىسىگە يەتكەن مەزگىلى ئىدى[21]. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىشىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ياراتقان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى مەيلى ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىن بولسۇن ياكى تىلىنىڭ گۈزەللىكى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى يەنە بىر يېڭى يۈكسەك پەللىسىنى نامايان قىلغان.

بۇ ئەسەر جەمئىي 58 باب، 13290 مىسرا، ئىككى مۇقەددىمە ۋە ئۈچ قوشۇمچە باياندىن تەركىب تاپقان. ئالدىنقى 11 بابىدا ئاللاغا، پەيغەمبەرگە، تۆت ساھابىگە ۋە ئۇلۇغ بۇغرا خانغا ئوقۇلغان مەدھىيەلەر، بىلىم، تىل ۋە پەزىلەت ھەققىدىكى بايانلار ھەم مۇئەللىپنىڭ بايانى، كىتابنىڭ نامى ۋە مەنىسى ھەققىدىكى بايانلار بېرىلگەن. 12 - بابىدىن باشلاپ مۇئەللىپ

ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيەسىنى ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى (ھۆكۈمدار)، بەخت ـ سائادەت سىمۋولى ئايتولدى (ۋەزىر)، ئەقىل ـ پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش(ۋەزىرنىڭ ئوغلى)، قانائەت سىمۋولى ئۇدغۇرمىش (زاھىت) ئارىسىدىكى دىراملىق سۆھبەتكە سىڭدۈرۈپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى غايىۋى قاراشلىرىنى بايان قىلغان[22].

داستاندىكى ئاساسىي ۋەقەلىك مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان «كۈنتۇغدى» ناملىق بىر شاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئادىللىق شۆھرىتى جاھانغا پۇر كېتىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان «ئايتولدى» ناملىق ئالىم شاھ بىلەن ئۇچرىشىدۇ. كۈنتۇغدى شاھ ئۇنىڭ بىلەن قايتا ـ قايتا سۆھبەتتە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالىي پەزىلەتلىرىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەيدۇ. كېيىن ئايتولدى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئۆز ئۆمرىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە چوڭقۇر ئېچىنىدۇ، ئوغلى ئۆگدۈلمىش (دانىشمەن) كە ۋەسىيەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى شاھقا تونۇشتۇرۇپ مەكتۇپ يېزىپ بېرىدۇ ـ دە، ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئۆگدۈلمىش شاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە ۋارىسلىق قىلىشقا باشلايدۇ ۋە شاھنىڭ زور ئىشەنچىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. بىر كۈنى دانىشمەن ۋەزىر ئۆگدۈلمىش بىلەن شاھ كۈنتۇغدى سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، ئۆگدۈلمىش ئۆزىدىنمۇ ئەقىللىكرەك ۋە بىلىملىك بولغان ئۇدغۇرمىش (سەزگۈر) ناملىق بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى شاھ كۈنتۇغدىغا ئېيتىدۇ. ۋاھالەنكى، سەۋر ـ تاقەت ھەم قانائەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئۇدغۇرمىش تاغ ۋە ئورمانلار ئارىسىدا تەنھا ئىستىقامەت قىلىپ، تىنچ ھەم خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈشنى خالايدىغان كىشى بولغاچقا، شاھنىڭ ئۈچ قېتىم تەكلىپنامە يازغانلىقىغا قارىماي، قانائەتنى ھەممىدىن ئەۋزەل بىلىپ،

ئوردىغا كېلىپ خىزمەت قىلىشتىن باش تارتىدۇ ۋە ئۆزرە بايان قىلىپ شاھقا مەكتۇپ يازىدۇ. شاھ كۈنتۇغدى ئۇدغۇرمىشنىڭ ئوردا خىزمىتىگە كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۆگدۈلمىشنى قايتا ـ قايتا ئەۋەتىدۇ. ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا كەسكىن مۇنازىرە بولىدۇ. بۇ مۇنازىرىلەر كەڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە بولىدۇ. ئۇدغۇرمىش ھەر قېتىمقى سۆھبەتتە ئەلنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش، خەلققە بەخت ـ سائادەت كەلتۈرۈش لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

مۇشۇ ۋەقەلەر داۋامىدا ئۆگدۈلمىش قېرىيدۇ. ئۇ ئۆتكەن كۈنلەرگە ھەسرەت چېكىپ، ئۇدغۇرمىشكە ئوخشاش تەنھا ئىستىقامەت قىلماقچى بولىدۇ. ئۇدغۇرمىش ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئوردىدا خەلق ئۈچۈن داۋاملىق خىزمەت قىلىشىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۆگدۈلمىش بۇ پىكىرگە قۇلاق سېلىپ قايتا ئىشقا كىرىشىدۇ. بىراق، شۇ ئارىدا ئۇدغۇرمىش كېسەل بولۇپ قالىدۇ. ئۆگدۈلمىش يوقلاپ كەلگىنىدە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى، چۈشىدە 50 ۋاخىنلىق ئېگىز شوتىدا تۇرغان پالۋان سۇنغان بىر قاچا سۇنى گۈپپىدە ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۆگدۈلمىش ئۇنىڭ بۇ چۈشىنى ئۆرۈپ، بۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى، دەپ تەبىر بېرىدۇ. ئەمما، ئۇدغۇرمىش ئۇنىڭغا ئىشەنمەي: «بۇ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغانلىقىمنىڭ بەلگىسى» دەيدۇ. دەرۋەقە، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇدغۇرمىش كېسەلدىن ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتىدۇ ㉓.

ئومۇمەن، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەسەر مەزمۇن، ئۇسلۇب جەھەتتىن يالغۇز ئەدەبىي ئەسەر بولۇپلا قالماي، بەلكى پەلسەپە ھەم تارىخ ئەسىرى بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ روشەن ئىنكاسى ۋە ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەسەردە ئەكس ئەتكەن تارىخىي مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا

يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ئەسەردە خان، ۋەزىر، تېگىن، سۇباشى، خەزىنىچى، يالىۋاچ، بەگ، يابغۇ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئەمەل ناملىرى خاتىرىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلارنىڭ دەرىجىسى، ۋەزىپىسى ۋە لاياقىتى توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن تەرىپلەر بېرىلگەن. بۇلاردىن قاراخانىيلار خانلىقىدىكى مەركەز ۋە يەرلىكتىكى ھاكىمىيەت سىستېمىسىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىۋېلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، جۈملىدىن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئەسەردە قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىكى قارلۇق، ياغما قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى خاتىرىلىنىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ بەگلىرى ھەققىدىكى تەرىپ - سىپاتلارمۇ بېرىلگەن. بۇلاردىن بۇ قەبىلىلەرنىڭ خانلىقتىكى ئورنىنى چۈشىنىۋالغىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مۇھىم ھەم غوللۇق قەبىلىلەردىن بولۇش سۈپىتى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى، جۈملىدىن قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان يادرولۇق قەبىلىلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەسەردە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە، جۈملىدىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا، باج - سېلىقىغا دائىر نۇرغۇنلىغان مەلۇماتلار، شۇنداقلا بۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان بايانلار بېرىلگەن. بۇلاردىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى، خانلىق تېررىتورىيەسىدىكى ھەرقايسى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، خانلىق تەۋەسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

تىرىكچىلىك يولى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىگە كەلگىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئەسەردە مول تارىخىي قاراشلار، جۈملىدىن ئالەمنىڭ يارىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ھۆكۈمدارلارنىڭ خەلقپەرۋەر بولۇشى، تارىخنى ئەينەك قىلىشى، ئەدلى - ئادالەت بىلەن ئەلنى باشقۇرۇشى ھەققىدىكى قاراشلار ئەكس ئەتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلاردىن مۇئەللىپنىڭ تارىخ قارىشىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيە — ھاكىمىيەتنى قانداق تۇتۇش ۋە دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا مۇشۇ مەركىزىي ئىدىيەنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئادىل ۋە توغرا قانۇن، سىياسەت، ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى تۇرغۇزۇپ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىدارە قىلىش، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش ھەم شۇ ئارقىلىق «تۆرۈ» (قانۇن) بىلەن «قۇت»نىڭ بىرىكىشىدىن بارلىققا كېلىدىغان «غايىۋى جەمئىيەت» قۇرۇش ئىدىيەسىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇنىڭ سىياسىي ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى «تۆرۈ» چۈشەنچىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، «تۆرۈ» قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا قانۇن ھۆكۈملىرىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا ئومۇمىي ئاتىلىشى ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك»تە «تۆرۈ» ھەم قانۇن، ھەم ھۆكۈمدارغا ۋەكىللىك قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە تارىخشۇناسلىق ئەسلىدىكى بىخى ئاساسىدا ئىسلام مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە رەسمىي شەكىللەنگەن. بۇ دەۋردە تارىخشۇناسلىق شەكىل جەھەتتە ئىسلام تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئۇسلۇبىنى، مەزمۇن جەھەتتە ئىسلام ئىدىئولوگىيەسىنىڭ خاھىشىنى سىڭدۈرگەن. بۇنىڭدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ

تەسىرىدىكى بەزى ئەنئەنىۋى ئىپادىلەش شەكىللىرىنىڭ كىرىپ كېلىشى شەكىل جەھەتتىكى يېڭىلىق بولغان بولسا، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى، پەلسەپىسىنىڭ كىرىپ كېلىشى مەزمۇن جەھەتتىكى يېڭىلىق بولغان. ئەڭ مۇھىمى بۇ دەۋردىكى تارىخشۇناسلىق كېيىنكى 1000 يىللار داۋامىدىكى تارىخشۇناسلىقتا زور تەسىر كۆرسىتىپ، كېيىنكى دەۋرلەر تارىخشۇناسلىقىنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشىغا ئاساس ياراتقان.

## ئىزاھلار:

①②③④⑤⑥⑦⑧ ھاجى نۇرھاجى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى؛ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ نەشرى؛ خۇاتاۋ: «8 ـــ 10 ـ ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

⑨⑩⑪⑫⑬⑭⑮⑯⑰⑱⑲ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـــ 1984 ـ يىللار ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑳ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

㉑㉒㉓ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 4 ـ باب  ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق

## ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھايات ۋە بۇ دەۋردىكى تارىخشۇناسلىقنىڭ ئەھۋالى

مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارامى تۇرپان، بەشبالىقتا كېلىپ، بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تۇبۇتلەرنى يوقىتىپ، بۇ جايدا بۇرۇندىن ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، مىلادىيە 866 ـ يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق كۆچەيگەن مەزگىللەردە زېمىنى شەرقتە شاجۇ (گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ) غىچە، غەربتە كۇچانىڭ غەربىگىچە، شىمالدا جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە، جەنۇبتا خوتەننىڭ شىمالىغىچە يەتتى①. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، خانلىق تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ساھەدە زور ئۆزگىرىشلەرنى ياسىشى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاجايىپ گۈللەنگەن بىر دەۋرنى بېشىدىن كەچۈردى.

ئالدى بىلەن خانلىق تەۋەسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار (ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەر) ئارىسىدا بۇددا دىنى، مانى دىنى، نىستورىيان دىنى تەڭلا مەۋجۇت بولدى. ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيە دالاسىدىكى مەزگىللەردە باشتا ئىپتىدائىي توتېمغا، كېيىن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، كېيىنچە يەنە مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى. تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن يەنە بۇددا دىنى ۋە نىستورىيان دىنى بىلەن ئۇچراشتى، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك

بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ بەك تەسىرىگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ، بۇددا دىنىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەقە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، يېڭىچە ئۇيغۇر بۇددىزىم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇردى.

بۇ دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى مۇكەممەللىشىپ، تېخىمۇ كەڭ قوللىنىلدى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئورنى مۇستەھكەملەندى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مائارىپچىلىقمۇ بەلگىلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ قوچۇغا ئەلچىلىككە كەلگەن چاغدا قالدۇرغان خاتىرىسىدە، خانلىقتا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەمىنلىنىدىغان ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بارلىقى يېزىپ قالدۇرۇلغان. ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپلۈكى، مىڭئۆي سەنئىتىنىڭ شۇ قەدەر گۈللەنگەنلىكى — ئەينى دەۋردە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ، تەرجىمانلارنىڭ، پۈتۈكچىلەرنىڭ، شائىرلارنىڭ، رەسساملارنىڭ تۈركۈملەپ يېتىشىپ چىققانلىقى — ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مائارىپچىلىقنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھازىر مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بۇددا دىنى دەستۇرلىرىنى تەرجىمە قىلىشتىلا قوللىنىلىپ قالماي، يەنە مانى دىنى، نىستورىيان دىنىغا ئائىت دەستۇرلارنى تەرجىمە قىلىشتا، تىلاۋەتنامە، توختامنامە، شېئىر - نەزم، ھېكايە - داستانلارنى يېزىشتا ۋە كۈندىلىك ئالاقىدىمۇ قوللىنىلغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، خانلىق دائىرىسىدە ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان نۇرغۇن شېئىرلار، داستانلار، دىرامىلار، ئاسترونومىيە - كالېندارچىلىققا ئائىت ئەسەرلەر، ئەمچىلىك - تېبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەر، تارىخىي ئەسەرلەر (بۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاساسەن يوقالغان) مەيدانغا كەلگەن[2]. بولۇپمۇ، بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن خەنزۇ تىل ـ يېزىقى، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىر قىسىم دىنىي، تارىخىي ئەسەرلىرى خانلىق دائىرىسىگە تارقىلىپ كىرىپ، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات ۋە تارىخشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

نۆۋەتتە بىزگە مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇددا دىنىغا دائىر «مايتىرى سىمىت»، «ئالتۇن يارۇق»، «ئاغاما سۇترا»، «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»، «سەككىز يۈكمەك نوم بىتىگ»، «سامىتسۇ ئاچارىنىڭ تەرجىمىھالى»، مانى دىنىغا دائىر «ئىككى يىلتىز نوم»، «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋىنامىسى»، «بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى»، نىستورىيان دىنىغا دائىر «ئېۋانگېلىئۇم»، «سانت گېئورگىنىڭ شېھىت بولۇش خاتىرىسى» دېگەندەك دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ۋە «ئوغۇزنامە» دېگەندەك ئەدەبىي ئەسەرلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە بىر قىسىم ئەسەرلەرمۇ بار.

## «بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى»

نۆۋەتتە گېرمانىيەدە ساقلىنىۋاتقان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بۇ ھۆججەت ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا دائىر قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەت، ئۇنىڭدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى بۆگۈ قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن تۆت نەپەر مانى مۇخلىسى بىلەن ئىككى كېچە ـ كۈندۈز مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق مانى دىنىغا

كىرگەنلىكى، مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەردىن ئاۋام خەلققىچە ھەممەيلەننىڭ ھېسابسىز خۇشاللىققا چۆمگەنلىكى، مانى دىنى ئېتىقادى ھەققىدە مەخسۇس قائىدە - تۈزۈملەر چىقىرىلىپ، مەخسۇس مانى دىنى تەرغىباتچىلىرى بەلگىلەنگەنلىكى، شۇنداقلا مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن خانلىقنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكى، مانى مۇخلىسلىرىنىڭ دەسلەپتە زور بېسىمغا، قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان③. ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن مانى دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ. ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«تەڭرىخان (بۆگۈ قاغان) دىندارلار (مانى مۇخلىسلىرى) بىلەن ئىككى كېچە - كۈندۈز ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىشتى، ئۇچىنچى كۈنى تەڭرىخان (بۆگۈ قاغان) كېچىچە ئازابلاندى، كېيىن تەڭرىخاننىڭ كۆڭلى ئازراق يۇمشىدى. بۇ يۇقىرىقى گەپلەرنى ئىشتىكەنلىكتىن بولغاندى. ئۇ: بۇ يامانلىقلاردىن روھىم پاكلانمايدىكەن، دەپ قورقتى. كېيىن تەڭرىخان (بۆگۈ قاغان) بىر چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى، ئۆزى دىندارلار تەرەپتە تۇردى، يۈكۈنۈپ باش ئۇرۇپ گۇناھىنى تىلىدى...»④.

بۇ ھۆججەتتىكى مەزمۇن «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈتېشى» ۋە «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»نىڭ «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگىنىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» ۋە «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈتېشى»دىكى خاتىرىلەرنى تولۇقلاشتىكى ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ. بۇلاردىن مۇنداق تارىخىي ئۇچۇرغا ئېرىشكىلى بولىدۇ:

مىلادىيە 762 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەڭرى قاغانى بۆگۈ قاغان (759 — 779 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۆچلۈك -

سۆيگۈن ئىسيانىنىڭ داۋامىنى (شى چاۋيى ئىسيانىنى) تىنچىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ لوياڭنى ئىسيانچىلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالغاندا مانى دىنىنىڭ راھىبلىرى بىلەن ئۇچراشقان. ئىككىنچى يىلى (763 ـ يىلى) ئورخۇنغا قايتىشىدا رۇي شى قاتارلىق تۆت مانى راھىبىنى بىللە ئەكېتىپ، ئوردۇبالىقتا ئۇلار بىلەن ئىككى كېچە ـ كۈندۈز مۇنازىرىلەشكەندىن كېيىن، چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرىپ، مانى راھىبلىرىدىن ئۆز گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەپ مانى دىنىغا كىرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن مانى دىنى ئەسلىدىكى شامان دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ قالغان. مانى دىنى گەرچە تاڭ سۇلالىسىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تارقالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ تاڭ سۇلالىسىگە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي كۈچى ۋە بېسىمى ئارقىلىق قايتىدىن ئومۇملاشقان. جۈملىدىن، تەڭرى قاغان مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، مانى راھىبلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىكى سىياسىي كۈچى ۋە ئىقتىسادىي ئورنىغا تايىنىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دىن تارقىتىش، ئىبادەتخانا سېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالغان. نەتىجىدە مانى دىنى جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقىلىشقا باشلىغان. مانى دىنى ئۇيغۇرلارغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دىنىي ئەھكاملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ماسلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، «ھاراقنى مەنئى قىلىپ، گۆشسىز تاماق يېيىش» دېگەن بەلگىلىمە گۆشلۈك تائام يەپ، قىمىزنى مەنئى قىلىشقا ئۆزگەرتىلگەن. «جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش» دېگەن بەلگىلىمىمۇ تەكىتلەنمەيدىغان بولغان. لېكىن، «بۇتقا چوقۇنماسلىق» دېگەن بەلگىلىمە يەنىلا قاتتىق ئىجرا قىلىنغان. دېمەك، ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنى ئۆزىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا تەرەققىي قىلدۇرغان⑤.

# «ئوغۇزنامە»

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە» قەھرىمانلىق ھەققىدىكى داستان بولۇپ، ئۇ ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتكۈزىدۇ. داستان نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلارنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئەكس ئەتكۈزگەن. ئۇ دەسلەپتە رىۋايەت شەكلىدە خەلق ئارىسىدا تارقالغان، ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئۆزىگە ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى سىڭدۈرۈپ، مەزمۇن جەھەتتە تولۇقلىنىپ، بەدىئىيلىكى مۇكەممەللىشىپ بارغان. داستان كېيىنكى مەزگىللەردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قەلەمگە ئېلىنىپ، قەدىمكى يازما ئەدەبىياتنىڭ نەمۇنىسىگە ئايلانغان. «ئوغۇزنامە»نى مەزمۇن جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. داستاننىڭ بىرىنچى قىسمىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان دۇنيانىڭ يارىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپچىقىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ئەكس ئەتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلار «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى»، «ۋېينامە. قانقىللار تەزكىرىسى» ۋە «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»دا خاتىرىلەنگەن تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپچىقىشى، توتېم ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە دائىر خاتىرىلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئالىملار «ئوغۇزنامە» گەرچە كېيىنرەك كىتاب بولۇپ تارقالغان (يەنى 13 ـ ئەسىردە) بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى مىللەتنىڭ مەنبەسى ۋە توتېم ئېتىقادى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر «ۋېينامە. قانقىللار تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگىنى بىلەن ئوخشاش، بۇ «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنىڭ قانقىللار دەۋرىدىلا ئاغزاكى ھالدا خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ بولغانلىقىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ⑥. داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئاساسلىق ھالدا ئوغۇزخاننىڭ ئۇرۇش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. شۈبھىسىزكى، بۇ بايانلاردا مەلۇم دەرىجىدە تارىخي پاكىتلار ئەكس ئېتىلگەن. بۇ قىسىمدا كىشىنى جەلپ قىلىدىغىنى تۈرك ـ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ نامىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى بولۇپ، تىلغا ئېلىنغان ئەل ۋە قەبىلىلەر نامى مەلۇم دەرىجىدە ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەرگە بولغان چۈشەنچىسى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ⑦. «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايخاننىڭ كۆزى يورۇپ ئوغۇل تۇغدى. ئوغۇل ئانا كۆكسىدىن بىر يۇتۇم ئوغۇز سۈتىنى شوراپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەممىدى، زۇۋانغا كېلىپ ئۆمىلىدى. مېڭىپ ـ تۇرۇپ يىگىت بولدى. بۇ يەردە بىر زور ئورمان بولۇپ، نۇرغۇن دەريا (مۇرەن) لار، ئېقىنلار (ئۆگۈز) بار ئىدى. ھەر خىل ھايۋان ۋە قوشلار ياشايتتى. بىر كۈنى ئوغۇز قاغان ئاسماندىن (كۆكتىن) چۈشكەن نۇر (يارۇق) نى كۆردى. نۇر ئىچىدە بىر قىز تۇراتتى. قىزنىڭ يۈزىدە يالقۇن چىقىرىپ تۇرغان (ئاتەشلىق) بىر مېڭى بار ئىدى. ئۇ قۇتۇپ يۇلتۇزىغا (ئالتۇن قازۇق) ئوخشايتتى. قىزنىڭ گۈزەللىكىدىن (كۆرۈگلۈك) كۆك تەڭرىسى كۈلەر ئىدى. ئوغۇز قاغان ئۇ قىزنى ئالدى. قىز ھامىلىدار (تۆل ـ بوغاز) بولدى. ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. بولارغا كۈن، ئاي، يۇلتۇز دېگەن ئات قويىدى. ئوغۇز قاغان ئوۋغا چىقىپ بىر كۆلنىڭ ئىچىدىكى بىر دەرەخنى (ياغاچنى) كۆردى. دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز بار ئىدى. ئوغۇزخان ئۇ قىزنى ئالدى، ئۇ ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. ئوغۇزخان بۇلارغا كۆك، تاغ، دېڭىز (تەڭىز) دەپ ئات قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان چوڭ (بەدۈك) توي قىلدى. ئەلگە يارلىق چىقاردى. قىرىق شىرە، قىرىق ئورۇندۇق ياساتقۇزۇپ (چاپتۇرۇپ)، تۇرلۇك ئاشلار، سۇرمىلەر، چوباتلار،

قىمىزلار تەييارلاتتى. تويدىن كېيىن (سوڭ)، ئوغۇزخان بەگلەرگە، جامائەتكە (ئەل - كۈنلەرگە) مۇنداق يارلىق قىلدى:

مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان.
تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،
كۆك بۆرە بولسۇن ھەم ئوران.
تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان،
ئوۋلىقتا يۈرۈشسۇن مال - ۋاران .
ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن،
كۈن تۇغ بولسۇن، ئاسمان قورغان.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان تۆت تەرەپكە (سارى) يارلىق چىقىرىپ ئەلچىلەر ئەۋەتتى، ئۇنىڭدا: «مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانى بولىمەن، يەرنىڭ تۆت بۇلۇڭىنىڭ قاغانى بولسام كېرەك تۇرۇر...» دېيىلگەن. ئوغۇزخانغا ئوڭ تەرەپتىن ئالتۇن قاغان ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىزىل ياقۇت سوۋغا قىلىپ بويسۇندى. سول (چوڭ) تەرەپتە (ياڭاقىدا) ئۇرۇم قاغان بولۇپ، شەھەرلىرى (بالىق) كۆپ، چېرىكلىرى كۆپ ئىدى. ئۇ بويسۇنمىدى (باقمادى). ئوغۇزخان جەڭگە ئاتلاندى. قىرىق كۈندە مۇز تاغ ئېتىكىگە كەلدى. سەھەردە ئوغۇزخان تۇرغان قورغانغا (بارگاھ) بىر نۇر چۈشتى. ئۇنىڭدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يالىلىق بىر ئەركەك بۆرە چىقتى. بۆرە ئوغۇزخانغا سۆز قىلدى. شۇ سۆز بويىچە يۈرۈش باشلاندى. بۆرە ئاتلىق قوشۇن بىلەن بىللە ماڭدى. يولدا ئېتىل مۆرەن (ۋولگا دەرياسى) دېگەن بىر چوڭ دەريا بار ئىدى. ئېتىل بويىدا، قارا تاغ ئېتىكىدە ئۇرۇش باشلاندى. ئېتىل قانغا بويالغاندا ئوغۇزخان باستى، ئۇرۇم قاغان قاچتى. ئۇرۇم قاغاننىڭ ئورۇس بېك ئىسىملىك ئىنىسى بار ئىدى. ئورۇس بېك ئوغلىنى تېرەن دەريا ئارىسىدا تاغ بېشىدىكى

www.uyghurkitap.com

ياخشى بىر قەلئە (بالىق)نى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويغانىدى. ئوغۇزخان قەلئەگە يۈرۈش قىلغاندا بۇ ئوغۇل نۇرغۇن ئالتۇن ــ كۈمۈش سوۋغا قىلىپ: «سەن مېنىڭ قاغانىم، بۇ شەھەرنى ئاتام ماڭا ياخشى ساقلاشقا تاپشۇرغانىدى. بىزنىڭ بەختىمىز (قۇتىمىز) سېنىڭ بەختىڭ، مەن مەڭگۈلۈك دوستلۇقتىن چىقمايمەن» دېدى. ئوغۇزخان روھلاندى ۋە ئۇنىڭ شەھەرنى ياخشى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ساقلاپ» دەپ ئات قويدى. ئېتىل چوڭ دەريا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈشتە قوشۇندىكى ئۇلۇغ ئوردۇ دېگەن قابىلىيەتلىك بىر بەگ ياغاچلارنى كېسىپ سال ياساپ قوشۇننى ئۆتكۈزدى. ئوغۇزخان روھلىنىپ ئۇنى مۇشۇ يەرگە قىپچاق بېگى قىلىپ تەيىنلەپ كەتتى. يەنە كۆك تۈكلۈك، كۆك يالىلىق ئەركەك بۆرىنى كۆردى. بۆرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ يۈرۈش قىلدى. بىر كۈنى ئوغۇزخان ئامراق بولغان ئايغىر قېچىپ كەتتى. بۇ جايدا ئۇلۇغ بىر تاغ بار ئىدى، ئۈستىدە مۇز قاپلىنىپ تۇراتتى. بۇ تاغنى مۇزتاغ دېيىشەتتى. ئات مۇزتاغقا قاچقانىدى. ئوغۇزخاننىڭ جاپا ــ مۇشەققەتتىن (چالاڭ ــ بولاڭدان) قورقمايدىغان بىر قەھرىمان (قاغاز) چېرىكى بار ئىدى. توققۇز كۈندە ئاتنى تۇتۇپ كەلدى. ئوغۇزخان روھلىنىپ ئۇنىڭغا «قارلۇق» دېگەن ئاتنى (ئۇنۋاننى) بېرىپ، ئۇنى بۇ يەردىكى بەگلەرگە باشلىق قىلىپ قويۇپ كەتتى. يولدا ئىشىكى (تاغامى) ئالتۇندىن، تۈڭلۈكى كۈمۈشتىن، تاملىرى تۆمۈردىن ياسالغان بىر ئۆي كۆرۈندى. ئۆي قۇلۇپلاقلىق (قاپولۇغ) بولۇپ، ئاچقۇچى يوق ئىدى. ئوغۇزخان تېمۇر دوقاغۇل ئىسىملىك چېرىكىنى چاقىرتىپ: سەن مۇندا قېلىپ، بۇ ئىشىكنى ئېچىپ ماڭا خەۋەر قىل، ئىسمىڭ «قال ــ ئاچ» بولسۇن، دەپ يولغا راۋان بولدى. جۇرجىت دېگەن ئەلگە كەلدى. جۇرجىت قاغان ئوغۇز قاغانغا قارشى چىقتى. ئوغۇز قاغان ئۇنىڭ بېشىنى ئالدى (كەستى)، نۇرغۇن غەنىيمەتلەرگە (بارغۇ) ئىگە بولدى. بۇ نەرسىلەرنى يۆتكىمەككە ئاتلار ئازلىق قىلدى. چېرىكلەر ئىچىدە

چوڭقۇر پىكىرلىك بىر بارماقلۇق يۇسۇن بىلىك دېگەن كىشى بار ئىدى. ئۇ بىر هارۋا (قاڭقا) ياسىدى. ھەممە ئەجەبلەندى (شاشتى)، يەنە نۇرغۇن هارۋىلار ياساتتى. بۇ هارۋىلار ماڭغاندا «قاڭقا...قاڭقا» دەپ ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇرغاچقا، ئوغۇزخان ئۇنىڭغا «قاڭقا» دېگەن نام بەردى، هارۋا ياسىغانلارغا «قاڭقالۇغ» («شەجەرەئى تۈرك»دە «قاڭقىلى» دېيىلگەن) دەپ نام بەردى. يەنە بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن سىندۇ، تاڭغۇت، شاغام تەرەپلەرگە ئاتلىنىپ، بۇ يەرلەرنىمۇ بويسۇندۇردى. جەنۇب تەرەپتە يەنە بارقان دېگەن جاي بار ئىدى، ئۇ ھەم باي، ھەم ئىسسىق يۇرت ئىدى. ئۇ يەرنى بويسۇندۇردى. كېيىنچە ئوغۇزخاننىڭ ئالدىدا ساقاللىرى ئاقارغان، چاچلىرى مۇزلۇق، يۇزلىرى ئۇزۇنچاق بىر قېرى (قارت) كىشى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى. بىر كۈنى ئوغۇزخان چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوقنى كۆردى. ئالتۇن يا كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا سوزۇلغانىدى. ئوغۇزخان كۆرگەن چۈشىنى ئۇلۇغ تۈرككە سۆزلەپ بەردى. ئۇ:

ئۆمرۈڭ (ياشارغۇ) بولسۇن ئۇزۇن،
سەلتەنەتىڭ (تۆرەلىك) بولسۇن تۈزۈن.
كۆك تەڭرى بەردى چۈشۈمدە ئىشارەت،
تالاي (چەكسىز) يەرنى ئۇرۇغىڭغا بەرسۇن.

دېدى. ئوغۇزخان بالىلىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا: كۆڭلۈم ئوۋنى خالاپ تۇرسىمۇ قېرىدىم، جەسۇرلۇقۇم (قاغازلۇغۇم) يوقالدى، دېدى. ئالتە ئوغلىنى تۈن (غەرب) ۋە كۈن (شەرق) تەرەپكە بۇيرۇدى. ئۈچ ئوغلى يولدا ياتقان ئالتۇن يانى تېپىپ كەلدى، ئۈچ ئوغلى يولدا ياتقان ئۈچ كۈمۈش ئوقنى تېپىپ كەلدى. ئوغۇزخان روھلاندى، ئولۇغ قۇرۇلتاي چاقىردى. ئۇ ئۇلۇغ ئوردا (بەدۆك ئوردۇ)دا... ئوڭ تەرىپىگە قىرىق غۇلاچ ياغاچ قاداتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بېشىغا بىر ئالتۇن توخۇ (تاغۇق)، ئايىغىغا (ئاداغىغا) بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول تەرىپىگە قىرىق غۇلاچ ياغاچ قاداتتى، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇ، ئايىغىغا بىر قارا قوينى باغلىدى... ئوڭ تەرەپتە بوز ئوقلار، سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز يېيىشتى ـ ئىچىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان ئوغۇللىرىغا يۇرتلارنى تەقسىملەپ بېرىپ سۆز قىلىشقا باشلىدى... (داستان مۇشۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالغان)⑧.

## 1. «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى قەھرىمانلىق قارىشى

«ئوغۇزنامە» داستانىدىكى قەھرىمانلىق قارىشى ئەڭ ئاۋۋال ئوغۇزخاننىڭ ئوبرازىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئوغۇزخاننىڭ تۇغۇلۇپلا ئاش ـ تاماق تەلەپ قىلىشى، شاراب ئىچىشى، قىرىق كۈندىلا ئايىغى ئۆكۈزنىڭكىدەك، بېلى بۆرىنىڭكىدەك، كۆكسى ئېيىقنىڭكىدەك ھالەتتە چوڭ بولۇشى، بېلىقلارنى تۇتۇپ ئوۋ ئوۋلىشى، ھەرقانداق بىر سىمۋول تەسەۋۋۇرىدىن تاشقىرى، چارۋىچى خەلقلەرگە خاس بىر خىل قەھرىمانلىقنىڭ بېشارىتىدىن ئىبارەت. بۇنداق قەھرىمانلىق ئەڭ دەسلەپ ئوغۇزخاننىڭ ئوۋ ئوۋلىشىدا، ئوۋ جەريانىدا ھىيلە ئىشلىتىپ، ۋەھشىي ھايۋان قىئاتنى ئۆلتۈرۈشىدە نامايان بولىدۇ. كېيىنكى ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوغۇزخان يېڭىلمەس ئورۇنغا قويۇلغان. ئۇ تەڭرى ئەلچىسى كۆك بۆرىنىڭ يېتەكلىشىدە بارلىق دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. بۇ غالىبىيەت قەھرىمانلىقنىڭ، يەنى ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جان كۆيدۈرۈپ جەڭ قىلغان بەگلەر پائالىيەتلىرىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

ئاندىن قالسا ئەسەردىكى قەھرىمانلىق قارىشى ئوغۇزخاننىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى بەگلىرىگە تۇتقان مۇئامىلىسىدە، يەنى قەھرىمانلارنى قەدىرلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ، ھەربىي يۈرۈشتە

ئەقىل كۆرسىتىپ چارە تاپقان، جاسارەت كۆرسەتكەن بەگلىرىنىڭ تۆھپىسىنى ئالاھىدە ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا ئىنئاملار بېرىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ بۇ خىل مۇكاپات بېرىشى، ئەمەلىيەتتە قەھرىمانلىقنى ئۇلۇغلاش بولۇپ، پۈتۈن داستاندا ئوغۇزخان ئوبرازى تىمسالىدا ئالغا سۈرۈلۈۋاتقان قەھرىمانلىق قارىشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەشتە ۋاسىتىلىك رول ئوينىغان. ئومۇمەن، داستاندا ئەكس ئەتكەن قەھرىمانلىق قارىشىنى تۈركىي خەلقلەردىكى جەڭگىۋارلىقنى ئۇلۇغلاش، قەھرىمانلىقنى چوقۇنۇشتەك قاراشنىڭ يۈكسەكلىشىشى دېيىشكە بولىدۇ.

## 2. «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى تۈپ ئىدىيە

«ئوغۇزنامە» داستانىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن تۈپ ئىدىيە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى جەھەتتىن بىرلىشىش، سىرتقى جەھەتكە نىسبەتەن بىرلەشتۈرۈش خاھىشىدىن ئىبارەت. بۇ ئىدىيە ئەسەردە باشتىن ـ ئاخىر ھاكىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ ئۆزىنى قەھرىمان قىلىپ تاللىشىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا خاقان بولۇپ ئىچكى بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، ئاندىن سىرتقا نىسبەتەن بىرلەشتۈرۈش ـ بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي يۈرۈش قىلىشلىرىنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەن چوڭ دۆلەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىمۇ كۆرسىتىش كېرەككى، داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرلىشىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇ ئورخۇندىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىياغىچە بولغان كەڭ زېمىندىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرلىشىشى، قوشۇلۇشىدىن ئىبارەت. دېمەك، داستاندا ئەكس ئەتكەن بىرلىشىش خاھىشى ئادەتتىكى بىرلىشىش ئەمەس، بەلكى ناھايىتى زور بىرلىشىش خاھىشىدىن ئىبارەت بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### 3. «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى تارىخىي ئۇچۇرلار

«ئوغۇزنامە» داستانىدىكى ۋەقەلەرنىڭ ئۆزىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئېنىق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. بۇ خىل تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن بۇرۇن موڭغۇلىيە دالاسىدا ياشىغان تۈركىي قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ مىلادىيە 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردە موڭغۇلىيەدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىياغىچە بولغان كەڭ زېمىندىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ قايتا تەشكىللىنىشى، يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىي ھەرىكەتلىرىدىن ئىبارەت. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر، قارلۇق قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۇ يېڭى خانلىقنىڭ قىلغان يۈرۈشلىرىنىڭ مەزكۇر تارىخىي داستان ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە ماتېرىيال ئاساسى بولغانلىقىنىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئىمپېرىيە قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلىنىدىغان بولۇپ، بۇ قىسمىدىكى ۋەقەلەر ئۆزىگە خاس ۋاقىت ئىزچىللىقى بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ، شۇنداقلا ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەن جاينىڭ نامى، تەبىئىي شارائىتىمۇ ئېنىق تەسۋىرلىنىدۇ. ئالايلۇق، ئېتىل (ۋولگا دەرياسى)، رۇم (رىم ــ شەرقىي رىم)، تاڭغۇت (تاڭغۇت ئېلى)، جۇرجىت (جۇرجىت ئېلى)، سىندۇ(ھىندۇ)، شاغام (شام ــ سۈرىيە) قاتارلىقلار. داستاندا يەنە ئوغۇزخاننىڭ ئەتراپىدىكى بەگلەرنىڭ ناملىرى تارىختا ئۆتكەن ناھايىتى زور قەبىلىلەرنىڭ ناملىرىغا سىمۋول قىلىنغان. مەسىلەن، قىپچاق بەگ (قىپچاق قەبىلىسى)، قارلۇق بەگ (قارلۇق قەبىلىسى)، قانغالۇق (قاڭلى قەبىلىسى) قاتارلىقلار. بۇ قەبىلىلەر مىلادىيە 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا پائالىيەت قىلغان، يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش كۈرىشىدە ئالاھىدە رول ئوينىغان قەبىلىلەردىن

ئىبارەت. يۇقىرىقىلار داستاننى مەلۇم دەرىجىدە رېئاللىققا يېقىنلاشتۇرىدۇ⑨.

ئومۇمەن، «ئوغۇزنامە» داستانى نوقۇل ئەپسانە، نوقۇل بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى مۇئەييەن تارىخىي رېئاللىقنىڭ ئىنكاسىدۇر. «ئوغۇزنامە» داستانى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى دىنىي مەزمۇندا بولمىغان يازما يادىكارلىق بولۇپ، ئۇنى قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە باشقا مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بىرسى دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ۋە مانى دىنىدىن سىرت، يەنە بۇددا دىنى ۋە نىستورىيان دىنى بىلەن ئۇچرىشىپ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسىنىڭ كۆپ خىللىشىشى، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ بەك ئۇچرىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇن دىنىي، ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەر يېزىلىشتىن سىرت، ھەر خىل تىل - يېزىقلاردىكى نۇرغۇن دىنىي، ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇلار ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى نۇقتىسىدىن مۇشۇ دەۋردىكى تارىخشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەسسە قوشقان.

## ئىزاھلار:

① ھاجى نۇرھاجى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 8 - ئاي ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 - يىلى 4 - ئاي ئۇيغۇرچە 2 - نەشرى؛ تيەن ۋېيجياڭ: «ئىدىقۇت

ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

③④ ئابدۇرېشىت ياقۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار ــ بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان؛ لىن گەن، گاۋ زىخۇ يازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑤ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑥ لىن گەن، گاۋ زىخۇ يازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑦⑧ گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ــ ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 11 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى؛ ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑨ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 1 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 5 ـ باب  يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق

## يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتى ۋە بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخچىلار

مىلادىيە 1206 ـ يىلى موڭغۇل يايلىقىدا باش كۆتۈرگەن چىڭگىزخان (1162 ـــ 1227 ـ يىللار) موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ موڭغۇل خانلىقىنى قۇرۇپ، 1218 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ خارەزم خانلىقى، قاراقىتان خانلىقى ۋە بۇ خانلىقنىڭ ھامىيلىقىدىكى قاراخانىيلار خانلىقىنى بويسۇندۇردى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۆزىگە بېقىندۇردى. كېيىن موڭغۇللار 1227 ـ يىلى تاڭغۇت خانلىقىنى، 1234 ـ يىلى جۇرجىت خانلىقىنى، 1279 ـ يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ، پۈتۈن جۇڭگونى ئىلكىگە ئالدى①.

چىڭگىزخان موڭغۇل دۆلىتىنى قۇرغان چاغدا، موڭغۇللارنىڭ تېخى ئۆز يېزىقى يوق ئىدى. 1204 ـ يىلى چىڭگىزخان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان نايمان خانلىقىنى يوقاتقاندا، نايمان خانلىقىنىڭ دۆلەت ئۇستازى، باش مۆھۈرچىسى ئۇيغۇر تاتاتۇڭانى ئەسىرگە ئالغان. تاتاتۇڭا ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر ئەدىب، يۇقىرى ئىناۋەتلىك ئۆلىما، پىشقان دۆلەت ئەربابى بولغاچقا، چىڭگىزخان تاتاتۇڭانى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ھۆرمەتلەپ، ئۇنى ئۆز يېنىدا خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان ھەم ئۇنى دۆلەت ئۇستازى قىلىپ، شاھزادىلىرىگە خەت ـ ئالاقە توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى ئوقۇتۇشقا مۇئەللىم قىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن تاتاتۇڭئانىڭ ھارماي ـ تالماي قىلغان ئەجرى بىلەن موڭغۇللار ئۆز تىلىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خاتىرىلەشنى ئۆگىنىۋالغان، نەتىجىدە «موڭغۇلچە ئۇيغۇر يېزىقى» مەيدانغا كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇللار يېزىققا ئىگە بولۇپ، خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنى يولغا قويغان. چىڭگىزخاننىڭ «بۈيۈك ياساق» (قانۇن ـ تۈزۈم، پەرمان ۋە «بىلىك» (پەند ـ نەسىھەت) لىرى مۇشۇ خىل ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇلچە خاتىرىلەنگەن، شۇڭا كېيىنكى ۋاقىتتا يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ۋە چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ ئەينى دەۋردىكى موڭغۇللارنىڭ ئۇستازى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارىغان②.

چىڭگىزخان ئۆلۈش ئالدىدا بويسۇندۇرغان زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەندى. ئۇنىڭ 4 ـ ئوغلى تولۇينىڭ ئوغلى قۇبلاي 1279 ـ يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يۈەن سۇلالىسىنى قۇردى. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى رايونلارنىڭ، مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ ئىلغار يەن ـ مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش قائىدىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى، شۇنداقلا ھەر ساھە، ھەر كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا يول قويدى. مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان زىيالىيلارنى ئوردىغا توپلاپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلاندى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ۋە مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرىدا يۇقىرى مەنسەپ ۋە ئالىي مەرتىۋە بىلەن ئىشلەپ، يۈەن سۇلالىسى

دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى③.

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش، ئۇلارنىڭ تارىخىنى يېزىش ئىشلىرىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى ھەم بىر قىسىم تارىخچىلارنى ئوردىغا جەلپ قىلىپ، مەخسۇس تارىخ يېزىش ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، ئىلگىرىكى سۇلالىلەر تارىخىنى يېزىپ چىقتى. بۇ ئورگانلاردا ئۇيغۇر تارىخچىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى شەمسىددىن، جامالىددىن، قاڭلى توقتۇ، ساكيا قايا، سارابان قاتارلىقلاردۇر. شەمسىددىن (1277 — 1351 ـ يىللار) ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ «جىن ئەيزۇڭ توغرىسىدا خاتىرە»، «جېڭدا يىللىرىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ تەرجىمىھالى»، «غەربىي يۇرتلۇق يات تائىپىلەرنىڭ تەرجىمىھالى»، «غەربتىكى ئەللەرنىڭ خەرىتىلىك تەپسىراتى» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەرنى يازدى. جامالىددىن 1288 ـ يىلى قۇبلاي خاننىڭ قولluشى بىلەن «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۈيۈك بىرلىك تەپسىراتى» ناملىق تارىخىي جۇغراپىيەلىك مەزمۇنلار ئاساس قىلىنغان قىستۇرما رەسىملىك كىتاب يېزىشقا كىرىشىپ، 1303 ـ يىلى 600 قىسىم، 1300 جىلدلىق كىتابنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. قاڭلى توقتۇ ئوردىنىڭ پەرمانى بىلەن 1343 — 1345 ـ يىللىرى تارىخشۇناس سارابان ۋە ساكيا قايا بىلەن بىرلىكتە «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، «جىن سۇلالىسى تارىخى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»نى يېزىشقا مەسئۇل بولۇپ، ماتېرىيال مەنبەسى تېپىش، ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىش، سېلىشتۇرۇش، يېزىش، تەھرىرلەش قاتارلىق بىر قاتار مۇرەككەپ خىزمەتلەرنى بىۋاسىتە ئىشلىدى. بۇلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى.

بۇنىڭدىن باشقا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە غەربىي يۇرت تەۋەسىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلاردىن بەزى ئەدىب - تارىخچىلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇلارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا بىرمۇنچە تارىخىي يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ، تىل، ئۇسلۇب، مەزمۇن جەھەتتىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. ھازىرغىچە مەلۇم بولغانلاردىن كى كى قۇرسائىچقۇ ۋە ئۇ پۈتكەن «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى»، ئۆگدۇلمىش ئوغلى جانبەگ ۋە ئۇ يازغان «ئۆگدۇلمىش ئوغلى جانبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى» بۇنىڭ مىسالى بولۇپ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مۇئەييەن تۆھپە قوشتى.

## تارىخچى جامالىددىن

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 48 -، 90 - جىلدىدىكى خاتىرىلەرگە ۋە «يۈەن ئوردىسىنىڭ مىرزىخانا تەزكىرىسى»دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، جامالىددىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆتكەن غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر ئاسترونوم، تەقۋىمچى ھەم تارىخچى بولۇپ، ئۇ قۇبلاي خان تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرىلا باشقا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قاتارىدا ئوردىغا خىزمەتكە جەلپ قىلىنغان. ئۇ 1288 - يىلى قۇبلاي خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «دۆلەت مىسلىسىز بىرلىككە كەلدى، زېمىن كېڭەيدى، مۇھىم ئىشلار تەرتىپكە سېلىندى. خان ئادىل يۇرت سوراپ ئالدىنقى ھەرقانداق زامانلارغا قارىغاندا مەمۇرچىلىق بولدى. شۇڭلاشقا، مەن بۈيۈك بىرلىكمىزگە تەۋە بولغان بارلىق جايلارنىڭ مۇھىم تارىخلىرىنى يېزىپ چىقىش قارارىغا كەلدىم ...» دېگەن . قۇبلاي

خان ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى ناھايىتى تېزلا قولللاپ، بۇ ئىشقا ئېھتىياجلىق ئادەملەرنى قوشۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ھەم ئۇ يازماقچى بولغان كىتابقا «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بۈيۈك بىرلىك تەپسىراتى» دەپ ئىسىم قويۇپ بەرگەن.

جامالىددىن بۇ كىتابنى تۈزۈش خىزمىتىدە ئوردا تارىخ مەھكىمىسى قاتارلىق ئورگانلاردىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، نۇرغۇن قەلەمكەشلەرنى بۇ ئىشقا قاتناشتۇرۇپ، ئۆزى ئومۇمىي ئىشلارغا مەسئۇل بولۇشتىن سىرت، ماتېرىياللارنى تاللاپ بېكىتىش ۋە تەھرىرلەشتەك ئەڭ مۇشكۇل ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان. جۈملىدىن، قەدىمكى تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ھەرقايسى جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى، تارىخىي تەرەققىيات جەريانى، مۇھىم تارىخىي ئىش ـ پائالىيەتلەر، تارىخىي شەخسلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ، ھەرقايسى بۆلەكلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن. نەتىجىدە 1288 ـ يىلدىن 1300 ـ يىلغىچە بولغان 12 يىل جەريانىدا 463 قىسىم، 755 جىلدلىق كىتابنى يېزىپ چىققان. كېيىن يۈەننەن ۋە لياۋياڭ (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىگە قاراشلىق جايلار) قاتارلىق جايلاردىن داۋاملىق ماتېرىيال مەنبەلىرى تېپىلىپ تۇرغاچقا، كىتابنى يەنە تولۇقلاپ، 1303 ـ يىلى 600 قىسىم، 1300 جىلد قىلىپ يېزىپ چىققان. بۇ زور ھەجىملىك كىتابقا يەنە 200 پارچىدىن كۆپرەك رەسىم، ئىزاھلىق چۈشەندۈرۈشلەرمۇ بېرىلگەن. يۇقىرىقى ئەمگىكى بىلەن ئۇ تېمۇر خان (يۈەن چېڭزوڭ)نىڭ كاتتا تارتۇقلىشىغا نائىل بولغان④.

## تارىخچى قاڭلى توقتۇ

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 130 ـ جىلدىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، قاڭلى توقتۇ (خەنزۇچە ئىسمى يۆجۇ)نىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئارغۇن سالى، بوۋىسىنىڭ ئىسمى ئاتا سالى ئىدى. ئاتا سالى غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر بولۇپ، چىڭگىزخان

www.uyghurkitap.com

غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، چىڭگىزخان قوشۇنىغا قاتنىشىپ ئەمەلدار بولغان. كېيىن موڭغۇل قوشۇنلىرىغا ئەگىشىپ يەنجىڭ (بېيجىڭ)غا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئاتا سالى بۇددا ئىلمىنى پىششىق بىلگەنلىكى ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنى پۈتۈن دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى قىلىپ تەيىنلىگەن. قاڭلى توقتۇنىڭ دادىسى ئارغۇن سالىمۇ بۇددا ئىلمىنى، شۇنداقلا قەدىمكى نوم ـ بىتىكلەر، تارىخنامىلەرنى پىششىق بىلگەچكە، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنى تارىخ مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىگەن. كېيىن قۇبلاي خان ئۇنى دۆلەت ئۈچۈن تۆھپە كۆرسەتتى دەپ قاراپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىققا كۆتۈرگەن. قاڭلى توقتۇ يەنجىڭ (بېيجىڭ)دا تۇغۇلغان بولۇپ، خەنزۇچىنى پىششىق بىلەتتى، ئۇ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كىچىكىدىن باشلاپ خەنزۇچە قەدىمكى نوملارنى، تارىخىي ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. كېيىن دانىشمەن ئۆلىما ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھەم يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ تارىخ مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىنىپ، دادىسىنىڭ كونا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1343 ـ يىلىدىن باشلاپ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، «جىن سۇلالىسى تارىخى»نى يېزىش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان ھەم بۇنى يېزىشقا ئۆزى باشتىن ـ ئاياغ قاتناشقان، بولۇپمۇ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»نى يېزىشقا كۆپ كۈچ چىقارغان[5].

## تارىخچى ساكيا قايا

«يۈەن سۇلالىسى يېڭى تارىخى»نىڭ 155 ـ جىلدىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ساكيا قايا (خەنزۇچە ئىسمى ليەن خۇيشيەن)نىڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى بولۇ قايا بولۇپ، ئۇيغۇر ئىدى. بولۇ قايا غەربكە يۈرۈش قىلغان چىڭگىزخانىنىڭ قوشۇنىغا

قاتناشقان ۋە ئەمەلدار بولغان. ساكيا قايانىڭ دادىسى ئارغۇن قايا (خەنزۇچە ئىسمى ليەن شىشيەن) يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن «تەكشۈرگۈچى ئەلچى»لىككە تەيىنلەنگەن. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ئۆزۈن ۋاقىت ئىشلىگەچكە، ئۇنىڭ فامىلىسى «ليەن» دەپ ئاتالغان. كېيىن بالىلىرىمۇ ليەن فامىلىسى بويىچە ئاتالغان. ئۇ يەنە يۈەن سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن. ساكيا قايا 1321 ـ يىلىدىن باشلاپ ئوردا تارىخ مەھكىمىسىگە ئەمەلدار بولغان، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ قۇبلاي خان، شۈەنزۇڭ خان، يىڭزۇڭ خاننىڭ «ھەقىقىي خاتىرىلىرى»نى يېزىشقا باشلىغان. كېيىن خېدۇڭ، خېنەن، جياڭشى قاتارلىق جايلاردا ئەمەلدار بولغان. كېيىن يەنە ئوردا تارىخ مەھكىمىسىگە قايتىپ كېلىپ، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، «جىن سۇلالىسى تارىخى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»نى يېزىشقا باشچىلىق قىلغان ھەم يېزىش ئىشلىرىغا ئۆزى بىۋاستە قول تىققان⑥.

## تارىخچى سارابان

«يۈەن سۇلالىسى يېڭى تارىخى»نىڭ 136 ـ جىلدىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، سارابان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەشھۇر ۋەزىرى قارايىغاچ بۇيرۇقنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، سارابانىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئارغۇن تېمۇر ئىدى. ئۇلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئوردا خىزمىتىدە بولۇپ كەلگەن. سارابانىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ناھايىتى بىلىملىك، خەنزۇچىغا پىششىق كىشىلەردىن بولغاچقا، سارابانمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىدەك تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھەر خىل بىلىملەردە كامالەتكە يەتكەن. ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ يەر ۋە خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى دىۋان مەھكىمىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى، دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدارى بولغان. ئۇ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش بىلىملىرىنى،

بولۇپمۇ تارىخ بىلىملىرىنى پىششىق بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئوردا تارىخ مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلىنىپ، «جىن سۇلالىسى تارىخى»نى يېزىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان ھەم ئۇنى يېزىشتا ئۆزى باشتىن ـ ئاياغ ئاساسلىق رول ئوينىغان⑦.

## «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى»

بۇ ئەسلىي قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، دەسلەپتە فىرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، كېيىن «ئاي» تەخەللۇسلۇق بىر تاتار يازغۇچىسى بۇ ئەسەرنىڭ بىر بابىنى فىرانسۇزچىدىن تاتارچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1910 ـ يىلى رۇسىيە تاتارىستان ئۆلكىسىنىڭ قازان شەھىرىدىكى «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان. ئەسەردە بايان قىلىنغان مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئىسمى جانبەگ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئۆگدۈلمىش بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بايان ئاۋۇل ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان، ئانا يۇرتى ئىسسىقكۆل بويلىرى بولغان. ئۇ كىچىكىدىن ئوقيا ئېتىشقا، چەۋەندازلىققا ھەۋەس قىلغان ۋە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنى پىششىق ئىگىلىگەن. 15 يېشىدا چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىگە قېتىلىپ، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى باتۇخاننىڭ قوشۇنىدا جەڭچى، خەۋەرچى بولغان. ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى ئاساسىدا تەخمىنەن 1260 ـ يىللىرى ئەتراپىدا بۇ تارىخىي قىسسەنى يېزىپ چىققان. بۇ موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشى ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى تارىخىي قىسسە بولۇپ، بۇ ھەقتە جانبەگ ئۆز ئەسىرىدە: «ئۇيغۇر قوۋمىدىن ئۆگدۈلمىش ئوغلىغا قەدەر چىڭگىزخاننىڭ ھەم ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ۋە ئوغلىنىڭ ئوغلى بولغان، ئايزكۇخان دەپ ئاتالغان باتۇخاننىڭ تارىخىنى بۇگۈنگىچە ھېچ كىشى يازماپتۇ. مەن بىر ئاجىز بەندە كۆپ يىللار قاغان ھەم ئوغۇللىرى، ئوغلىنىڭ ئوغلى ئايزكۇخان

بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئۇرۇش قىلغانلىقىمدىن ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەنلىرىمنى يازدىم. ئۆز خەلقىمىز بۇلارنى ئوقۇپ دۇنيانى ئېلىش ئۈچۈن نەقەدەر تىرىشىپ، قانچە مۇشەققەتلەرنى كۆرۈپ، كۆپ ئۇرۇشلارنى قىلغانلىقىمىزنى بىلىشسۇن» دەپ يازغان. بۇ قىسسەنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن موڭغۇل ئىمپېرىيەسىگە بولغان تەسىرىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان تارىخىي قىسسە دېيىشكە بولىدۇ⑧.

## «قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈتېشى»

بۇ مەڭگۈتاش تەخمىنەن 1933 ـ يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيەسىنىڭ 15 كىلومېتىر شىمالىدىكى بىر جىلغىدىن تېپىلغان. مەڭگۈتاشتىكى خەتلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا ئويۇلغان بولۇپ، مەڭگۈتاشنىڭ ئالدى يۈزىگە قەدىمكى ئۇيغۇرچە 257 قۇر خەت ئويۇلغان، خەتلەر شېئىرىي شەكىلدە سولدىن ئوڭغا قارىتىلىپ تىك يېزىلغان، ئەمما يېرىمدىن كۆپرەكى بۇزۇلۇپ كەتكەن. ئارقا يۈزىگە خەنزۇچە 36 قۇر خەت ئويۇلغان. مەڭگۈتاش تىكلەنگەن 1344 ـ يىلى جانبالىق (هازىرقى سانجىغا توغرا كېلىدۇ) لىق كى كى قۇرسائىچقۇ دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، مەڭگۈتاشتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىرىدىن قوچقار تېگىن، مامۇراق تېگىن، يۇرۇن تېگىن قاتارلىقلارنىڭ قۇبلاي خانغا ساداقەت كۆرسىتىپ قايدۇغا قارشى تۇرغانلىقى، جۇملىدىن قايدۇنىڭ قوچۇ شەھىرىگە هۇجۇم قىلىپ شەھەرنى ئالتە ئاي قورشاۋغا ئېلىۋېلىپ، شەھەردىكىلەرنى ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىسىپ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا قويغاندا، قوچقار تېگىننىڭ ئەلنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، قىزى ئەل ئەتمىشنى قايدۇغا ياتلىق قىلىپ، مۇھاسىرىنى بوشاتقانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن ئەلنىڭ بىر قىسمىنىڭ گەنسۇدىكى ۋۇۋېينىڭ ئەتراپىدىكى يۇڭچاڭغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى بايان

قىلىنغان. مەزكۇر مەڭگۈتاش ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىنى ۋە ئىدىقۇتلارنىڭ نەسەبىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ⑨.

ئومۇمەن، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان نۇرغۇن ئۇيغۇر تارىخچىلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرىدا جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، خەنزۇچە تىل - يېزىق بىلەن ئىجادىيەت قىلىپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان، شۇنداقلا غەربىي يۇرت تەۋەسىدىكى بەزى ئەدىب - تارىخچىلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا بىرمۇنچە تارىخىي يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مۇئەييەن تۆھپە قوشقان.

## ئىزاھلار:

①③ سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»7 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 - يىلى 10 - ئاي ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى؛ شاڭ يەنبىڭ: «يۈەن سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇرلار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999 - يىلى 4 - ئاي خەنزۇچە 1 - نەشرى.

②⑤ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى: «يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى.

④ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىم جەمالىدىن توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 - يىللىق 4 - سان.

⑥⑦ ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 - يىلى ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى.

⑧ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى يازغان:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 2 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑨ «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى»ئۇيغۇرلار تومى 2 ـ قىسىم، مەزكۇر كىتابنى تۈزۈش ھەيئىتى 2010 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۈزگەن نۇسخىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى

## 6 ـ باب چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق

### چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتى ۋە بۇ دەۋردىكى تارىخشۇناسلىقنىڭ راۋاجلىنىشى

چىڭگىزخاننىڭ 2 ـ ئوغلى چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھازىرقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا چاغاتاي خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە (13 ــ 16 ـ ئەسىرلەر) ئۇيغۇرلارنىڭ خانلىقتىكى ئورنى ئالاھىدە يۇقىرى بولدى، مۇشۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى ھاكىمىيەت تىلىغا ئايلىنىپ، ئەرەب، پارس، موڭغۇل تىللىرىدىن نۇرغۇن ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. خانلىقتا ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا بىرقەدەر ئەھمىيەت بېرىلدى. ھۈنەر، سەنئەت، سودا ـ تىجارەت زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. تەرەپ ـ تەرەپلەرگە كارۋان يوللىرى ئېچىلدى، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۇيغۇر ئۇستىلار ئىشلەپچىقارغان ھەر خىل يىپ، يىپەك، يۇڭدىن ئىشلەنگەن كىيىملەرنى، زىلچا ـ گىلەم

قاتارلىق ھەر خىل ئۆي جابدۇقلىرىنى، زىننەت بۇيۇملىرىنى، ھەربىي قورال ـ ياراغلارنى، ئىپسىل قەغەزلەرنى ۋە باشقىلارنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە چەت ئەللەرگە ئاپىرىپ سېتىپ سودا ـ تىجارىتىنى كېڭەيتتى. بولۇپمۇ، كېيىن تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ مۇسۇلمان بولۇپ، دۆلەت ئادەملىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان ئۇلۇغ بىر ئىش بولدى. ھۆكۈمداردىن تارتىپ يەرلىك ئەمەلدارلارغىچە ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتى بويىچە ساۋاب ئىزدەپ نۇرغۇن مەدرىسە، مەسچىت، مەكتەپلەرنى بىنا قىلدۇردى. بۇ مەدرىسە، مەكتەپلەردە ئىسلام تەلىماتىدىن باشقا، تېبابەت، ھېساب، ئالگېبرا، ئىلمىي نۇجۇم، تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق پەننىي دەرسلەر تەسىس قىلىنىپ، ھەرقايسى جايلاردىن ئالىم، ئۆلىمالار مۇدەررىسلىككە (ئوقۇتقۇچىلىققا) تەكلىپ قىلىندى. مەدەنىي ھاياتتىكى بۇنداق جانلىنىش ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قەشقەر، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلارنىڭ يەنىلا ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە ئايلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. مۇشۇ سەۋەبلەردىن چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ھەرھالدا ئانچە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماي، بەلكى خېلى تەرەققىي قىلىپ، يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىدى①.

چاغاتاي زامانىسىدا مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە داڭلىق پېداگوگ سىراجىدىن ئەبۇ ياقۇپ ئىبنى ئەبۇ يۇسۇپ سەككاكى (1160 ـــ 1228 ـ يىللار) چاغاتاينىڭ ئىلمىي مەسلىھەتچىسى، تالانتلىق مائارىپچى ۋە يېزا ئىگىلىكى مۇتەخەسسىسى مەسئۇتبەگ چاغاتاينىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى باش ۋالىيسى ئىدى. بۇ چاغدا ئالمالىق، بۇخارا ۋە قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئىلىم ـ پەن مەركەزلىرىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ، مەسئۇتبەگ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئىنتايىن زور ئەمگەك سىڭدۇردى. ئۇ قارا

قىتانلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن قەشقەردىكى مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتى — ساچىيە مەدرىسەسىنىڭ خارابىسى ئورنىدا 1260 ـ يىلى «مەسئۇدىيە» ناملىق نوپۇزلۇق بىلىم يۇرتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا «سائادەت» ناملىق داڭلىق كۇتۇپخانا تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك مائارىپى قايتىدىن راۋاجلىنىپ، قەشقەر پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە «سانى بۇخارا» (ئىككىنچى بۇخارا) دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدى②.

مەسئۇتبەگ 1254 ـ يىلدىن 1289 ـ يىللارغىچە ئۆزىنىڭ نامىدا ئاتالغان بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا شەخسەن ئۆزى بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلدى. مەسئۇتبەگنىڭ يېقىن دوستى — مەشھۇر ئالىم جامال قارشى «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىنىڭ نوپۇزلۇق مۇدەررىسى ئىدى. ئۇ «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىنى تەرىپلەپ: «...بۇ مەكتەپكە ھەممە ئىقلىمدىن ھەر يىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچى كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە يالغۇز ئىلاھىي تەلىماتلا ئەمەس، بەلكى مۇھىمى ئارىستوتىل، سوقرات، خارەزمى، فارابى، ئىبنى سىنا پەلسەپىلىرى... تەتقىق قىلىنىدۇ، ئەرەبچە، پارسچە قاتارلىق چەت ئەل تىللىرى ئوقۇتۇلىدۇ» دەپ يازغان. «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىغا تۇرلۇك جايلاردىن مىڭلىغان تالىپلار كېلىپ بىلىم ئالاتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى كەشمىر ۋە لاھوردىن، بەزىلىرى بالاساغۇن ۋە قىپچاق دالالىرىدىن، بەزىلىرى خۇراساندىن ۋە ئىلىدىن كېلىپ مەكتەپتە قونۇپ ئوقۇيتتى. ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەر ئىچىدە نۇرغۇنلىرى ئاتاقلىق شائىر ۋە ئالىملاردىن بولۇپ تونۇلۇپ، تۇرلۇك جايلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خۇراساندا مۇدەررىس بولۇپ ئىشلىگەن ۋە پۈتۈن ئۆمرىنى مائارىپ ئۇچۇن بېغىشلاپ چوڭ نەتىجە قازانغان سەئىد كاشغەرىي، مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى قاتارلىقلار بار ئىدى③.

چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىمۇ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق ئاساسىدا راۋاجلاندى. بۇ دەۋردە جامال قارشى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىنى تەتقىق

قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر «مۇلھاقاتۇس سۇرراھ» («سۇراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما»)نى روياپقا چىقاردى. يەنە ناسىرىددىن بىننى بۇرھانىددىن رابغۇزى «قىسسەسۇلئەنبىيا»(ياكى «قىسسەئى رابغۇزى») دېگەن ئەسەرنى، ھاپىز ئەبرۇ «زۇبدەتۇت-تاۋارىخ» ناملىق ئەسەرنى، سەمەرقەنتلىك ئابدۇراززاق «مەتلەئۇسسەئىدەيىن ۋە مەجمۇئەل بەھرەيىن» ناملىق ئەسەرنى، ئۇيغۇر باخشى «تارىخى خانىيە» ناملىق ئەسەرنى، ئەلىشىر نەۋايى «تارىخى مۇلكى ئەجەم» (ئىران شاھلىرىنىڭ تارىخى) ناملىق ئەسەرنى يازدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەسەرلىرى چىڭگىزخان ئىستېلاسىنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە چاغاتاي ئۇلۇسى، چاغاتاي خانلىقى، موغۇلىستان خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن بۆلۈنۈپ چىققان ئاقساق تۆمۈر ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ موغۇلىستان ۋە تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ④.

## جامال قارشى ۋە «مۇلھاقاتۇس سۇرراھ»

جامال قارشىنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەبۇلفەزل بىننى مۇھەممەد بىننى ئۆمەر بىننى خالىد بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە جامال قارشى دەپ تەخەللۇس قويغان. جامال قارشى ھىجرىيە 628 ـ يىلى (مىلادىيە 1230 ــ 1231 ـ يىللىرى) ئالمالىقتا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى بالاساغۇنلۇق ھاپىز (قارىي)، ئانىسى مەرۋىلىك ئىدى. بۇ ۋاقىتتا موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىپ بولغان بولۇپ، ئالمالىق چاغاتاينىڭ تېررىتورىيەسى ئىچىدىكى زېمىن ئىدى. گەرچە چاغاتاي ئىسلام دىنىغا ئانچە دوستانە مۇئامىلە قىلمىسىمۇ، بىراق پۈتكۈل موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ھەر خىل دىنلارغا كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتى ئاستىدا مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەدەنىيەتنىڭ

راۋاجلىنىشى ساقلىنىپ قېلىندى. جامال قارشى مانا مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى، دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن.

ھىجرىيە 662 ـ يىلى (مىلادىيە 1263 ــ 1264 ـ يىللىرى) جامال قارشى ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن ئالمالىقتىن ئايرىلىپ قەشقەرگە كەلگەن. كېيىن ئاساسەن قەشقەردە ياشىغان. ئۇ بۇ يەردە يەرلىك دىنىي ئۆلىمالار بىلەن تونۇشقان ۋە ئۇلارنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەن. ئۇ كۆپ قېتىم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارنى ساياھەت قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىدىكى داڭلىق شەيخلەر، ئۆلىمالارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇپ يەتكەن.

جامال قارشى ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. بىر قەدەر داڭلىق ئەسەرلىرىدىن بىرسى «مۇلھاقاتۇس سۇرراھ» («سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما»)دۇر. بۇ ئۇنىڭ قەشقەردىكى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ تەكلىپى بىلەن يازغان ئەسىرى بولۇپ، ئۇ 1282 ـ يىلى قەشقەردىكى ئاتاقلىق مەدرىسەلەرنىڭ بىرسى بولغان ساچىيە مەدرىسەسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئەرەب لۇغەتشۇناسى ئەل جەۋھەرىنىڭ «سۇرراھ» ناملىق ئەسىرىنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسىنى ئۇچراتقاندىن كېيىن كىتابنى ئەرەبچىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلغان ۋە كېيىن بۇ ئەسەرگە «مۇلھاقاتۇس سۇرراھ» نامى بىلەن ئىلاۋە يېزىپ ئېلان قىلغان. «سۇرراھ»نىڭ ئەسلىي مەنىسى «چۈشىنىشلىك، ئېنىق» دېگەنلىك بولۇپ، «ئېنىق سۆز، ئۆلچەملىك سۆز» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ ئەسەر بىر مەزگىل داڭ چىقارغان ھەمدە كېيىن نۇرغۇن لۇغەتچىلەر (ئۇنى) ئۆلگە قىلغان ۋە ئونىڭدىن ماتېرىيال مەنبەسى سۈپىتىدە پايدىلانغان.

جامال قارشىنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋە ئەسەرنىڭ تاماملانغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بىراق، ئەسەردىكى

ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىت ھىجرىيە 702 ـ يىلى (مىلادىيە 1302 ـــ 1303 يىللىرى)، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەرنىڭ تاماملانغان ۋاقتى ھىجرىيە 702 ـ يىلىدىن بۇرۇن ئەمەس. ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم خانلىقلارنىڭ تارىخى (جۈملىدىن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تارىخى) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۆلىما ـ شەيخلەرنىڭ تەزكىرىسى، شۇنداقلا بىر قىسىم شەھەرلەرگە بارىدىغان يوللار، ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ ئەسەردىكى قاراخانىيلار دەۋرىگە دائىر مەلۇماتلار بەك قىممەتلىك.

مەزكۇر ئەسەر موڭغۇللارنىڭ گۈللەنگەن ۋە كۈچەيگەن دەۋرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا، بولۇپمۇ 13 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مەزگىللەردىكى تارىخ ھەققىدىكى خەنزۇچە خاتىرىلەر تولىمۇ كەم. مۇسۇلمان ئاپتورلاردىن جۇۋەينى، رەشىددىن، ئىبنۇل ئەسىر قاتارلىقلارنىڭ پارسچە يازغان ئەسەرلىرى خېلى داڭلىق بولسىمۇ، بىراق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇشۇ دەۋرىدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ئازلىق قىلىدۇ. چۈنكى، جۇۋەينى گەرچە ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى بىر قەدەر بۇرۇن، يەنى تەخمىنەن 1260 ـ يىللىرى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك. رەشىددىننىڭ ئەسەرلىرى يېزىلغان چاغلار بولسا موڭغۇل ئىمپېرىيەسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى چاغلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرانىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى چۈشىنىشى يېتەرسىز بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ دىققىتى ئاساسەن غەربىي ئاسىيادىكى موڭغۇل ھاكىمىيىتىگە ـــ ئىلخانىيلارنىڭ تارىخىغا مەركەزلەشكەن. ئىبنۇل ئەسىرنىڭ «تارىخي كامىل» دېگەن ئەسىرى خېلى مۇھىم بولسىمۇ، بىراق ئۇ موڭغۇللار بېسىپ كىرىشتىن بۇرۇن مېسوپوتامىيەگە قېچىپ كەتكەن بولغاچقا،

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىغا دائىر ئەمەلىي ئىشلارنى تەپسىلىي يازالىشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، باشقا ئەسەرلەرگە قارىغاندا جامال قارشىنىڭ «مۇلھاقاتۇس سۇرراھ» ناملىق ئەسىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەسەر ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادا يېزىلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئەسەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدىكى بايانلار جامال قارشىنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى، ئۆزى بىۋاسىتە چۈشەنگەن ياكى ھەرقايسى جايلاردا ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇلار باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىن قېلىشمايدۇ. ئەسەرنىڭ موڭغۇللاردىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەھمىيىتىمۇ ئىنتايىن چوڭ. مەسىلەن، ئەسەردىكى قاراخانىيلار تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلاردا جامال قارشى ئەينى ۋاقىتتا كۆرگەن ماتېرىياللىرىنى، جۈملىدىن 11 ـ ئەسىردىكى ئەبۇلفۇتۇھ ئابدۇلغاپپار ئىبنى ھۈسەيىن ئەلمايى كاشغەرىينىڭ «تارىخى كاشغەر» ناملىق چوڭ ئەسىرىدىكى بەزى مۇھىم ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان. بۇ، تارىختىن بۇيان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. جامال قارشىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم شەيخلەر توغرىسىدىكى، بولۇپمۇ ئۆزى بىلەن دەۋرداش كىشىلەر ھەققىدىكى بايانلىرى ھەققىدە بارتولد: «ئۇ بىزنى بۇ مەزگىلدىكى مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدى» دېگەن⑤.

## رابغۇزى ۋە «قىسسەسۇلئەنبىيا»

رابغۇزىنىڭ ئەسلىي ئىسمى ناسىرىددىن بىننى بۇرھانىددىن بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە يۇرتى «رابات ئوغوز»نىڭ نامىدىن كەلگەن

«رابغۇزى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسنى قويغان. ئۇ تەخمىنەن 1279 — 1281 ـ يىللار ئارىلىقىدا قەشقەردە تۇغۇلغان. ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى خارەزمنىڭ «رابات ئوغوز» دېگەن يېرىدە ئوقۇش، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، قازىكالانلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بىز ئۇنىڭ «قىسسەسۇلئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدىكى بايان ـ تەسۋىرلەرگە، ۋەقە، يىلنامىلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە تۈرك (ئۇيغۇر) تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگەنگەن، شەرق مۇسۇلمان ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشقان، تارىخ، پەلسەپە ۋە دىنىي ئىلىمنى چوڭقۇر ئىگىلىگەن مەشھۇر مۇتەپەككۇر، تالانتلىق ئالىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

رابغۇزى قازى بولۇپ جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە خەلق ئاغزىدىن نۇرغۇن تارىخىي رىۋايەتلەرنى، شەخسلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى ھېكايىلەرنى كۆپ ئاڭلىغان. ئۆزىمۇ پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى كۆپ ئوقۇپ، مول ماتېرىيالغا ئىگە بولغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھىجرىيە 710 ـ يىلى ھوت ئېيىنىڭ بېشىدا (مىلادىيە 1311 ـ يىلى 3 ـ ئايدا) پەيغەمبەرلەر تەرجىمىھالىنى ئاساسىي تېما، باشقا تارىخىي رىۋايەتلەرنى قوشۇمچە قىلغان 72 بابلىق چوڭ ھەجىملىك ئەسەر — «قىسسەسۇلئەنبىيا» (ياكى «قىسسەئى رابغۇزى») نى يېزىپ چىققان. ئۇ بۇ ئەسىرىنى ئىسلام دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى رىۋايەت ـ ئەپسانىلەرنى ئاساس قىلىپ، نەسرىي ئۇسلۇبدا يازغان بولۇپ، ئەسەردە بەزى قىسقا ـ قىسقا رىۋايەت ۋە مەشھۇر ھېكمەتلەر بىر ـ بىرىگە باغلىنىپ، ئۇلاردا بىر خىل بەدىئىي تۈس ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى، يەنە بەزى مەدھىيەلەر، لىرىك كەچۈرمىش، تەبىئەت تەسۋىرلىرى شېئىرىي ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان. بۇ ئەھۋال ئەسەرنىڭ ئەينى زاماندىكى ئالاھىدە بىر ئەدەبىي ئۇسلۇبقا

ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

«قىسسەسۇلئەنبىيا»دا ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن باشلاپ، ئادەم ئەۋلادلىرىدىن نۇھ، سۇلايمان، سالىھ، ياقۇپ، يۇسۇپ، مۇسا، داۋۇد، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئەيسا، يەھيا، ئەييۇب، شۇئەيب قاتارلىق نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئاخىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئىزگۈلۈك، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى، تىنچ، مەدەنىي ئىجتىمائىي شارائىتنى بەرپا قىلىش يولىدا چەككەن رىيازەتلىرى، ئۆز قوۋملىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش يولىدىكى تەسىرلىك ئىش - پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئۇلار گەرچە باشقا - باشقا دەۋرلەردە ياشىغان خىلمۇخىل سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە شەخسلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت بەخت - سائادىتى يولىدىكى پىداكارلىقى، ئارزۇ ۋە غايىلىرى روشەن ئورتاقلىققا ئىگە. گەرچە ھەربىر پەيغەمبەر قىسسىسى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ۋەقەلىكلەرگە ئىگە قىسسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە مەلۇم بىر غايىۋى مەزمۇن، مەلۇم بىر ئىدىيەۋى سىستېما ۋە مۇئەييەن بەدىئىي قۇرۇلما ئارقىلىق بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىپ، بىر پۈتۈن قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلغان.

ئەسەردە «توپان بالاسى»، لوقمان ھەكىمگە باغلىق تەسىرلىك ھېكايەتلەر، «ئەسھابۇل كەھف» ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، «يۇسۇپ - زۇلەيخا»غا ئوخشاش مۇھەببەت ۋەقەلىرى تۈنجى بولۇپ يازما شەكىلگە ئايلاندۇرۇلغان. رابغۇزى ئۇلارنى تۈرك (ئۇيغۇر) تىلى ئاساسىدا يېزىش بىلەن ئەينى زامان يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر قىسسە ژانىرىنى ياراتقان⑥. «قىسسەسۇلئەنبىيا»نىڭ 37 - قىسسىسىدە «ئەسھابۇل كەھف» توغرۇلۇق خاس بايانلار بېرىلگەن بولۇپ، ئاپتور «قورئان كەرىم»دىكى مۇشۇ

توغرىسىدىكى ۋەقەلىكنى ئاساس قىلغان هالدا، خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئەپسانە - رىۋايەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر جەلپكارلىقتا ۋە بەدىئىيلىكتە ئىگە بولغان بۇ گۈزەل قىسسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردىمۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلاردا تۈرپاندىكى «ئەسهابۇل كەهف غارى»نى ئاساس قىلغان هالدا نۇرغۇنلىغان هېكايىلەر بارلىققا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە مەزمۇن ۋە شەكىل جەهەتتىن خىلمۇخىل بولغان تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەسەرلەر يېزىلغان.

ئومۇمەن، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەهەتتىكى ئۇستۇنلۈكى بىلەن خانلىق تەۋەسىدە ئالاهىدە يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇشى، موغۇل هۆكۈمدارلىرىنىڭمۇ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كەڭ قوللۇق پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا يول قويۇشى ۋە ئۇنىڭغا مايىللىشىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى خېلى تەرەققىي قىلىپ، يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ بىلەن ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، يازما ئەدەبىيات خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭغا يانداشقان هالدا تارىخشۇناسلىقمۇ راۋاجلانغان. جۈملىدىن، بۇ دەۋردىكى تارىخشۇناسلىق قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىقتا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسلام تارىخشۇناسلىقى، جۈملىدىن ئەرەب - پارس تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەسىرىنى زور دەرىجىدە قوبۇل قىلىپ، خېلىلا راۋاجلانغان. ئەرەب، ئىران رايونلىرىدا بارلىققا كەلگەن تارىخ ئەسەرلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى ئىزچىل تۈردە بۇ دەۋردىكى تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ دەۋردىكى تارىخشۇناسلىق ئىسلام ئىدېئولوگىيەسىنىڭ خاھىشىنى، ئەرەب - پارس

تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئۇسلۇبىنى تېخىمۇ بەك سىڭدۇرۇپ، ئەرەب ـ پارس تارىخشۇناسلىقىنى ئۆرنەك، ئىسلام ئىدېئولوگىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ راۋاجلانغان.

## ئىزاھلار:

①②③④ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى؛ لىيۇ يىنشېڭ: «چاغاتاي خانلىقى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

⑤ خۇا تاۋ: «غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑥ رابغۇزى: «قىسسەسۇلئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

# 7 ـ باب  سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق

## سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھايات ۋە بۇ دەۋردە تارىخشۇناسلىقنىڭ گۈللىنىشى

مىلادىيە 1514 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان سەئىدخان قەشقەردە ئازغىنا كەم يېرىم ئەسىر داۋام قىلغان مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى قۇردى. سەئىدىيە خانلىقى ئۇيغۇرلار تارىخىدا چىڭگىزخان ئىستىبلاسىدىن كېيىن قۇرۇلغان بىر ئىسلام خانلىقى بولۇپ، خانلىق كۈچەيگەن مەزگىللەردە يەكەننى پايتەخت قىلغان ھالدا شەرقتە قومۇلغىچە، غەربتە پامىرغىچە، شىمالدا بالقاش كۆلىگىچە، جەنۇبتا كەشمىرگىچە بولغان جايلارنى ئىدارە قىلدى①.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قورۇلۇشى ئۇيغۇرلار تارىخىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك چوڭ ۋەقەدۇر. بۇ خانلىق چاغاتاي خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن يۈز بەرگەن بىر مەزگىللىك ئىچكى بۆلۈنمىچىلىك، سىياسىي جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋەيرانچىلىق، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۇرغۇنلۇق ھالەتلىرىگە خاتىمە بېرىپ، سىياسىي، ئىقتىساد، پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىغا زور ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. خانلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشنى بارلىققا

www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا يېڭى گۈللىنىش دەۋرىنى ياراتتى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا، بۇرۇندىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر بىلەن بۇ رايونغا يېڭىدىن كىرگەن مىللەتلەر ئۇزاق ۋاقىت بىللە ياشاش نەتىجىسىدە ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشتى. بۇنىڭ بىلەن تارىختا «چاغاتاي ئەۋلادى» دېيىلىپ كەلگەن موغۇللارمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتتى. بىرمۇنچە موغۇل ئۇلۇسلىرى بۇرۇنقى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان كۆچمەنلەردىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىگە ئۆزگەردى. ئۇيغۇرلار يېقىنقى زامان مەنىسىدىكى بىر گەۋدىلەشكەن مىللەت بولۇپ شەكىللەندى②.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدە يېڭى تەرەققىيات ۋە يېڭى گۈللىنىش بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىگە ئىجادىي تۈردە ۋارىسلىق قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. شۇڭا، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق يۈكسىلىش دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سەئىدىيە ئوردىسى ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىلىملىك، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى، ئۆلىما، ئالىملارنى قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. سۇلتان سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ قابىل ۋارىسلىرىدىن بولغان ئابدۇرەشىد خان، ئابدۇكېرىم خان، ئابدۇللا خان قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مەرىپەتپەرۋەر، دانا خانلاردىن ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەتكە بىرقەدەر ئەھمىيەت بېرەتتى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى قەدىرلەيتتى. شۇڭا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ

دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە نۇرغۇنلىغان ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ، مول مەدەنىيەت مىۋىلىرىنى قالدۇردى.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە خانلىقنىڭ مەركىزى بولغان يەكەندە سەئىدىيە مەدرىسەسى، رەشىدىيە مەدرىسەسى، يېشىل مەدرىسە، جاھان مەدرىسەسى، خانلىق مەدرىسە، ساقىيەسى مەدرىسە، ۋەلىيە مەدرىسەسى قاتارلىق نۇرغۇن مەدرىسەلەر قۇرۇلدى. بۇ مەدرىسە، مەكتەپلەردە ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى گىرامماتىكىسى، پەلسەپە، شەرىئەت ئىلمى، قۇرئان ۋە ھەدىس تەپسىرى، ناتىقلىق ئىلمى، ئەدەبىيات، ئىسلام تارىخى، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ئەخلاق، سەنئەت، خەتتاتلىق قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. بۇ مەدرىسە، مەكتەپلەر ئۆز زامانىسىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

مانا مۇشۇنداق گۈللەنگەن ئىلمىي مۇھىتتا نۇرغۇن تارىخشۇناسلار ۋە تارىخىي ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىنى ئەكس ئەتتۈردى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان (1499 ـــ 1551 ـ يىللار) 1546 ـ يىلى پارس تىلىدا «تارىخى رەشىدىي» ناملىق تارىخىي ئەسەرنى، نامەلۇم ئاپتور 1545 ـ يىلى «تارىخنامەئى ئابدۇرەشىد خان» ناملىق تارىخىي ئەسەرنى، نامەلۇم ئاپتور 1627 ـ يىلى «تەزكىرەئى ئابدۇرەشىد خان» ناملىق ئەسەرنى، شاھ مەھمۇد جوراس 1676 ـ يىلى پارس تىلىدا «تەۋارىخ» (باشقىلار تەرىپىدىن يەنە «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى»، «تارىخى شاھ مەھمۇد جوراس»، «تارىخى شاھ»، «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دەپمۇ ئاتالغان) ناملىق ئەسەرنى يازدى. بۇ ئەسەرلەر سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرگەن زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەردىن ئىدى③.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان ۋە «تارىخى رەشىدى»

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان (1499 ــ 1551 ـ يىللار) 16 ـ ئەسىردە ياشىغان قەشقەرلىك زات بولۇپ، تولۇق ئىسمى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دۇغلات كۆرەگان. ئۇ سۇلتان سەئىد خان تەختتە تۇرغان 19 يىل ئىچىدا نۇرغۇن ئەمەللەرنى تۇتقان، لېكىن ئاساسەن قوشۇننى تۇتۇپ، سۇلتان سەئىد خان بىلەن بىللە قىرغىز، ئۆزبېك ۋە باشقا قەبىلىلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، كەشمىردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 10 يىل جەريانىدا، قوشۇن تارتىپ ئۇرۇش قىلغان مەزگىللەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەل بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، ئەلنى گۈللەندۈرگەن. ھاكىمىيەتنى ئوبدان تۇتقان، قانۇن ـ ياساقلارنى ئادىل ئىجرا قىلغان. ئۇ دۇغلات جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەۋلادى بولسىمۇ، كىچىكىدە نۇرغۇن مۇشەققەت ۋە رىيازەتلەرنى چەككەنلىكتىن، ئەگرى ـ توقاي ھايات مۇساپىسىدە ھەممىگە قابىل ئىستىپداتنى ۋە ئېسىل ئىنسانىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ «تارىخى رەشىدى»دە: «پېقىرنىڭ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئاتىسى تا نەچچە پۇشتىغىچە ھەممىسى خانلارنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرىدۇر، بۇ تەرەپتىن نەسەب ئاشۇنداق. شۇ تۇپەيلىدىن پېقىر 13 ياش ۋاقتىمدا ناھايىتى غېرىب ۋە يېتىملىك ھالىتىمدە سۇلتان سەئىد خاننىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولغانىدىم. سۇلتان سەئىد خان ئاتىلىق شەپقىتى بىلەن مېنى يېتىملىك تەسىرىدىن خالاس قىلدى. مۇھەببەت ۋە تۇغقانلىق مېھىر ـ شەپقىتىنى شۇ قەدەر چىڭ ۋە ئۇزۇنغىچە كۆرسەتتىكى، ئۇنىڭغا ھەتتا خاننىڭ بۇرادەرلىرى ۋە پەرزەنتلىرىمۇ ھەسەت قىلىشاتتى. تاكى 24 يىل ئۇ خاننىڭ جەننەت ماكان خىزمىتىدە ھۈنەر ـ كەسپلەردىن، ئەخلاق ـ پەزىلەتلەردىن ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتلەردىن تەلىم ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇلۇغلۇق ۋە

ھەشەمەت بىلەن ھايات كەچۈردۈم. خەت پۈتمەك، شېئىر ئېيتماق، ئىنشا (نەسر يېزىقچىلىقى)، رەسساملىق، نەققاشلىق ئىلىملىرىدە زاماننىڭ مۇمتاز، بەلكى ماھىرلىرىدىن بولدۇم. يەنە ئۆزگە ھۈنەرلەردە، مەسىلەن، خاتەمبەندىلىك (مۆھۈرلۈك ئۈزۈكچى)، ھەككاكلىق (تاشچى، تاش ئويغۇچى)، زەرگەرلىك، سەرراجلىق (ئېرگەرچى)، چۆپتىراشلىق (ياغاچ قىرغۇچى، قىرمىچىلىق)، مۇغەننىلىق (نەغمىچى، سازەندە)، ئوقياچىلىق ۋە باشقا تۈرلۈك كەسپلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ شەرھلەنسە گەپ ئۇزىرايدۇ. قىسقىسى، ھەممە ھۈنەر ـ سەنئەتلەردە شۇ دەرىجىگە يەتتىمكى، ئۇ ھۈنەر ـ كەسپلەرنىڭ يېتۈك ئالىملىرى ۋە ماھىر ئۇستازلىرى پېقىرغا شاگىرت بولماقتىمۇ ئاجىز كەلدى. بۇ ھەممە پەزىلەت ۋە ھۈنەرلەرنى ئىگىلىشىمگە خاننىڭ سايە ـ سەۋەبلىرى ۋە تىرىشچانلىقلىرى سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەلتەنەت ئىشلىرى، كېڭەش ـ مەسلىھەت ئۇسۇللىرى، ئۇرۇش قائىدىلىرى، كېچىلىك ھۇجۇم، ئوقيا ئېتىش، ئوۋ ئوۋلاش، ئوۋغا يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق دۆلەت ئىشلىرىدا زۆرۈر لازىم بولغان بارلىق كەسپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇستازىم ۋە تەربىيەچىم ھەزرىتى خان ئىدى. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ھۈنەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە يەنە خانغا شاگىرت ئىدىم»④ دەپ بايان قىلغان. ئومۇمەن ئالاھىدە شارائىت ئۇنى تاۋلاپ، ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىن تەدرىجىي يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگەن. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، يېتۈك ھەربىي ئالىم، نۇرغۇن نەتىجىلەرنى يارىتىپ كامىل سىياسىيون بولۇپ تونۇلغان. ئۇ تەخمىنەن 1551 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جەرۇم دەرياسى ۋادىسىدىكى بەرەمۇلە دېگەن جاينىڭ ئەتراپىدا ۋاپات بولغان.

ئۇنىڭ بۈيۈك تارىخىي ئەسىرى «تارىخى رەشىدىي» ئۇنىڭ سىياسىي، ھەربىي ھاياتىدا ئۆزى كۆرگەن ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلەرنىڭ جۇغلانمىسى بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ قول يازمىلىرى

كەڭ تارقالغان، تەرجىمە نۇسخىلىرىمۇ ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن مۇھەممەد سادىق كاشغەريي تەرجىمىسى، موللا مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى قاتارلىقلار مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇنىڭ ھازىر تاشكەنتتە ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى مۇھىم تەرجىمە نۇسخىسىدۇر.

## 1. «تارىخى رەشىدىي» نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي»نى نېمە ئۈچۈن يازغانلىقى توغرىسىدا كىتابتا: «قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ ئاجىز بەندىسى پېقىر مىرزا ھەيدەر ئىسمى بىلەن تونۇلغان مۇھەممەد ھەيدەر ئىبنى مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگان ئۆزۈمنىڭ ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىزلىقىمغا قارىماي، زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئىلاجسىز بۇ ئېغىر ئىشقا قەدەم قويدۇم. چۈنكى، موغۇل خاقانلىرى شەھەر ۋە دىيارلارنى ئىشغال قىلىشتىن بارا ـ بارا كۆڭۈللىرى سوۋۇپ، سەلتەنەتلىرىدىن يىراقلاپ ئاۋات ئالەمنى تاشلاپ، بىپايان جەزىرىدە مال ـ دۇنيالىرى بىلەنلا قانائەتلىنىدىغان بولدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئارىسىدا تارىخ يېزىلماپتۇ، ئۇلار ئۆتكەنلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ئاڭلىغان رىۋايەتلىرى ئارقىلىقلا ھېكايەت قىلىشىدۇ. ھالا تارىخ (ھىجرىيە)نىڭ 951 ـ يىلى بولغان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ قوۋم ئارىسىدا بۇنداق ھېكايەتلەرنى يادقا بىلىدىغانلاردىن بىر كىشىمۇ قالماپتۇ. پېقىرنىڭ بۇنداق مۈشكۈل ئىشقا جۈرئەت قىلىشىم شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بولدىكى، ئەگەر بۇ ئىشقا مەن جۈرئەت قىلمىسام ئىدى، موغۇل خانلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى ھايات سەھىپىسىدىن پۈتۈنلەي يوقالغان بولاتتى. مەن قانچىلىك ئويلىغان ۋە ئەقىل كۆزى بىلەن كۆزەتكەن بولسامۇ، لېكىن ئۆزۈمدە بۇ ئىشقا يارىغۇدەك لاياقەتنى تاپالمىدىم، چۈنكى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە سۆز بېشى بۈيۈك تەڭرىنىڭ

ھەمدۇساناسى، كەرەملىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدھىيە ـ دۇئاسى بىلەن زىننەتلىنىپ كۆركەملەشتۇرۇلدى»⑤ دېگەن. ئۇنىڭغا ئېنىقكى، شۇ زاماندا موغۇلىستاندىكى موڭغۇللار (شەرقىي چاغاتايىلار)نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاجىزلىشىشقا باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ خانلىرى يات قوۋمدىكىلەر بىلەن نىكاھلاشقانلىقتىن، نامدا موڭغۇل دەپ ئاتالغىنى بىلەن، باشقا جەھەتلەردە موڭغۇللارغا خاس ھېچقانداق ئالاھىدىلىك قالمىغانىدى. شۇڭا، ئۆزلىرىنى دۇنيانى بېقىندۇرغۇچى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى دەپ پەخىرلىنىپ كەلگەن، ئەتراپىدىكى ئەل ـ قوۋملارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن ھەمدە ھېچكىمنىڭ دەخلى ـ تەرۇزىغا ئۇچرىماي، ئۆز ماكانى بولغان بىپايان موڭغۇل دالاسىدا ئەركىن ـ ئازادە ياشاپ كەلگەن قۇدرەتلىك بۇ مىللەتنىڭ تارىخى ناھايىتى تېزلا تارىخ بېتىدىن ئۆچۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان ئۇلارنىڭ تارىخىنى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلارنىڭ ئەھۋالىنى يېزىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان ياشىغان شۇ زاماندا مەركىزىي ئاسىيادا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولۇپ، ئەل ـ يۇرتلار خارابلاشماقتا ئىدى، شەھەر ـ قورغانلار ۋەيران بولماقتا ئىدى، خان ـ پادىشاھلار تەخت تالىشىپ، ئۇرۇشتا ياكى سۇيىقەستتە ئۆلمەكتە ئىدى. دېمەك، بىرسى تەختكە چىقسا، بىرسى تەختتىن چۈشمەكتە ئىدى، بىرسى يەڭسە، بىرسى يېڭىلمەكتە ئىدى. مۇشۇنداق زاماندا ھەرقانداق بىر مەشھۇر كىشى ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرىدىن ياكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىدىن خاتىرە قالدۇرسا، نامى تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيتتى. ھىندىستان موغۇل خانلىقىنىڭ تۇنجى پادىشاھى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ نەۋرە ئاكىسى بابۇر پادىشاھمۇ ئەنە شۇنداقلاردىن ئىدى. ئۇ ئۆزى ياشىغان زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈز بەرگەن ئىشلار بايان قىلىنغان مەشھۇر ئەسەر

«بابۇرنامە»نى يېزىپ قالدۇرغانلىقتىن، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ھەم ھەربىي ئالىم، ھەم تارىخچى، شۇنداقلا تەزكىرىچى دەپ تەرىپلەنگەنىدى. ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانمۇ شۇنداق قىلغانىدى. بابۇر پادىشاھ «بابۇرنامە»دە ئاساسەن شۇ زامانىنىڭ تارىخىنى بايان قىلغان، لېكىن مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىش بىلەن بىللە، ئۆزى قاتناشقان تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە باغلاپ بايان قىلىپ، تارىخنىڭ چىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. بىراق، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي»نى پارسچە يازغان، بابۇر پادىشاھ بولسا شۇ چاغدا پۈتكۈل ئاسىيادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان چاغاتاي تۈركچىسىدە يازغانىدى. بابۇر پادىشاھ ئەمىر تېمۇر (ئاقساق تېمۇر ياكى تېمۇرلەڭ)نىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، ئاتا جەمەتتىن ئېيتقاندا ئۇنى موڭغۇل دېگەندىن كۆرە، تۈرك دېگەن توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئەمىر تېمۇر داڭلىق تۈركلەشكەن قەبىلە ـــ بارلاس قەبىلىسىدىن ئىدى. ھالبۇكى، شۇ چاغدىكى ئادەت بويىچە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان نەۋرە ئاكىسى بابۇر پادىشاھنى «چاغاتايلاردىن» دەپ ئاتايتتى، بابۇر پادىشاھ بولسا نەۋرە ئىنىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننى «موغۇل» دەپ ئاتايتتى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان دۇغلات قەبىلىسىدىن ئىدى. دۇغلات قەبىلىسى چاغاتايلار (چاغاتاي ئەۋلادى)نىڭ شىرەم جەمەتى بولغاچقا، بارلاس قەبىلىسى بىلەن ئوخشاش ئىززەتلىك دەپ قارىلاتتى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چاغاتايلارنىڭ ئەۋلادلىرى يات قوۋمدىكىلەر بىلەن نىكاھلىنىپ تۇرغاچقا، قان جەھەتتە شالغۇتلىشىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈركلەرنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا نەچچە ئەۋلادقىچە ئولتۇراقلىشىپ كەلگەچكە، تۇرمۇش ۋە تىل جەھەتلەردە تۈركلىشىپ كەتكەن، بابۇر پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ شۇنداق بولۇپ كەتكەنىدى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شۇنىڭ ئۈچۈن، بابۇر پادىشاھ ئۆزىنى تۈرك دەپ قاراپ، موڭغۇل دەپ قارىمىغان ھەمدە ئەسىرى «بابۇرنامە»دە موڭغۇللارنى كەمسىتىپ بايان قىلغان. دۇغلاتلار موڭغۇللارنىڭ ئادەتلىرىنى خېلى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەۋلادلىرى قان جەھەتتە ئالللىبۇرۇن شالغۇتلىشىپ تۈركلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان موڭغۇل تىلىنى ئازراق بىلىشى ياكى پەقەت بىلمەسلىكى مۇمكىن. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي»نى يات تىلدا، يەنى پارس تىلىدا يازغانلىقتىن، ئەسەردە تۈركىي تىللىق يازغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ساددا ئۇسلۇب كەمچىل بولغان. بۇ خىل ساددا ئۇسلۇبنى بابۇر پادىشاھ ھازىرلىغانىدى.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي»نى بىلىم سەۋىيەسىنى نامايان قىلىش ياكى نام ـ شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن يازغان بولماستىن، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك تارىخ بېتىدىن ئۆچۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان موڭغۇل خانلىرى ئەۋلادلىرىنىڭ جەمەتىنى ۋە ئىش ئىزلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن يازغان ھەم ئۇنى ئىككى كىتابقا بۆلگەن.

بىرىنچى كىتاب «تارىخى ئەسل» (رەسمىي تارىخ) بولۇپ، 1347 ـ يىلىدىن 1362 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىدىن تاكى ئابدۇرەشىد خاننىڭ ئەھۋالىغىچە بايان قىلىنغان. ئۇ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ تارىخ ئىككى دەپتەر (كىتاب) گە بۆلۈندۇ: بىرىنچى دەپتىرى (كىتابى) دە تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىنىڭ بايانلىرىدىن تاكى ئابدۇرەشىد خاننىڭ زىكرىغىچە بايان قىلىنىدۇ»[6]. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «...تەۋەررۇك ۋە تەمەننا يۈزىسىدىن ‹زەپەرنامە› — بۇ ئارىفلار يېتەكچىسى، تەرىقەت ئەھلىنىڭ يولباشچىسى، ئەسلىي ئىلىملەر ۋە تارماق ئىلىملەرنىڭ يېتۈك ئالىمى، نەقلىي ئىلىمنىڭ پېشۋاسى، تەڭرى رەھمەت ۋە مەغپىرەت قىلغۇر مەۋلانا شەرەفىددىن ئەلى

www.uyghurkitap.com

يەزدىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدىندۇر — نىڭ مۇقەددىمىسى، ئىپتىداسىنى ئەينەن نەقىل قىلدىم. چىڭگىزخاندىن تاكى تۇغلۇق تېمۇر خانغىچە بولغان موغۇل خانلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە موغۇل ئەھلىنىڭ ھېكايەتلىرى مەۋلانانىڭ ئەسىرىدىمۇ، كېيىنكى تارىخلاردىمۇ زىكىر قىلىنغان. ئەمما، تۇغلۇق تېمۇر خاندىن كېيىنكى خانلارنىڭ ئەھۋاللىرى تارىخ كىتابلىرىدا شەرھلەنمىگەن. پەقەت بەزى جايلاردىلا سۆز مۆرتى كېلىپ قالغاندا، باشقا خاقانلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئۆز بايانلىرىغا تەرتىپ ھاسىل قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن قانچىلىك بايان قىلىش كېرەك بولسا، شۇنچىلىك يېزىپتۇ، ئۇنىڭدىن زىيادە يېزىشقا ئىلتىپات قىلىشماپتۇ. دېمەك، پېقىر بۇ تارىخنىڭ ئىپتىداسىنى تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ زىكىرلىرىدىن باشلىدىم»⑦. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان يەنە تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ نامى بىلەن باشلاشنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «بۇنىڭدىن سەۋەب ئۈچ: بىرىنچىسى، تۇغلۇق تېمۇر خاندىن ئىلگىرىكى خانلارنىڭ ئەھۋاللىرى تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان. تۇغلۇق تېمۇر خاندىن كېيىنكى خانلارنىڭ زىكرى ھېچ كىتابتا شەرھلەنمىگەن. دېمەك، تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنمىغان بۇ ھېكايەتلەرنى يېزىپ چىقىش لايىق كۆرۈلدى. تۇغلۇق تېمۇر خان ۋە تۇغلۇق تېمۇر خاندىن ئىلگىرى ئۆتكەن خانلارنىڭ زىكرى تەۋەررۈك زىيارەتگاھلارنىڭ تەزكىرىلىرىدە بايان قىلىنىپتۇ. شۇڭا، ئۇلارنى يەنە قايتا بۇ كىتابتا تەكرار قىلماق گوياكى پۇرات دەرياسى لېۋىدە قۇدۇق قازغاندەك ئىش بولىدۇ. ئىككىنچى، تۇغلۇق تېمۇر خاندىن كېيىن ھېچبىر خانغا ئۇ دەرىجىدە ئۇلۇغ ئالىي مەرتىۋە، ئۇ قەدەر كۆپ پەتھ - نۇسرەت، ئۇ قەدەر ئۇلۇغلۇق ۋە سەلتەنەت مۇيەسسەر بولماپتۇ. ئۈچىنچى، ئاشۇ تۇغلۇق تېمۇر خان ئىسلام شاراپىتىگە مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىن تامام موغۇل ئەھلى كۇپۇرلۇق ئاسارىتىدىن خالاس بولۇپ، باشقا خالايىقلارغا ئوخشاش

ئىسلام ھۆرىيىتىگە داخىل بوپتۇ. دېمەك، مۇشۇ زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن بۇ تارىخ تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ مۇبارەك زىكىرلىرى بىلەن ئىپتىدا قىلىنىدى»⑧.

ئىككىنچى كىتاب «مۇختەسەر» (ۋەقەلىكلەر بايانى) بولۇپ، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ نەسەب ـ ئۇرۇقى، كەچۈرمىشلىرى ھەمدە چاغاتاي، ئۆزبېك ۋە باشقا خان ـ بەگلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «ئىككىنچى دەپتىرى (كىتابى)دە پېقىرنىڭ ئەھۋاللىرىم ۋە ئۆزبېك، چاغاتاي خانلىرى ھەم باشقىلارنىڭ ئەھۋاللىرىدىن پېقىر كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم — چۈنكى، مەن ئۇ جامائەتكە ئەسىرداش ئىدىم — ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنىدۇ. چۈنكى، پېقىرنى پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى ئۆزىنىڭ كەم ـ كوتىسىز ئىنايىتى بىلەن موغۇل ئۇلۇسىدىن تاشقىرى، ئۇلاردىن پەرقلىق ۋە ئۇلارغا بىھاجەت قىپتۇ. خانلار مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمدىن، بەلكى تاغام ۋە ھامىلىرىمدىن بولغان تۇرۇقلۇق، ئۇلاردىن ماڭا شۇ دەرىجىدە ناچار، شۇنچە ناساز ئىشلار، تۇراقسىز مۇئامىلىلەر سادىر بولدى، ئىككىنچى دەپتەر (كىتاب)دە بۇ ھەقتە ئازراق زىكىر قىلىنىدۇ» ⑨.

مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كۆرەگان بۇ كىتابنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ، ئۇنىڭغا «تارىخى رەشىدىي» دەپ ئىسىم قويغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «يەنە ئۈچ تۈرلۈك مۇناسىۋەت تۇپەيلىدىن بۇ تارىخ ‹تارىخى رەشىدىي› دەپ ئاتالدى: بىرىنچىدىن، تۇغلۇق تېمۇر خان ھەزرىتى مەۋلانا ئەرشىددىننىڭ قوللىرىدا مۇسۇلمان بوپتۇ. بۇنىڭ بايانى پات يېقىندىلا زىكىر قىلىنغۇسى. ئىككىنچىدىن، تۇغلۇق تېمۇر خاندىن ئىلگىرى بەرەقخان ۋە بەرەقخاندىن كېيىن كەپەكخان مۇسۇلمان بوپتۇ. ئەمما، موغۇل خانلىرى ۋە موغۇل ئۇلۇسى ئىسلامدا رۇشد تاپماي، بەلكى مۇرتەت بولۇپ جەھەننەم يولىنى تۇتۇپتۇ. ئەمما، بۇ دۆلەتمەن تۇغلۇق تېمۇر خان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

موغۇل ئۇلۇسىغا ئىسلامدا تەلتۆكۈس رۇشد ھاسىل بولدى. بۇ كىتابنىڭ ئىپتىداسى تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ زىكرلىرى بىلەن باشلانغان بولغاچقا، بۇ تارىخنى ‹رەشىدىي› ئىسمى بىلەن ئاتىماق مۇناسىپ كۆرۈلدى. ئۇچىنچىدىن، ئاشۇ موغۇل خانلىرىنىڭ ئاخىرى بۇ كۇنلەردە ئابدۇرەشىد خاندۇر. بۇ تارىخ ئۇنىڭ ئىسمىغا ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئاتاپ يېزىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئۈچ تۈرلۈك مۇناسىۋەت بىلەن بۇ تارىخقا ‹تارىخى رەشىدىي› دەپ ئات قويۇلدى»⑩.

## 2. «تارىخى رەشىدىي»نىڭ تارىخي قىممىتى

«تارىخى رەشىدىي» سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى بۈيۈك تارىخي ئەسەر بولۇپ، 14 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان 200 يىل جەريانىدىكى شىنجاڭنىڭ، جۈملىدىن مەركىزىي ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، دىنى، مەدەنىيىتى، جۇغراپىيەسى ھەمدە ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن موڭغۇل خانلىرى ۋە دۇغلات جەمەتىدىكى ئەمىرلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى تولۇقلۇق بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ ئۆزى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى بولغاچقا، مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە. موللا مۇھەممەد نىياز ئىبنى ئەبدۇلغەفۇر ئىراق، خوراسان ۋە مەۋەرائۇننەھر ئالىملىرىنىڭ «تارىخى جاھانگۇشاي»، «تارىخى بەناكەتى»، «مەجمۇئۇت تەۋارىخ»، «تارىخى گۇزىدە»، «تارىخى مەنزۇمە»، «زەپەرنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۇ تەرەپتىكى پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالىلا يېزىلغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ، «تارىخى رەشىدىي»گە باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «موغۇل خانلىرىنىڭ زىكرى ۋە نام ـ نەسەبى، ھال ـ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىدىغان بىرەر كىتاب تۈزۈلمەپتۇ ۋە تارىخ يېزىلماپتۇ. پەقەت ‹تارىخى رەشىدىي› كىتابىلا مىرزا ھەيدەر

كۆرەگان ئىبنى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگانىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئابدۇرەشىد خان ئىبنى سۇلتان سەئىد خاننىڭ زىكرىدىن تاكى ئابدۇرەشىد خان ۋە پادىشاھ ھۇمايۇنىنىڭ قىسسىلىرىغىچە بولغان ئەھۋاللار تەرتىپ بويىچە يېزىلغان ۋە تۇتقان ئورنى ـ ئېتىبارى بىلەن ھەرقايسى خانلار ۋە پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، شۇنىڭدەك موغۇلىستان زېمىنىنىڭ چوڭلۇقى، ئاب ـ ھاۋاسى ۋە كاشغەر، ياركەند، خوتەن ۋىلايەتلىرىنىڭ شەھەر، ئىمارەت، مازار، سەھرا، باغۇدەريا، تاغۇچۆللىرى ھەمدە بۇ جايلاردىكى خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، رەسىم ـ قائىدىلىرى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەكشۈرۈلۈپ ۋە ئېنىقلىنىپ خېلى كەڭ بايان قىلىنغان. شۇ نەرسە ئوچۇقكى، بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ تەرىپى ۋە موغۇل خانلىرىنىڭ زىكرى باشقا ھېچ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ئەمەس. گەرچە بەزى تارىخلاردا تاسادىپىي ئانچە ـ مۇنچە ئېيتىلىپ قالغان بولسىمۇ، لازىم بولغان يېرىلا قىسقىچە بايان قىلىنغان، تەپسىلىي بايان قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈلمىگەن. «تارىخى رەشىدىي»دە بولسا مەخسۇس خانلارنىڭ ھېكايىلىرى ۋە موغۇلىستان ۋەقەلىرى تولۇق بايان قىلىنغاندىمۇ شۇنچىلىك تەپسىلىي بايان قىلىنغانكى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك. ئۇ ھەقىقەتەن كۆڭۈلگە ياقىدىغان بىر كىتابكى... چىرايلىق سۆز ۋە ئىبارىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. تەڭدىشى يوق نۇسخىكى، ئۇنىڭدا ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلەر ۋە «كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان نەرسىلەر» دېگەندەك ئۇنۋان ۋە ئەمەللەر ئوچۇق يېزىلغان. شۇنداق بىر كىتابكى، ئۇنىڭ ھەقىقىيلىكى ۋە تەربىيەۋىلىكى پېقىر ۋە يوقسۇللار ئۈچۈن زۆرۈر ھەم ئىنتايىن پايدىلىق. ئۇنىڭدىكى ھېكايىلەر ۋە ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئىززەتلىك ھەم ھۆرمەتلىك شەخسلەرنى ئىبرەت ئېلىشقا، ئاگاھ بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ يەنە شۇنداق بىر مەجمۇئەكى، مەملىكەت ئىشلىرىدا قوللىنىلىدىغان، دۆلەت ۋە

www.uyghurkitap.com

هۆكۈمەت ئەربابلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قوللانما. ئەمىرلەشكەر، باتۇرلار ئۈچۈن مۇھىم چارە ـ تەدبىر ۋە ھىيلىلەر نامايەندىسىدۇر»[11]. دېمەك، بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدا ئىگىلىگەن ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي»دە 16 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغىچە بولغان ۋەقەلىكلەرنى، يەنى 166 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاۋۋالقى 30 يىللىق تارىخىنىلا بايان قىلغان. شۇنداقتىمۇ، ئېيتىشقا بولىدۇكى، «تارىخى رەشىدىي» مەركىزىي ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ شۇ مەزگىلدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىۋاستە ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

### 3. «تارىخى رەشىدىي»دە ئەكس ئەتكەن تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسى

«تارىخى رەشىدىي»دە «تارىخنى ئەينەك قىلىش»تىن ئىبارەت تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي»دە: «... تارىخچىلارنىڭ قائىدىسى شۇكى، ئۇلار زىكىر قىلىنغۇچىلار گەرچە لاياقەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەزكىرە سىلسىلىلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئۈزۈۋەتمەي، بەلكى نېمە بولسا شۇنى ئەينەن بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى پادىشاھلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنىلا بايان قىلىش ياكى يامان سۈپەت، قەبىھ ھەرىكەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ئەمەس، بارلىق ياخشى ـ يامان سۈپەتلىرى، گۈزەل ـ قەبىھ ئەخلاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بايان قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا، ئالەم قوۋملىرى ئىچىدىن ئۇلارنىڭ تارىخى يېتىپ بارغانلار پادىشاھ ياكى پۇقرا بولسۇن، ئۇ تارىخقا نەزەر تاشلىسا، ئۇلاردىن ئىبرەت ئالغۇسى ھەمدە ياخشى ئەخلاقنىڭ نەتىجە ـ پايدىلىرىنىڭ ۋە يامان قىلىق، قەبىھ ھەرىكەتلەرنىڭ

زىيانلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگۈسىدۇر. ھەر كىشى ئۇلارنى يادىلىرىدا تۇتۇپ، ئۇ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، ياخشى ئەمەللەرگە مايىل بولۇپ قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇسىدۇر»[12] دەپ يازغان بولۇپ، تارىخنىڭ ئەينەكلىك رولىنى تۇنجى قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ، ئەمەلىيەتتە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە راۋاجلىنىپ كەلگەن «تارىخنى مۇھىم بىلىش، تارىخنى ئەينەك قىلىش، تارىختىن ساۋاق ئېلىش»تەك تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسىنىڭ يۈكسىلىشى ھېسابلىنىدۇ.

## شاھ مەھمۇد جۇراس ۋە «تەۋارىخ»

شاھ مەھمۇد جۇراس (مىرزا شاھ مەھمۇد جۇراس ياكى شاھ مەھمۇد بىننى مىرزا فازىل جۇراس دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەخمىنەن 1620 ــ يىللىرى تۇغۇلۇپ، 1700 ــ يىللارنىڭ باشلىرىدا قازا قىلغان، 80 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ ئاتىسى ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك ئادەم بولغاچقا، جۇراسنىمۇ ئوقۇتۇپ، ھەممە ساھەدە يېتىلگەن بىر تالانت ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرگەن. «تەۋارىخ»تىكى پاكىتلاردىن قارىغاندا، جۇراس تارىخ، تىل، ئەدەبىيات، مەنتىق، جۇغراپىيە ئىلمىنى، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇلەتىپ خان (1618 ـــ 1631 ــ يىللار)دىن باشلاپ بىرنەچچە خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كېيىنكى 60 يىل جەريانىدىكى نۇرغۇن سىياسىي ۋەقەلەر ۋە ھەربىي توقۇنۇشلارنىڭ شاھىتى، شۇنداقلا بەزى ۋەقەلەرگە قاتناشقۇچى بولۇپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى ئاپاق خوجىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جوڭغار خانلىقىدىكىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خاننى ئاغدۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھەمدە ئاپاق خوجىنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئىسمائىل خاننىڭ كىچىك ئىنىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئىمىن باھادۇرنى تەختكە چىقارغانلىقىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەزرىتى مۇھەممەد ئىمىن باھادۇر خاننىڭ قول ئاستىدىكى تۆت كاتتا بەگنىڭ بىرسى بولغان. خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، ئۇ «ياركەند پادىشاھلىرىدىن ئابدۇرەشىد خان، ئابدۇللا خان، ئىسمائىل خان ۋە مۇھەممەدئىمىن خانلارنىڭ نامىغا ئاتاپ ئىككى ـ ئۈچ پارچە تارىخنامە يازغان». ئەمما، ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كەلگەنلىرى «تەۋارىخ» (باشقىلار تەرىپىدىن يەنە «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى»، «تارىخى شاھ مەھمۇد جوراس»، «تارىخى شاھ»، «تارىخى رەشىدىي (زەيلى)»، «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دەپمۇ ئاتالغان) ۋە «ئەنسۇت تالىبىن»(تەلەپكارلار نەسەبنامىسى) دېگەن ئىككى ئەسىرىدۇر.

شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن تۇنجى ئەسىرى «تەۋارىخ» بولۇپ، شاھ مەھمۇد جوراس «تەۋارىخ» دېگەن بۇ ئەسىرىنى ئىسمائىل خان (1670 ـ يىلىدىن 1680 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) زامانىدىكى ئوردا بېگى ئېرك بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1672 ـ يىلىدىن 1676 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىپ، ئىسمائىل خانغا تەقدىم قىلغان. ئۇ «تەۋارىخ»نى يېزىشىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇ ئاپتور ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى، جاھاننىڭ توسالغۇ بولۇشىغا قارىماي، ئالدىراش ۋاقىتتا بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتى. سۇ ئۈزۈش تەييارلىقىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي تەپەككۇردىن ئىبارەت قولۋاقنى مۇھىت دېڭىزىغا سالدى. ھالاكەت گىردابىدا بېشىنىڭ قېيىشىنى ئويلىمىغان، شىددەتلىك دولقۇنلار قورقۇنچىنى يادىغا كەلتۈرمىگەن ھالدا ‹كىمكى ئاجىز، بىچارە بولسا، ئۇ ئوقلارغا

نىشان بوپتۇ، دېگەندەك، شۇنچە پاراكەندىچىلىك ئىچىدىمۇ بۇ ئۇلۇغ نىشان ۋە كاتتا ئىشقا جۈرئەت قىلىپ قەدەم قويۇپ، ئۆزىنى ئېتىراز ئوقىنىڭ نىشانى قىلدى. ئېرك بەگ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ: «يۇنۇس خاننىڭ زامانىسىدىن تا ھازىر قەدەر نۇرغۇن يۇقىرى مەرتىۋىلىك پادىشاھلار، داڭلىق كاتتىباشلار ئۆتۈپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆتكۈسى، ئۇلارنىڭ نامى، داڭقى دۇنيادا يادىكار قالسۇن» دېدى. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، بۇ دەسمايىسىز پەقىر، ئىقتىدارسىز ھەقىر شاھ مەھمۇد مىرزا فازىل جۇراس ئاق قەغەز ئۈستىگە قارا خەتتىن ئىبارەت كېمىنى تەييارلاپ قويۇشقا قانداقمۇ ماجالى بولاتتى؟ بۇ ئاجايىپ سەھىپىگە بىرەر ھەرپ يېزىپ قويۇشقا قانداقمۇ كۈچى يېتەتتى؟» دېگەن[13]. بۇ ئەسەرنىڭ موللا ئېۋەز ئوغلى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئاكىمۇشكىنىنىڭ تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1966 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى تارىخ ـ ۋەسىقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن «تەۋارىخ» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان ھەمدە مەزكۇر نەسرىي نۇسخىدا پارسچە ئەسلىي تېكىستىمۇ بېرىلگەن (بۇ ئەسەرنى ئەنۋەر بايتۇر «تارىخىي شاھ مەھمۇد جۇراس» ياكى «تارىخىي شاھ» دەپ ئاتىغان، 1988 ـ يىلى بۇ ئەسەر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان). ئەسەرنىڭ يەنە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كونا ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىگە تەرجىمە قىلىنغان «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق يەنە بىر نۇسخىسى بولغان (ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇ رەيھان بىرونى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا). «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى»نىڭ پارس تىلىدىكى بىر نۇسخىسىنى تاتار ئالىمى نۇشرىۋان يائوشېۋ 1914 ـ يىلىدىن 1915 ـ يىلىغىچە

بولغان ئارىلىقتا جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە خوتەن قاراقاشتىن تېپىپ، ئەسەرنىڭ يۇنۇس خاندىن ئابدۇكېرىم خانغىچە بولغان قىسمىنى «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىلىدىكى 19 ـ سانىدىن 23 ـ سانىغىچە بولغان بەش ساندا ««ئالتە شەھەر تارىخى»دىن بىر پارچە» دېگەن نام بىلەن تاتار تىلىدا ئېلان قىلغان. «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» «تارىخىي شاھ مەھمۇد جوراس»قا مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لېكىن بايان قىلىش تەرتىپى، مەزمۇنىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ[14].

«تەۋارىخ»تىكى تارىخىي ۋەقەلەردىن ئاساسلىق ۋە نۇقتىلىق ئورۇنغا قويۇپ بايان قىلىنغىنى سەئىدىيە خانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردۇر. بۇنىڭدا ئابدۇرەشىد خان 1533 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققان ۋاقىتتىن تارتىپ تەخمىنەن 1676 ـ يىلى ھەزرىتى مۇھەممەد ئىمىن خان تەختتىن چۈشكەن ۋاقىتقىچە بولغان ۋەقەلەر، جۈملىدىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەرقايسى خانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئەھۋاللىرى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر، بولۇپمۇ دىنىي ساھەدىكى ئىشانلارنىڭ تەسىر كۈچى، ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلارغا بۆلۈنۈپ دىنىي ئورۇش قىلغانلىقى ھەمدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تىبەتلەر، جوڭغارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق بىر قاتار چوڭ ۋەقەلەر ئومۇمىيۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق بايان قىلىنغان[15].

«تەۋارىخ»نىڭ تارىخىي قىممىتى ھەققىدە ئاكىمۇشكىن مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىز 16 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە بولغان بۇ بىر دەۋردىكى شىنجاڭ تارىخىنىڭ باش ـ ئاخىرى خېلى ئېنىق، ئۇنچىۋالا چۈشىنىكسىز ئەمەس دەپ ھېس قىلساق، بۇ تۆھپىنى شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ئەسىرىگە مەنسۇپ دېسەك بولىدۇ». «تەۋارىخ»نىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە:



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىرىنچى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ۋە تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا. «تەۋارىخ»تا خانلارنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ئەھۋالى ۋە ئۆلارنىڭ تەختتە تۇرغان ۋاقتى بىرقەدەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، «ئابدۇرەشىد خان سۇلتان سەئىد خاننىڭ ئوغلى»، «ئۆز ئالدىغا 27 يىل پادىشاھلىق قىلدى، 52 يىل ياشىدى»، «ئابدۇكېرىم خان ئابدۇرەشىد خاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى»، «30 يىل تەختتە ئولتۇردى، ئۇمۇ 63 يېشىدا ۋاپات بولدى»، «مۇھەممەد خان ئابدۇرەشىد خاننىڭ بەشىنچى ئوغلى»، «ئابدۇكېرىم خان ۋاپات بولۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىن مۇھەممەد خان ھەربىي يۈرۈشتىن قايتىپ كېلىپ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى»، «ئۇ مۇستەقىل 18 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى»، «72 يېشىدا ۋاپات بولدى»، «شۇجائۇددىن ئەھمەد خان 10 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى، 50 يىل ئۆمۈر كۆردى»، «ئابدۇلەتىپ خان شۇجائۇددىن ئەھمەد خاننىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى، مۇھەممەد خاننىڭ نەۋرىسى»، «مۇستەقىل ھالدا 12 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى، ئۇ 25 يىل ئۆمۈر كۆردى» دېگەندەك. كېيىنكى خانلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئاساسەن مۇشۇنداق بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ، مۇھەممەد خان توغرىسىدا توختالغاندا، شاھ مەھمۇد جۇراس ئېنىق قىلىپ: «ھىجرىيە 999 ـ يىلى خانلىق تەختتە ئولتۇردى»، «ھىجرىيە 1005 ـ يىلى (مىلادىيە 1635 ــ 1636 ـ يىللار)نىڭ مەلۇم بىر ئېيىدا سۇلتان مۇھەممەد خاننىڭ بۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەسى يەكەننىڭ دارۇل سەلتەنەتىدە يۈز بەرگەنىدى، ئۇ 22 يىل ئۆمۈر كۆردى، تەخمىنەن ئۈچ يىل پادىشاھلىق قىلدى» دېگەن. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ سۇلتان سەئىد خاننىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرىسىدىكى بايانلىرى ۋە شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن بىز سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ياشىغان ۋە تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتىنى قىياسەن ھېسابلاپ چىقالايمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا: «تەۋارىخ»تىكى بايانلاردىن بىز شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئابدۇللا خاندىن باشلاپ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ئابدۇرەشىد خانىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئابدۇلەتىپ خانىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئابدۇللا خان ئابدۇلەتىپ خانىنىڭ چوڭ ئوغلى. 1667 ـ يىلى ئابدۇللا خان تەختىنى مەجبۇرىي ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئوغلى يولۋاس خان تەختنى تارتىۋالغان. يولۋاس خان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەلى شاھ بەگ يەكەننىڭ ھوقۇقىدارلىقىغا، ئېۋەز بەگ ئىشىككائاغىلىقىغا تەيىنلەنگەن.

ئىككىنچى، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى توغرىسىدا. 1504 ـ يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىكى ئەھمەد خان كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەن. چوڭ ئوغلى مەنسۇر ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان. مەنسۇر خان خانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىنىسى سەئىد خاننى ئوتتۇرا ئاسىياغا قوغلىۋەتكەن. سەئىد خان ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تاغىسى مۇھەممەد خان ۋە بىر نەۋرە ئاكىسى بابۇر شاھنى پاناھ تارتىپ بارغان. كېيىن دۇغلات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئابابەكرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىگىلىگەن. ئۆزىنى خان دەپ ئاتاپ، سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغان. 1516 ـ يىلى سەئىد خان ئاقسۇدا ئاكىسى مەنسۇر خان بىلەن ئۇچراشقان ۋە خۇتبىدە مەنسۇر خاننىڭمۇ ئىسمىنى ئاتاشقا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ نامىدا پۇل قۇيۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىتائەتنى بىلدۈرگەن. مەنسۇر خانمۇ سەئىد خانىنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان ۋە ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلىپ، سەئىد خان بىلەن بىرلىكتە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرق ۋە غەربىنى بىرلىكتە باشقۇرىدىغانغا قوشۇلغان. لېكىن، مەنسۇر خان ئۆلگەندىن كېيىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ۋەزىيىتىدە قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بىلىش تەس. خەنزۇچە مەنبەلەردىنلا مەنسۇر خان ئۆلگەندىن كېيىن

ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى شاھ سۇلتان بولغانلىقىنىلا بىلەلەيمىز. «تەۋارىخ» بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى تولۇقلاپلا قالماستىن، يەنە خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى مەزمۇنلارنىمۇ دەلىللىگەن. شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ يېزىشىچە، شاھ سۇلتان ئۆلگەندىن كېيىن، مەنسۇر تەختكە چىقىرىلغان. بۇ ئابدۇكېرىم خاننىڭ جازا يۈرۈشى قىلىشىغا سەۋەب بولغان. نەتىجىدە مۇھەممەد خان تۇرپان رايونىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان رايونى، يەنى ئەسلىدىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى ئەمەلىيەتتە سەئىدىيە خانلىقىغا قوشۇۋېلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىدىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقى بىلەن غەربى ئارىسىدىكى زىددىيەت ئاستا ـ ئاستا ئابدۇرەشىد خاننىڭ نەۋرىلىرى ئارىسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىدىغان جەڭگە ئۆزگەرگەن.

ئۈچىنچى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ كۈرىشى توغرىسىدا. بىز «تەۋارىخ»تىكى بايانلاردىن ئاق تاغلىق خوجىلار بىلەن قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەت، كۈرەشلەرنى بىلىۋالالايمىز. شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ دېيىشىچە، خوجا ئىسھاق ۋەلى ئابدۇكېرىم خان دەۋرىدە سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە كەلگەن. ئىشان كالاننىڭ مۇرىتلىرىنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى تۈپەيلىدىن ئىسھاق ۋەلى بىلەن ئابدۇكېرىم خان ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق كېلىپ چىققاچقا، ئىسھاق ۋەلى خوتەنگە كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، «چىرا دەيدىغان يەردە ئۈچ يىل تۇرغان»، كېيىن يەنە خوتەننىڭ ھۆكۈمرانى قۇرەيش سۇلتان بىلەن مۇناسىۋىتى يىرىكلىشىپ قالغاچقا ئاقسۇغا كەتكەن. ئەڭ ئاخىرىدا كۇچادىن يۇرتى سەمەرقەنتكە كەتكەن. ئومۇمەن، ئىسھاق ۋەلى سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدە 12 يىل تەرىقەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ۋە نۇرغۇنلىغان مۇرىت توپلىغان. ئەڭ مۇھىمى مۇھەممەد خان بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىۋالغان ھەم ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە

www.uyghurkitap.com

ئىشەنچىگە ئېرىشىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى خوجا شادىنىڭ پائالىيىتىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بەرگەن. خوجا شادى دەۋرى شەك ـ شۈبھىسىزكى قارا تاغلىقلار كۈچىنىڭ شىددەت بىلەن كۈچەيگەن دەۋرى بولۇپلا قالماي، يەنە يۇقىرى قاتلامدىكى دىندارلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى كونترول قىلىشقا باشلىغان دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خوجا شادى خانلىق تەختىنىڭ ئالمىشىشىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق، ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىدىكى نوپۇزىنى كۈچەيتىش ۋە ھوقۇقنى كونترول قىلىش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنغان. لېكىن، خانلار بولسا ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنى قوللايدىغان يېڭى بىر مەنىۋى رەھبەر ئىزدىگەن. بۇ دەل ئاق تاغلىقلاردىن خوجا يۇسۇپنىڭ سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدە پائالىيەت قىلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. خوجا يۇسۇپ ئابدۇلەتىپ خان دەۋرىدە قەشقەرگە كەلگەن ھەمدە «ھەقىقىي» خوجا سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ مۇرىتلىرىنى كۆپەيتكەن. دەل شۇ چاغدا خوجا شادى سەمەرقەنتكە بېرىپ «ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مازارىنى تاۋاپ قىلغان». ئېنىقكى، ئۇ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچى ۋە نوپۇزىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولغان. قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ رەقىبى ئۇشتۇر خەلپىنى جايلىۋېتىپلا قالماستىن، يەنە ئابدۇلەتىپ خاننى خوجا يۇسۇپنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىشقا مەجبۇر قىلغان. ئابدۇللا خان دەۋرىدە خوجا يۇسۇپ يەنە قەشقەرگە كەلگەن. گەرچە «ئابدۇللا خان ۋە يەكەنلىكلەر ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغان» بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى، ئابدۇللا خاننىڭ چوڭ ئوغلى يولۋاس ئاتىسى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى بولمىغاچقا ئۇنى ئەتىۋارلىغان. خوجا يۇسۇپ ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ئاپاق خوجا ئۇنىڭ ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قىلغان. «يولۋاس ئاپپاق خوجىغا چوقۇنغان»، ئۇ ئاپاق خوجا ۋە جۇڭغارلارنىڭ سەردارى سېڭگىنىڭ ياردىمىدە، ئابدۇللا خاننى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇرلاپ تەختنى

تارتىۋالغان. خوجا شادىنىڭ ئوغلى ماموّت ئاقسوّغا قېچىپ بېرىپ، ئابدوّللا خاننىڭ تۆتىنچى ئىنىسى ئىسمايىل خاننى قولللىغان. يولۋاس خان قارا تاغلىق خوجىلار پىلانلىغان سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن «(ئىسمائىل) خان ھەزرىتى (ماموّت) خوجىنىڭ ياردىمىدە بوۋىسىنىڭ تەختىگە چىققان». ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن يولۋاس خاننىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە ئاق تاغلىق خوجىلارنىمۇ قاتتىق باستۇرغان، ئاپاق خوجىمۇ باشقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولغان.

«تەۋارىخ»تىكى بايانلاردىن بىز سىياسىي ھوقۇق بىلەن دىنىي ھوقۇق، يەنى خانلار بىلەن خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دائىر ماتېرىياللارغا ئىگە بولالايمىز. خوجىلار كۈچىنىڭ تېز روناق تېپىشى، ئېنىقكى خانلارنىڭ ئۇلارنى ئەتىۋارلىشىدىن بولغان. خانلار ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۇلارنى ئەتىۋارلىغان. لېكىن، خانلار بىلەن خوجىلار ئوتتۇرىسىدىمۇ زىددىيەت ۋە كۈرەش مەۋجۇت بولغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، خوجا شادىنىڭ سەمەرقەنتكە ئاتا ــ بوۋىسىنىڭ مازارىنى تاۋاپ قىلىشقا بېرىشىغا بىر تەرەپتىن خوجا يۈسۈپنىڭ كېلىشىنىڭ ئۇنىڭ نوپۇزىغا جەڭ ئېلان قىلغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن ئابدۇلەتىپ خان بىلەن ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ ئۇنىڭ ئوردا ئىشلىرىنى تىزگىنلىۋېلىشىغا بولغان نارازىلىقى سەۋەب بولغان. شاھ مەھمۇد جۇراس مۇنداق دەپ يازغان: «خوجا شادى سەمەرقەنتكە بارماقچى بولۇپ ئابدۇلەتىپ خاندىن رۇخسەت سورىدى. خان ھەرقانچە توسۇپ باققان بولسىمۇ يەنە بولمىدى، ھەزرىتى ئەزىزان ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئاتىلىرىنىڭ مازارىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەمەرقەنت تەرەپكە قوزغالدى»، «ئۇ ئاتا ــ بوۋىسىنىڭ مازارىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتتى. شارت داۋىنىدىن ئۆتكەندە، ئۇشتۇر خەلىپە ۋە خوجا يۈسۈپلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى.»

تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى خوجا شادى خوجا يۇسۇپنىڭ ئوردا ئىشلىرىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقىدىن نارازى بولغان ھەمدە ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ بارلىق دىنىي ھوقۇقىنى كونترول قىلىۋالغانلىقىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، ئۇلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن، دەپ قارايدۇ. بۇ ۋاقىتتا دەل قارا تاغلىقلار بىلەن خانىنىڭ زىددىيىتى ئەمدىلەتىن باشلانغانىدى. كېيىن بۇ ئاستا ـ ئاستا ئىككى سىياسىي كۈچ، ئىككى دىنىي مەزھەپ ئارىسىدىكى مۇرەككەپ كۈرەشكە ئايلانغان.

تۆتىنچى، 16 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە بولغان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا. «تەۋارىخ»تا سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى قىرغىز، قازاق، ئۆزبېك، ئويرات قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلىرى ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرى ئارىسىدىكى توغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار بار. شاھ مەھمۇد جوراس مۇنداق دېگەن: «ئابدۇرەشىد خانىنىڭ ئايالى چۇچۇك خانىم قازاقلاردىن جانىبەگنىڭ ئوغلى ئەدىك سۇلتاننىڭ قىزى ئىدى. چۇچۇك خانىمنىڭ ئانىسى بولسا سۇلتان يۇنۇس خاننىڭ تۆتىنچى قىزى سۇلتان نىگار خانىم ئىدى». قىرغىزلار كۆپ چاغلاردا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پۇقراسى بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە ئۇيغۇرلار ھاكىمىيىتى بىلەن ئۆزبېكلەر ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ يۈرگەن. جوڭغارلارنىڭ تەسىرى سېڭگى زامانىدىلا سەئىدىيە خانلىقى دائىرىسىگە كىرگەن بولۇپ، ئۇلار ئاق تاغلىق خوجىلار بىلەن بىرلىكتە يولۋاس خاننى يۆلەپ خانلىق تەختكە چىقارغان. بۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئالىلىقاچان مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان بولۇپ، ئاق تاغلىق خوجىلار جوڭغارلارغا ناتونۇش ئەمەس ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئاپاق خوجىنىڭ شىزاڭغا قېچىپ بېرىپ دالايدىن غالدانغا خەت يېزىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈشى

ۋە غالداننىڭ جۇڭغار قوشۇننى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرىشى ۋە ئىسمائىل خاننى ئەسىر ئېلىپ سەئىدىيە خانلىقىنى يوقىتىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس[16].

شاھ مەھمۇد جوراس 1696 ـ يىلى يەنە دىنىي تېمىدىكى «ئەنسۇت تالىبىن» (تەلەپكارلار نەسەبنامىسى) ناملىق ئەسەر يازغان. ئەسەر ئەينى زاماندىكى يەكەن ھاكىمى ئالىم شاھ بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى تارىخى (تۆت خەلىپە دەۋرى)، 12 ئىمام، نەقشبەندىچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ سەئىدىيە خانلىقىدىكى ئاساسلىق ۋەكىللىرى، بولۇپمۇ «ئىسھاقىيە» ئىشانلىرىنىڭ تارىخى، دىنىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەكەندە ئەبۇ مەنسۇر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «رەفىقۇل تالىبىن» (ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى) ناملىق بىر قول يازما نۇسخىسى بولغان. بۇ نۇسخىنىڭ 1864 — 1865 ـ يىللىرى موللا ئەھمەد ئوغلى موللا مۇھەممەد سوپى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسى ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇ رەيھان بىرونى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا[17].

شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم ئىلمىي قىممىتى شۇ يەردىكى، مىرزا ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي» دېگەن ئەسىرى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھاياتىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىبلىنەما رولىنى ئۆتەيدىغان باھاسىز بىرىنچى قول ماتېرىيال بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسەر بىلەنلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. شاھ مەھمۇد جوراس سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلەتىپ خان دەۋرىدىن تاكى مۇھەممەد ئىمىن خان دەۋرىگىچە بولغان يىللاردىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردىكى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ، ئاڭلاپ ئۆز ئەسرىنى يازغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسىرىمۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىغا ئائىت بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر ئابدۇرەشىد خاننىڭ ئاخىرقى دەۋرى ۋە ئابدۇكېرىم خان دەۋرى، ئابدۇللا خان دەۋرى، ئىسمائىل خان دەۋرى، مۇھەممەدئىمىن خان دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى كۈرەشلەر ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىنىڭ سەۋەبچىسى بولغان خوجىلارنىڭ كەلتۈرگەن ئېچىنىشلىق كۆلپەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا يېگانە ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىكتۇر.

ئومۇمەن، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن بىر ھاكىمىيەت ئاستىغا قايتىدىن ئۇيۇشۇپ، بۇرۇنقى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى كەسكىن زېمىن چېگراسىنى يوقىتىپ، ئۆزئارا ئايرىلىپ تۇرىدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، دىن جەھەتتە بىرلىككە كېلىپ — ئىسلام دىنىغا ئومۇميۈزلۈك ئېتىقاد قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى بىلەن، مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، يەنە بىر يۈكسەك پەللىگە يەتكەن. مۇشۇنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ دەۋردە باشقا ئىلىملەر بىلەن بىر قاتاردا تارىخشۇناسلىقمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى تارىخشۇناسلىققا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق ئەنئەنىسى ۋە نەتىجىلىرى ئاساسىدا ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى ۋە ئەرەب ـ پارس تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قوبۇل قىلىپ، گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان. بۇ دەۋردىكى ئەدىب ـ تارىخچىلار بۇرۇندىن ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان تارىخ پۈتۈش ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ۋە باشقا تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامىغا ئاتاپ

كاتتا تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي»، شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تەۋارىخ» قاتارلىق ئەسەرلىرى مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ ئەسەرلەرنى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرنىڭ تارىخىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان بىرىنچى قول ئەسەرلەر سۈپىتىدە ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىدىكى مەشھۇر نامايەندە دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان ۋە شاھ مەھمۇد جۇراسنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەشھۇر تارىخچىلىرى دەپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇلار ئەسەرلىرىدە بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «تارىخنى ئەينەك قىلىش»تىن ئىبارەت تارىخچىلىق ئىدىيەسىنى تېخىمۇ يۇكسەلدۇرگەن. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە داڭلىق ئەدىبلەردىن بولۇپ، ئۆزىدە ھەم تارىخىي ساۋاتنى، ھەم ئەدەبىي ماھارەتنى تەڭ ھازىرلىغاچقا، تارىخىي ئەسەرلىرى كۈچلۈك ئەدەبىي تۈس ئالغان. يەنە كېلىپ بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى مەيلى تارىخنى بايان قىلىش جەھەتتىن بولسۇن ياكى پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەھەتتىن بولسۇن كۈچلۈك ئىسلامىي تۈس ئالغان بولۇپ، تىل جەھەتتىنمۇ، ئۇسلۇب جەھەتتىنمۇ، تېما جەھەتتىنمۇ ئەرەب ــ پارس تارىخشۇناسلىقىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىغان.

## ئىزاھلار:

① لىن گەن، گاۋ زىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ــ يىلى 12 ــ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ــ نەشرى.

② ياڭ شېڭمىن : «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ــ يىلى 8 ــ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ــ نەشرى.

③ ھاجى نۇر ھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ــ يىلى 8 ــ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ــ نەشرى؛ ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن بايان»، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1994 ــ يىلى خەنزۇچە 1 ــ نەشرى.

④⑤⑥⑦⑧⑨⑩⑪⑫ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى7 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑬⑮ شاھ مەھمۇد جوراس: «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑭⑰ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 2 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى؛ ئابلىز ئورخۇن: «مىرزا شاھ جوراسنىڭ ئۈچ پارچە تارىخىي ئەسىرى ھەققىدە»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان؛ تۇرسۇن پىداقۇل: «مەشھۇر تارىخچى ۋە ئەدىب شاھ مەھمۇد جوراس»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑯ مىياۋ پۇشېڭ: «‹يىلنامە›گە باھا»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2011 ـ يىللىق 4 ـ سان.

# تۆتىنچى بۆلۈم

# ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئۆزگىرىشى

## 8 ـ باب خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق

### خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھايات ۋە بۇ دەۋردە تەزكىرىچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى

مىلادىيە 1678 ـ يىلى خوجا ھىدايىتۇللا (ئاپاق خوجا) جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە تايىنىپ سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زېمىنىدا دىن بىلەن ھوقۇق بىرلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەتنى قۇردى. ئۇ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورناتقاندىن كېيىن، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە گۈللەنگەن ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان مەشھۇر ئالىم، شائىر، ئەدىب ۋە مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىنى سۈرگۈن قىلدى. بىباھا مەدەنىي مىراسلارنى، جۈملىدىن قىممەتلىك كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئىلىم ئاسمىنى بىرمەھەل قاراڭغۇلۇققا پاتتى. بۇ دەۋردە تەسەۋۋۇپچىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى شۇ بولدىكى، ئىدىيە خاسلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسەرلەر تامامەن يوقىلىپ، ھەممە ئەسەرلەر دىگۇدەك دىنىي تۈس ئالدى.

ئاپاق خوجىدىن كېيىن ئىشقىيە ۋە ئىسهاقىيە دەپ بۆلۈنگەن تەسەۋۋۇپچىلار ئۆزئارا ئالمىشىپ هاكىمىيەت يۈرگۈزدى. خەلق بەزىدە هاكىمىيەت ئۈستىدىكى ئىشقىيە مەزهەپپىدىكىلەرنى قوللاپ، هاكىمىيەت سىرتىدىكى ئىسهاقىيە مەزهەپپىدىكىلەرگە قارشى چىقتى؛ بەزىدە هاكىمىيەت ئۈستىدىكى ئىسهاقىيە مەزهەپپىدىكىلەرنى قوللاپ، هاكىمىيەت سىرتىدىكى ئىشقىيە مەزهەپپىدىكىلەرگە قارشى چىقتى. ئۇلار مۇنداق قىلىشتا بىر ئادىل هاكىمىيەتنىڭ بولۇشىنىلا ئۈمىد قىلاتتى①. ۋاهالەنكى، خوجىلار توختىماي هوقۇق تالىشىپ، جەمئىيەتنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلدى. ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت نابۇت بولدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقتە نارازىلىق، قارشىلىق كۈچىيىپ، مۇقىملىق، ئىناقلىق ۋە تەرەققىيات ئىستىكى تۇغۇلدى. پەقەت كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندىلا جەمئىيەت بىر ئاز تىنچلىنىپ، ئىگىلىك سەل جانلىنىپ، ئىلىم ـ مەرىپەت خېلى تەرەققىي قىلدى. مۇشۇ مەزگىلدە خوجا جاهانغا ئوخشاش تەرەققىيپەرۋەر هۆكۈمرانلارمۇ بارلىققا كەلدى. خوجا جاهان (ياقۇپ) تەختتە ئولتۇرغان 20 يىل جەريانىدا (1735 ـ يىلدىن 1756 ـ يىلغىچە هاكىمىيەت سورىغان)، گەرچە جۇڭغارلارنىڭ هامىيلىقىدىكى قورچاق خان بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما چامىسىنىڭ يېتىشىچە ئىچكى ـ تاشقى جەهەتتە كېلىشۋاتقان ئېغىر بېسىمغا بەرداشلىق بېرىپ، خىلمۇخىل تۇسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، خەلققە، جەمئىيەتكە پايدىلىق كۆپلىگەن ئىشلارنى قىلدى. ئۇ ئۆزى باشلامچى بولۇپ «ئەرشى» تەخەللۇسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى هەم باشقىلارنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بەردى. ئۆز دەۋرىنىڭ مەشهۇر ئالىمى مۇهەممەد سادىق كاشغەرىي خوجا جاهان دەۋرىنى خۇراسان مەملىكىتىدە ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچقان هۈسەيىن بايقارا دەۋرىگە ئوخشىتىپ مەدهىيىلىگەن بولۇپ، «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا: «خۇسۇسەن

ھەزرەتى خاجە جاھان خاجەم پادىشاھ ئەلەيھىر رەھمەۋەر رىزۋان ھەممە ۋاقتىدا ئۆمۈرلەرىنى ئۆلىمالار ۋە سالىھلار ۋە ئەھلى تەبئىلەر بىرلە مەشرەپ تۈزۈپ مەسىھ ئاسا، جان فەزا كەلاملار ئىلە جانسىز تەنلەرگە جان ئاتا ئەيلەپ، مالامال ئىلتىفاتلەر قىلۇر ئەردىلەر ۋە گاھى ئەمىر - ئۆمەرا ماۋالى شەھەر بىرلە ئولتۇرۇپ، مەملىكەتلەرنىڭ ئەسباب ياراغىن كۆرگۈزۈپ، فەقىر رەئىيەلەرنىڭ داد - سوراغلەرىغە مۇۋاپىق ھۆكۇم سۈرۈپ، كۆڭۈللەرنى جەمئىي شاد قىلۇر ئەردى... گاھى مەملىكەت مەيدانىدا ئولتۇرۇپ شائىرانە ۋەقىت سۆخەن فەم زامانلەرنىڭ شېئىر، ئەبياتلەرىن ئىلغاپ تەرجىھ ئەيلەپ، ئۆز قاتارىدا مۇمتاز ۋە سەرەفراز ئەيلەر ئىدىلەر. ھەر ھەپتە ئۆلىما ۋە فازىللەر، يەنى ئاخۇند، سەييد، خاجەلەرنىڭ دەرىسخانەلەرىگە بارىپ، يارانلەر قايىسلەركى خۇش فەھم، خۇش ئىدراكدۇرلەر ۋە رىيازەت ۋە مۇجاھىدە ۋە بەھىسى مۇنازىرە ۋە مۇتالىئەلەرى نازۇك بولسە، ئاڭا ئىلتىپاتلار قىلىپ، سۇمۇقەددەم ئولتۇرغۇزۇپ، كۆڭۈللەرنى خۇش قىلۇر ئەردىلەر»② دېگەن.

بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن تارىخشۇناسلىقىدا تەزكىرە مۇستەقىل بىر ژانىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، 19 - ئەسىردىكى تەزكىرىچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالدى. بۇ مەزگىلدە شىرىيار ئىسىملىك كىشى «تەزكىرەئى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلى» دېگەن ئەسەرنى، نامەلۇم بىر ئاپتور 1717 - يىلى «جامىئۇل مەقامەت» (ئۇلۇغ دەرىجىلەر جەمئىيسى) دېگەن ئەسەرنى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى 1720 - يىلى «سەپەرنامە»، 1736 - يىلى «تەزكىرەئى چىلتەن»، 1744 - يىلى «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شېرىف بۇزرۇكۋار» دېگەندەك ئەسەرلەرنى، مىرخالىدىن كاتىپ موللا كىچىك يەركەندى 1730 - يىلى «ھىدايەتنامە» («تەزكىرەئى ھىدايەت» ياكى «تەزكىرەئى خوجا ئاپاق») دېگەن ئەسەرنى، مۇھەممەد ئېۋەز قاراقاشى «تەزكىرەئى مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى» دېگەن

ئەسەرنى، مولللا مىرسالىھ كاشىغەرىي چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ئائىت «تارىخى كاشىغەر» («چىڭگىزنامە»مۇ دېيىلىدۇ) دېگەن ئەسەرنى يازدى③.

## «تەزكىرەئى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلى»

بۇ شېرىيار ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان تەزكىرە بولۇپ، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ۋە ئاپتورنىڭ ھايات پائالىيىتى مەلۇم ئەمەس. ئەسەردە 14 ـ ئەسىردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا يۈز بەرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەر، يەنى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تىمۇر خاننىڭ موغۇل قەبىلىلىرىنى باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ئەسەردە تۇغلۇق تىمۇر خاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش جەريانى خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان، ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە بولغان ۋەقەلەر ناھايىتى قىسقا بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر تۇغلۇق تۆمۈر خانىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغۇچى شەخس مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىنى نۇقتا قىلىپ يېزىلغاچقا، ئەسەردە مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ نەسەبى، مۇرىتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە كۆپرەك ئورۇن بېرىلگەن ۋە ئەسەر شۇ شەخسنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان④.

## «جامىئۇل مەقامەت»

بۇ كىتاب ھىجرىيە 1126 ـ يىلى (مىلادىيە 1717 ـ يىلى) نامەلۇم بىرەيلەن تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ 17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا يۈز بەرگەن سىياسىي

ۋە ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىقلارنىڭ سەۋەبكارى بولغان سوپى ـ ئىشانلارنىڭ سەردارى ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپاق خوجا) ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى نەسەبلىرى توغرىسىدىكى تەزكىرە بولۇپ، ئۇنىڭدا ھىدايىتۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپتۈرۈپ مەدھىيىلەنگەن. كىتابتا، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ نەسەب جەھەتتە ئىشان مەخدۇم ئەزەم ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدىغانلىقى، مەخدۇم ئەزەمنىڭ ھەرقايسى خوتۇنلىرىدىن بولغان پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ سوپىلىق دەرىجىسىگە يېتىشتىكى ئالدىن كۆرۈلگەن بېشارەتلەر، مەخدۇم ئەزەمدىن كېيىنكى ئىشانلىق مەقامىنىڭ ئىرشاد قىلىنىشى، شۇنىڭ بىلەن ئىشانلىق نەسەبىنىڭ ئۈزۈلمەي داۋاملاشقانلىقى، شۇڭا ئۇلارنى ئۇلۇغلاش لازىملىقى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ 17 ـ ئەسىردىكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سوپى ـ ئىشانلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتى بار⑤.

## «ھىدايەتنامە»

مىرخالىدىن كاتىپ موللا كىچىك يەركەندى تەرىپىدىن 1730 ـ يىلى يېزىلغان «ھىدايەتنامە» («تەزكىرەئى ھىدايەت» ياكى «تەزكىرەئى خوجا ئاپاق») دېگەن بۇ ئەسەر 17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا يۈز بەرگەن سىياسىي قالايمىقانچىلىقنىڭ سەۋەبكارى بولغان خوجىلارنىڭ كاتتىبېشى ئاپاق خوجا ھەققىدىكى تەزكىرە بولۇپ، ھىدايىتۇللا ئىشاننى (ئاپاق خوجىنى) ئىلاھلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ سوپىلىق يولىنى تەرغىب قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان. كىتابتا، ئاپاق خوجىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا، بولۇپمۇ قەشقەر، يەكەن، كۇچا، ئۇچتۇرپاندا ئېلىپ بارغان دىنىي پائالىيەتلىرى، نۇرغۇن قالايمىقانچىلىققا سەۋەب بولغان دىنىي ھەرىكەتلىرى ئىلاھىي

كارامەتلىرى بىلەن بېزەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ كىتاب ئاپاق خوجىنىڭ تارىختىكى رولىنى تەتقىق قىلىشتا ۋە ئەينى دەۋردىكى تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن تونۇشۇشتا زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە⑥.

## «تەزكىرەئى مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى»

مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشى تەرىپىدىن يېزىلغان «تەزكىرەئى مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى» دېگەن بۇ ئەسەر17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ كەلگەن ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ نەسەل ـ نەسەبى، ئىش ـ پائالىيەتلىرىگە دائىر تەزكىرە بولۇپ، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق بولمىسىمۇ، بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلىنغانلىقىنى، ئاپتورنىڭ يەنە بىر چوڭ ئەسىرى «مەجمۇئەتۇلئەھكام»نىڭ ھىجرىيە 1127 ـ يىلى (مىلادىيە 1715 ــ 1716 ـ يىللىرى) يېزىلغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، مەزكۇر ئەسەرنىڭ 1700 ــ 1720 ـ يىللار ئەتراپىدا يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. بۇ ئەسەرگە قويۇق خۇراپاتلىق تۈسى سىڭگەن بولۇپ، ئەسەردە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارىم ۋادىسىغا كېلىپ سوپىزم تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللانغان مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەد كاسانى) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق پائالىيەتلىرى، تەسەۋۋۇپنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردا مۇرىت توپلىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خانلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا ئىسھاقنىڭ پائالىيەتلىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ھەم ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەر ئاق

تاغلىق ۋە قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ تېگى ـ تەكتى، ئۇلارنىڭ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدىكى تەسىرى، شۇنداقلا شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ⑦.

## «سەپەرنامە» ۋە «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەت شېرىف بۇزرۇكۋار»

«سەپەرنامە» ــ شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ ھىجرىيە 1131 ـ يىلى (مىلادىيە 1720 ـ يىلى) 46 يېشىدا خوتەندە يازغان چوڭ ھەجىملىك داستانى بولۇپ، 1122 بېيىت، 2244 مىسرادىن تەركىب تاپقان. داستاندا زەلىلىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سەپەرلىرى تەسۋىرلەنگەن، بولۇپمۇ خوتەندىكى پائالىيەتلىرى گەۋدىلىك تەسۋىرلەنگەن. داستاندىن مەلۇم بولۇشىچە، زەلىلى سەپىرىنى يەكەندىن باشلاپ، قەشقەر، ئاتۇش، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان، قومۇللارنى ئايلانغان. كېيىن خوتەنگە ئۆتۈپ، دەسلەپ قاغىلىق، ئاندىن گۇما، قاراقاش، خوتەن، لوپ، چىرا، نىيەگە بارغان.

داستان قۇرۇلما جەھەتتىن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، شائىر داستاننىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئەنئەنە بويىچە ئاۋۋال خۇدا، پەيغەمبەرلەرگە مەدھىيە ھەم ھەمدۇسانا ئوقۇغان، ئاندىن ئەۋلىيا، ماشايىخلارنىڭ تەرىپى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە دىنىي رىۋايەتلەرنى بايان قىلغان. بۇ داستانچىلىقتا ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەت بولۇپ، زەلىلىنىڭ بۇنىڭدىن چەتنەپ باشقىچە يول تۇتۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا بۇ ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەستۇر.

شائىر داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئانا يۇرتى بولغان يەكەننىڭ گۈزەل تەرىپلىرىنى ۋە قەشقەر، ئاتۇشقا قىلغان

سەپىرىنىڭ جەريانىنى سۆزلىگەن. داستاننىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا بولسا قەشقەر ۋە ئاتۇشتىن يەكەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئاندىن كېيىن ئىنىسى دەلىلى ۋە موللا غەزەل دېگەن كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەن تەرەپكە قىلغان ساياھىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بايان قىلغان.

«سەپەرنامە» داستانى ئەۋلىيا، ماشايىخلار ھەققىدىكى ئادەتتىكى بىر زىيارەت خاتىرىسى بولماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئەھۋالاتلىرىدىن، خەلق تۇرمۇشىدىن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋاللىرىدىن چوڭقۇر مەلۇمات بېرىدىغان بىر تارىخىي ھۆججەتتۇر. زەلىلى ئۆز داستانىدا گەرچە سەپەر قىلىشتىكى مەقسىتىنى «ئەۋلىيا، ماشايىخلارنى زىيارەت قىلىش ئىدى» دەپ ئۇقتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسەردە بايان قىلىنغان مەزمۇنلار بۇ مەقسەتتىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن. شائىر سەپەر جەريانىدا ئەمەلىي تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەتراپلىق ئىزدەنگەنلىكى، رېئال تۇرمۇشنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئەتراپلىق كۆزەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز داستانىدا ئۆزى كەزگەن شەھەر، يېزا، قىشلاق، بازارلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، جۇغراپىيەلىك شارائىتى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ھەققىدە كەڭ تۈردە توختىلىپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆز قاراشلىرىنى چوڭقۇر بايان قىلغان، شۇنداقلا يەنە بەزىبىر تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر، ئەۋلىيا، ماشايىخلارنىڭ تەزكىرىلىرى، خەلق ئىچىگە تارقالغان بەزى رىۋايەتلەر توغرىسىدىمۇ توختىلىپ ئۆتكەن.

«تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەت شېرىف بۇزرۇكۋار» — مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ ھىجرىيە 1155 ـ يىلى (مىلادىيە 1744 ـ يىلى) 70 ياشقا كىرگەندە يېزىپ چىققان يەنە بىر چوڭ تىپتىكى داستانى بولۇپ، 770 بېيت، 1540 مىسرادىن تەركىب تاپقان. داستاندىكى ئاساسىي قەھرىمان خوجا مۇھەممەد شېرىف

بۇزرۇكۋار ئەسلىي بىر تارىخىي شەخس بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سايرام دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. يەتتە يېشىدا ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغان. ياشلىق دەۋرىدە سەمەرقەنتتىكى ئۇلۇغبېك مەدرىسەسىدە ئۇزۇن يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەرگە كېلىپ تىرىكچىلىك قىلغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سۇتۇق بۇغرا خان مازارىدا يەتتە يىل شەيخ بولۇپ تۇرغان. كېيىن مەككە، مەدىنىنى تاۋاپ قىلىپ، دىنىي جەھەتتىكى بىلىمى ۋە پازىللىقى بىلەن ئابرۇي قازانغان. ئۇ ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىد خان بىلەن تونۇشقان. سۇلتان ئابدۇرەشىد خان ئۇنىڭ شەرىپىگە 10 كۈن زىياپەت بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئۇستاز قىلغان. بۇنىڭ بىلەن خوجا مۇھەممەد شېرىفنىڭ بىردىنلا ئاتىقى چىقىپ، يۇقىرىدا بەگلەردىن تۆۋەندە پۇقرالارغىچە بەس ــ بەس بىلەن ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلغان. ئۇ قەشقەردىن يەكەنگە بېرىپ 10 يىل دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە مىلادىيە 1565 ــ يىلى (يەنە بىر رىۋايەتتە مىلادىيە 1555 ــ يىلى) 95 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ مېيىتى يەكەن شەھىرى ئىچىدىكى ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغان مەدرىسەگە قويۇلغان. داستاندا مانا مۇشۇ تارىخىي شەخس خوجا مۇھەممەد شېرىف بۇزرۇكۋارنىڭ ئوبرازى تارىخىي ۋەقەلىكنى ئاساس قىلغان، قويۇق دىنىي تۈسكە تولغان ھالدا تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، زەلىلى خوجا مۇھەممەد شېرىف بۇزرۇكۋارنى «كارامەت ئىگىسى»، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئابدۇرەشىد خان دەۋرىدىكى گۈللىنىشىنىڭ سەۋەبچىسى، روھىي مەدەتكارى دەپ ھېسابلاپ، سەئىدىيە خانلىقىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئالغان.

زەلىلى بۇ داستاننى يېشى 70 كە بارغاندا، تۇرمۇشى تولىمۇ غۇربەتچىلىكتە قالغان ئەھۋال ئاستىدا تاماملىغان بولۇپ، بۇ ھال داستاندا خوجا مۇھەممەد شېرىف بۇزرۇكۋار ئوبرازىنىڭ قويۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىنىي تۇسكە تولغان ھالدا تەسۋىرلىنىپ، «كارامەت ئىگىسى» قىلىپ كۆرسىتىلىشىگە سەۋەب بولغان. چۈنكى، شائىر ئۇزۇن يىللاپ ئۆز غايىسى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، ھۆرلۈك، باياشاتچىلىق بىلەن تولغان جەمئىيەتنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلار ئەمەلگە ئاشماي، كۆپ سانلىق مېھنەتكەش خەلق بىلەن بىللە بارغانسېرى ئېغىر تۇرمۇشقا چۈشۈپ قالغان. ئاقىۋەتتە، ئۇ ئىدىيەسىدە مۇئەييەن دەرىجىدە بۇرۇلۇش ياساپ، «تەقدىرچىلىك» قارىشىغا پاتقان. نەتىجىدە، بۇ داستاندا خۇراپاتلىق، تەقدىرچىلىك، كارامەتچىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەشكە بېرىلىپ كېتىپ، خوجا مۇھەممەد شېرىفنى «ئەۋلىيا» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، بۇ تارىخىي شەخس ئۈچۈن قانداقتۇر يىقىلماس ئابىدە تىكلىمەكچى بولغان. ۋاھالەنكى، بۇنىڭغا قاراپ بۇ داستاننىڭ رېئال قىممىتىنى تۆۋەنلىتىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئەھمىيەت بىلەن قارايدىغان نۇقتا شۇكى، شائىر داستاندا بىر تەرەپتىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئابدۇرەشىد خان ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلىدىكى گۈللەنگەن، قۇدرەتلىك مەنزىرىسىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەپ، گۈزەل ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشى، ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا بولغان تەلپۈنۈشىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن «كارامەت ئىگىسى»، «ئەۋلىيا» بولمىش خوجا مۇھەممەد شېرىفنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، سىرلىق خىسلەتلەرنى ھازىرلىشى ۋە كاتتا ئابرۇي قازىنىشىنىڭ يەنە بىر مەنىۋى ئىلھامچىسى سۇتۇق بۇغراخان ئىكەنلىكى توغرىسىدا بېشارەت بەرگەن⑧.

## «تارىخى كاشغەر»

تارىخچى موللا مىرسالىھ كاشغەرىي تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى كاشغەر» («چىڭگىزنامە»مۇ دېيىلىدۇ) دېگەن بۇ ئەسەردە ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، ئاپتورىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە

ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن بولسىمۇ، تىل خۇسۇسىيىتى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئەسەرنىڭ 18 ـ ئەسىردە يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ⑨. «تارىخى كاشغەر»نى رۇسىيەلىك شەرقشۇناس بارتولد 1902 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا تەكشۈرۈشتە بولغاندا تاشكەنتتىن تاپقان ھەمدە ئۇنىڭ ئايرىم جايلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، «تۈركىستان سەپىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن دوكلات»قا كىرگۈزۈپ، تۇنجى بولۇپ ئىلىم ساھەسىگە تونۇتقان. ئاكادېمىك بارتولد بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى باشقا بەش كىتاب ۋە تەزكىرىدە خاتىرىلەنگەن 16 ـ ، 17 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭغا ئائىت مەزمۇنلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىققان ھەمدە مەزكۇر ئەسەردىكى ئەينى دەۋردە يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مەزمۇنلارغا شەرھ يازغان. ئۇ بۇ ئەسەرگە «تارىخى كاشغەر» دەپ نام بەرگەن ھەمدە مەزكۇر ئەسەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىز ھازىر قەشقەر خانلىقى ۋە خانلىقىنىڭ ئاخىر زاۋالغا يۈز تۇتقانلىقىغا ئائىت ناھايىتى تەپسىلىي تارىخىي ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق». شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەر ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىنى قوزغىغان. بارتولدنىڭ مەزكۇر ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك دوكلاتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، گېرمانىيەلىك ئاتاقلىق تۈركولوگ خارتمان ئۆز كىتابىنىڭ ئاخىرىغا ئۇنىڭ گېرمانچە تەرجىمىسىنى قوشقان.

مەزكۇر ئەسەرگە بېغىشلانغان تەتقىقات نەتىجىلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەخمەت زەكى ۋەلى توغان، ل.ئى.دۇمان، ك.ئا.ئوسمانوف، ئا.م. مۇگىنوف، ك.س.ئىبراھىموف، ك.ئى. پېتروف، ئى.يا.زىلاتكىن، ۋ.پ.يودىن، ل.ئا.پوكروۋىسكايا قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان.

«تارىخى كاشغەر»نىڭ خېلى كۆپ كۆچۈرمە نۇسخىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەن. رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى

شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ سانكت پېتېربورگ شۆبىسىدە ئۇنىڭ C576، C577، C2472 دەپ نومۇر قويۇلغان ئۈچ خىل قول يازما نۇسخىسى ساقلانغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئايرىم ـ ئايرىم هالدا «15 ـــ 17 ـ ئەسىرلەردىكى قازاق خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»غا كىرگۈزۈلگەن. 2001 ـ يىلى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى سانكت پېتېربورگ شۆبىسى مەزكۇر ئىنستىتۇتتا ساقلىنىۋاتقان «تارىخى كاشغەر»نىڭ ئاتاقلىق شەرقشۇناس ئاكىمۇشكىن كىرىش سۆز يېزىپ، ئىندېكسىنى ئىشلىگەن ئەسلىي قول يازمىسىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى «سانكت پېتېربورگ ئىلىم مەجمۇئەسى»نىڭ 8 ـ قىسمى سۈپىتىدە نەشر قىلىپ تارقاتقان.

«تارىخى كاشغەر» ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا (ئەسلىي قول يازما 1 ـ بەتتىن 58 ـ بەتكىچە) نۇھ، توپان بالاسى، نۇھنىڭ ئوغۇللىرى، يافەس ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تاكى موغۇل، تاتار خانلىرىغىچە؛ قاراخانىنىڭ نەسەبى، موغۇل خانلىرىنىڭ ئوغۇز خانىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنىڭ بايانى؛ ئوغۇز خانىنىڭ دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر، قاڭقىل، قارلۇق، خالاج ـ قىپچاق قاتارلىق بەش تۈركۈم قوۋم؛ ئوغۇزخاندىن ئالانقوۋا (چىڭگىزخانىنىڭ ئەجدادى) غىچە بولغان ۋەقەلەر؛ چىڭگىزخانىنىڭ نەسەبنامىسى ھەمدە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، غەربكە يۈرۈش قىلىشى، ئىراندىكى ئىلخانىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، چاغاتاي خان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مۇبارەك خان، تۇۋا خان، ئېسەن بۇغا خان، تۇغلۇق تىمۇر خاندىن تارتىپ 1514 ـ يىلى قەشقەردە مىرزا ئابابەكرىنىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ قىلىنىپ يەكەن خانلىقى قۇرۇلغۇچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى قىسمىدا سۇلتان سەئىد خاندىن تارتىپ سۇلتان مۆمىن خانغىچە بولغان ۋەقەلەر، يەنى 1514 ـ يىلىدىن 1695 ـ

يىلنامە تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنغان.

يىلغىچە بولغان يەكەن خانلىقىنىڭ ھەرقايسى خانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە شۇ دەۋرلەردە يۈز بەرگەن تارىخىي ھادىسىلەر

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مۇئەللىپ باشقا تارىخشۇناسلارغا ئوخشىمىغان رەۋىشتە ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق خوجىلار جەمەتلىرىنىڭ يەكەن خانلىقىغا بولغان تەسىرى، ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرىنى لايىقىدا بايان قىلىش بىلەن بىللە ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىنمۇ مەلۇماتلار بەرگەن.

مۇئەللىپ يەنە ئۆز ئەسىرىنى جانلىق تارىخىي پاكىتلار ۋە گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەتلەر بىلەن بېيىتىش مەقسىتىدە رەشىددىنىنىڭ «جامىئۇل تەۋارىخ»، مىرخاۋەندىنىڭ «رەۋزەتۇس سەفا»، جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانگۇشاي»، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «تارىخى رەشىدىي»، شەرىفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەفەرنامە»، شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «تەۋارىخ» (بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان) قاتارلىقلاردىن كۆپلەپ پايدىلانغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۈزۈندىلەرنى ئالغان. ئەسەرنىڭ 99 - بېتىدىن 105 - بېتىگىچە بولغان قىسمى ئاپتورنىڭ ئەسلىي ئىجادىيىتى بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى تارىخىي قىممەتكە ئىگە[10].

ئومۇمەن، خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە تارىخشۇناسلىق ئومۇمىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ تەسىرىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان. جۈملىدىن بۇ دەۋردىكى تارىخشۇناسلىقتا تەزكىرە بارلىققا كېلىپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەزكىرىچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچقان. بۇ دەۋردىكى تەزكىرىچىلىكنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاپتورلار ئەسەرلىرىدە دىنىي ھېكايەتلەرگە، قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىگە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ۋەقەلەرگە، مۇھىم شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، باشقا جەھەتلەرگە ئانچە ئېتىبار بەرمىگەن. گەۋدىلىك ھالدا شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار ۋە بۇ جەرياندا مەيدانغا چىققان شەخسلەر، تەسەۋۋۇپچى خوجىلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن. ئىسلام ئاپتورلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان بۇ تەزكىرىلەردە، كۆپىنچە تارىخىي ۋەقەلەر ئىلاھىي تۇسكە ئىگە قىلىپ قويۇلغان ھەم بىر قىسىم ئوبرازلار ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، توقۇلمىلار ئاساسىدا يارىتىلغان بولۇپ، تارىخىي رېئاللىقتىن چەتلەپ، ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىنغان. ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە تارىخ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن، ئاندىن نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ سۆزلىنىپ، ئاخىرىدا شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمدارلارغا بېرىپ تاقالغان. بولۇپمۇ، بۇنىڭدا موغۇللاردىن بولغان چىڭگىزخانغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، شانۇ ـ شەۋكەتلىك خان ـ پادىشاھلارنىڭ نەسەبى ئاساسەن چىڭگىزخانغا باغلانغان. ئەسەرلەرنىڭ بىرمۇنچىسى ئىسلام دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى ھېكايەتلەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلاردا ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن باشلاپ، ئاخىرىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەيلى تارىخنى بايان قىلىش جەھەتتىن بولسۇن ياكى پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەھەتتىن بولسۇن كۈچلۈك تەسەۋۋۇپ تۈسىنى ئالغان. بۇ مۇشۇ دەۋردىكى تەزكىرىچىلىكنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھلار:

①⑦ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم 2 ـ كىتاب، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

② مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 3 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

③ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

④⑤⑥ «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى» ئۇيغۇرلار تومى 1 ـ قىسىم، مەزكۇر كىتابنى تۈزۈش ھەيئىتى 2010 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تۈزگەن نۇسخىسى.

⑧ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 2 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑨ موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑩ ئەلى غوپۇر: «‹قەشقەر تارىخى›نىڭ باش ـ ئاخىرى»، ئۇيغۇرچە «بۇلاق» ژۇرنىلى 2008 ـ يىللىق 6 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 9 ـ باب چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق

## چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھايات ۋە بۇ دەۋردە تەزكىرىچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى

چىڭ سۇلالىسى مىلادىيە 1759 ـ يىلى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش، جۇڭغار خانلىقى ۋە خوجىلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋە ۋەيران بولغان ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە بىر قاتار ئىسلاھات ۋە تەدبىرلەرنى يۈرگۈزدى. ھەربىي جەھەتتە بىر قاتار لەشكىرىي ئاپپاراتلارنى قۇرۇپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان قوماندانلىق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك جايلارغا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بۇ ئارقىلىق قاتناشنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، تىنچلىقى ئۈچۈن ئاساس ياراتتى. سىياسىي جەھەتتە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى قۇرۇپ، بۇرۇندىن قېلىپ قالغان بەگلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھاكىمبەگلەرنىڭ ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھوقۇقىنىڭ ئاتىدىن بالىغا مىراس قېلىش تۈزۈمىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى ھەم ھەر دەرىجىلىك بەگلەرگە رەسمىي دەرىجە بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى، ۋەزىپىسى، تەمىناتىنى بەلگىلەپ، يەرلىك بەگلەرنىڭ پۇقرالارنى خالىغانچە قاقتى ـ سوقتى قىلىشىغا چەك قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەگلەرنىڭ ھوقۇقىنى

چەكلەش مەقسىتىدە، «ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇش» چارىسىنى قوللىنىپ، بۇ يۇرتتىكى كىشىنى ئۇ يۇرتنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە، ئۇ يۇرتتىكى كىشىنى بۇ يۇرتنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە قويۇشنى بېكىتىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا، باج، پۇل مۇئامىلە جەھەتلەردە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى، جۈملىدىن كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كانچىلىق جەھەتلەردىمۇ بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالدى؛ باج ـ سېلىق ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، باج ـ سېلىق تۈرىنى يىغىنچاقلاش، ئېغىر ئالۋان ـ ياساقلارنى كەچۈرۈم قىلىشقا ئوخشاش بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يەنىمۇ يۈكسىلىشىنى تېزلەتتى؛ سودا ئىشلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھۆكۈمەت سودىسى بىلەن خەلق ئارىسىدىكى سودىغا قارىتا رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرىنى قوللاندى. مەدەنىيەت جەھەتتە دىن، تىل ـ يېزىق... قاتارلىق ساھەلەردىمۇ بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويدى[①]. مۇشۇ بىر قاتار ئىسلاھات ۋە تەدبىرلەرنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى مۇئەييەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا دەسلەپكى قەدەمدە ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى. نوپۇسمۇ خېلى ئېشىپ، شەھەرلەر، يېزا ـ بازارلار ئاۋاتلاشتى.

يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي مۇھىت ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك ئاساس سالدى. بولۇپمۇ، 18 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن كېيىن

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە بىر قاتار ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ دەۋردە مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدە بىرقەدەر ئەركىن سىياسەت يولغا قويۇلغانلىقتىن، ھەرقايسى جايلاردا بىرمۇنچە مەدرىسەلەر مەيدانغا كەلدى. قەشقەردە خانلىق مەدرىسەسى، ساچىيە مەدرىسەسى قاتارلىق بىر قىسىم داڭلىق مەدرىسەلەر قايتا رېمونت قىلىنىش بىلەن بىللە، ۋاڭلىق مەدرىسەسى، تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسەسى، ئۆمەر ھېكىمبەگ مەدرىسەسى، دورغا بەگ مەدرىسەسى، شاھ پۇلات بەگ مەدرىسەسى قاتارلىق ئون نەچچە مەدرىسە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئاچتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدرىسەلەردە دىنىي بىلىملەردىن تاشقىرى، تارىخ، ھېساب، ئاسترونومىيە، پەلسەپە، تېبابەت، بولۇپمۇ ئىنسانپەرۋەرلىكنى مەزمۇن قىلغان ئەدەبىيات ئىلمى دەرس سۈپىتىدە ئۆتۈلۈپ، تالىپلارنىڭ زور ھەۋىسىنى قوزغىدى. لوقمان ھېكىم، ئىبنى سىنالارنىڭ تېبابەت ۋە پەلسەپىگە ئائىت ئەسەرلىرى، لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى، نەۋايى قاتارلىقلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ياش تالىپلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ مەزگىلدە يەنە سودا ۋە قاتناش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇخارا، ھىندىستان، كابۇل، ئىراق قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن ئۆلىمالار ۋە ئالىملار پەيدىنپەي كۆپىيىشكە باشلىدى ۋە ئۇلار ئۆز ئىلىملىرىنى ئەل ئىچىدە تارقاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى جايلاردىكى بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر، ئوقۇمۇشلۇق ھاكىمبەگلەر ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئىلىم ئەھلىلىرىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلدى ۋە ئىلھام بەردى. مەسىلەن، 1792 ـ يىلى ئۆمەر باقى ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن ھۆكۈمدارى ئەنۋەر بەگنىڭ تەۋسىيەسىگە ئاساسەن نەۋايىنىڭ «خەمسە»سىدىكى

«لەيلى ـ مەجنۇن»، «فەرھاد ـ شىرىن» ناملىق داستانلارنى نەسرىيلەشتۈرۈپ چىقتى. 1800 ـ يىلى خوجا ياقۇپ يەركەندى ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن ھۆكۈمدارى يۇنۇس بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋىنىڭ «چاھار دەرۋىش» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. 1808 ـ يىلى موللا سىدىق يەركەندى يەركەن ھاكىمبېگى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىنى نەسرىيلەشتۈرۈپ چىقتى. 1810 — 1811 ـ يىللىرى قومۇل ۋاڭى ئەردەشىر زوھۇرى، ئەمىرى قاتارلىق شائىرلارنى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىپ، سالاھى، نەۋايى، لۇتفى، نەۋبەتى قاتارلىق بىر تۈركۈم شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن «باياز»نى تۈزدۈرۈپ چىقتى. 1830 ـ يىلدىن 1850 ـ يىلغىچە قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى زوھۇرىدىن بەگ ئۆز ئوردىسىدا كاتىباتلىق ئىشخانىسى قۇرۇپ، ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى، مۇھەممەد سادىق كاشغەري قاتارلىق داڭلىق ئەدىبلەرنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «فەرھاد ۋە شىرىن»، «چاھار دەرۋىش» (نورۇز ئاخۇن زىيائىي بىلەن ھەمكارلىشىپ يازغان)، «زادۇل نەجاد» (1843 ـ يىلى يېزىلغان) قاتارلىق ئەسەرلىرى، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىنىڭ «كىتابى غەرىب» (1841 ـ يىلى يېزىلغان) ئەسىرى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ «ماقالات» (1842 — 1843 ـ يىللىرى يېزىلغان) دېگەن ئەسىرى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى ۋە مەدەت بېرىشى بىلەن يېزىلدى. يەنە ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرىدىن بىرسى بولغان، 18 قىسسە، 24 ھېكايىدىن تەركىب تاپقان «ھېكايەتى غەرىب» (غېرىبلار ھېكايىتى) ئەينى دەۋردىكى تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇننىڭ ئالاھىدە تەكلىپى ۋە ياردىمى بىلەن نىزارى، زىيائى ۋە غەرىبى قاتارلىق ئەدىبلەر تەرىپىدىن

1841 ـــ 1844 ـ يىللىرى تۇرپاندا يېزىلىپ چىقتى. 1854 ـ يىلى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى خوتەن ھاكىمبېگى مۇھەممەد ئەلىشىر بىننى ئابدۇلمۆئمىن بەگنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى)نى يېزىپ چىقتى②.

بۇ دەۋردە قىسسە ـ تەزكىرىچىلىكمۇ راۋاجلىنىپ، شائىر ئاخۇن 1766 ـــ 1767 ـ يىللىرى جۇڭغارلار، مانجۇلار، خوجىلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت «ئىسلامنامە» دېگەن ئەسەرنى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى 1770 ـــ 1771 ـ يىللىرى خوجىلار تارىخىغا ئائىت «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خوجەكان»نى، موللا مۇھەممەد قاسىم 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىسلام پادىشاھلىرىنىڭ تارىخى ۋە ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى ھىندىستاننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى يورۇتۇلغان «تارىخى پەرىشتە» دېگەن ئەسەرنى، مۇھەممەد ئىمىن سادىر كاشغەرى 1780 ـــ 1790 ـ يىللىرى خوجىلار، جۇڭغارلار، مانجۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت «ئەسەر ئەلفۇتۇھ» دېگەن ئەسەرنى، موللا نىياز خوتەنى 1796 ـ يىلى بۇددىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بايان قىلىنغان «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا»نى، موللا مۇھەممەد نىياز ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا ئەرەبىستان ۋە ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار تەسۋىرلەنگەن «ئەبۇ مۇسلىم تەزكىرىسى»نى، قاسىمى 1799 ـ يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ نەۋرىسى يۇسۇپ قادىر ئارسلانخاننىڭ تەرىپ ـ سىپاتى ۋە ئۇنىڭ خوتەن رايونىغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدىكى پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن «تەزكىرەئى ئارسلانخان»نى، موللا ئابىتمۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ نەۋرىسى ئارسلان خاننىڭ خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن قىلغان غازات ئۇرۇشلىرىنىڭ جەريانى تەسۋىرلەنگەن «قىسسەئى ئەلى ئارسلانخان»نى، خۇشىبىدىن شاھ

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تارىخىغا دائىر «رىسالەئى سۇتۇق تېكىن» دېگەن ئەسەرنى، مۇھەممەد ئابدۇل ئەلى كاشغەرىي 1800 ـ يىللىرى «تەزكىرەئى ھەزرىتى موللام»نى، مەۋلانا مۇزەپپەر باقى قەمبەر 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاقسۇ ئونسۇدىكى «سۇلتان قىرمىش ئاتام» مازارى ھەققىدىكى «سۇلتان قىرمىش تەزكىرىسى»نى، تۇنىياز ئاخۇن 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئىسلام دىنى تارىخىدا ئەۋلىيا دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»نى، مۇھەممەد ئۆمەر كاشغەرىي 1808 ـ يىللىرى «تەزكىرەتۇل ھىدايەت»، «شەجەرەئى بۇزرۇكۋار»نى، موللا ھەيدەر كۇچارى 1811 ـ يىلى خوجىلار تارىخىغا ئائىت «تەزكىرەئى پىرياران»نى، مۇھەممەد تۆمۇر قاراقاشى 1814 ـ يىلى تۇغلۇق تېمۇر خان ۋە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان خوجىلارنىڭ نەسەبى ۋە ئۇلارنىڭ كەچمىش ـ كەچۇرمىشلىرى بايان قىلىنغان «تەزكىرەتۇل رىشات»نى، تەلەبى «تارىخى ۋاقىئەئى كاشغەر» دېگەن ئەسەرنى، موللا ھاجى 1829 — 1830 ـ يىللىرى قاراخانىيلار خانلىرىغا ئائىت «تەزكىرەتۇل بۇغراخان»نى ۋە «جەڭنامەئى ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام»دېگەن ئەسەرنى، موللا مۇھەممەد نىياز يەركەندى 1851 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخىدا يۇز بەرگەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلەر، تارىخىي ھادىسىلەر خاتىرىلەنگەن «قىسسەسۇلغەرايىب»نى، موللا ئابدۇغاپپار 1853 ـ يىلى «زەپەرنامەئى شاھ باھادىرخان» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىقتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۇمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردە مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھامان فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۇرگىلى بولمايدىغان مىللىي ۋە سىنىپىي زىددىيەت بار ئىدى. كېيىنچە چىڭ سۇلالىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى، يەرلىك فېئودال بەگلەر ۋە دىنىي قاتلامدىكىلەرنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم بارغانسېرى ئېشىپ باردى. ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان باج ـ سېلىقنى ئېخچاملاش، ئېغىر ئالۋان ـ ياساقلارنى كەچۈرۈم قىلىشقا ئوخشاش تەدبىرلەر تەدرىجىي تۈردە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساق تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ مەزگىلدە ھۆكۈمرانلار خەلقتىن زورلۇق بىلەن يىغقان باج ـ سېلىق 65 خىلغا يەتكەن بولۇپ، مۇشۇ تۆگىمەس باج ـ سېلىقلار تۈپەيلىدىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ، خەلق نامراتلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەرقايسى جايلارغا تەيىنلىگەن ھاكىمبەگلەرنىڭ ھوقۇقىمۇ بارغانسېرى زورىيىپ، ئۇلار خەلققە بولغان ئېكسپلاتاتسىيەنى بارغانسېرى كۈچەيتتى. نەتىجىدە خەلق بىلەن مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى، يەرلىك فېئودال بەگلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتتى[3]. مۇشۇ خىل زىددىيەتنىڭ بىۋاستە ئىنكاسى سۈپىتىدە 1765 ـ يىلىلا ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىغانىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن خەلق بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل زىددىيەتتىن پايدىلانغان خوجىلار ئەۋلادلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا ئورنىتىش تەمەسىدە قوقەند خانلىقىنىڭ كۈشكۈرتۈشى ئارقىسىدا كۆپ قېتىم شىنجاڭغا كىرىپ توپىلاڭ كۆتۈردى. جۈملىدىن 1820 ـ يىلىدىن 1828 ـ يىلىغىچە جاھانگىر خوجىنىڭ تۆت قېتىملىق توپىلىڭى، 1830 ـ يىلى يۈسۈپ خوجا توپىلىڭى، 1847 ـ يىلى يەتتە خوجا توپىلىڭى، 1857 ـ يىلى ۋەلىخان تۆرە توپىلىڭى قاتارلىق بىر قاتار توپىلاڭلار يۈز بەردى. گەرچە بۇ توپىلاڭلار بىر ـ بىرلەپ بېسىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما مۇشۇ بىر قاتار

توپىلاڭلار نەتىجىسىدە، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى يەنىمۇ خارابلىشىشقا يۈزلەندى. بۇ دەۋرگە كەلگەندە سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەت جىددىي تۈس ئالدى. بۇ زىددىيەتلەرنىڭ تەرەققىياتى دېھقانلار قوراللىق قوزغىلىڭى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئاخىر 1860 ـ يىللاردا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى يۈز بەردى.

بۇ خىل ۋەزىيەت مۇشۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات، جۈملىدىن تارىخ ـ تەزكىرىچىلىكتىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتى. بىر قىسىم ئەدىبلەر، تەزكىرىچى ـ تارىخچىلار ئۆزى ياشاۋاتقان زامان ۋە ماكانغا نىسبەتەن بارغانسېرى دىققەت ـ نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، چوڭقۇر كۆزىتىشكە، سوغۇققانلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلىشقا ۋە ھەققانىي يەكۈنلەرنى چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىۋاستە ھالدا ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ۋە خەلق تۇرمۇشى بىلەن باغلاندى. ئەسەرلەر شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە قارىغاندا بېيىپ، ئەينى دەۋردىكى رېئاللىقنى ئەكس ئەتكۈزدى. بۇ دەۋردە ھوشۇر ئاخۇن غەرىبى 1863 ـ يىلى ياقۇپبەگ ۋە تۇڭگان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى داۋۇد خەلىپە توغرىسىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان «ئەمىر ئالى» دېگەن ئەسەرنى، ھاجى ئابدۇلباقى كاشغەرىي 1865 ـ يىلى قىرغىز ئاقساقىلى سىدىقبەگنىڭ ئەسكەر باشلاپ قەشقەردىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش جەريانى تەسۋىرلەنگەن «سىدىقبەگ ھەققىدە رىۋايەتلەر»نى، نامەلۇم ئاپتور خوتەندىكى ھاجى ھەبىبۇللا خاننىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ ھىجرىيە 1278 ـ يىلى (مىلادىيە 1862 ـ 1863 ـ يىللىرى) خوتەن خەلقىگە باش بولۇپ، خوتەندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش جەريانى بايان قىلىنغان «تەزكىرەئى ھەبىبۇللاخان غازى»نى، موللا شاكىر 1866 ـ يىلى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ

تارىخىغا ئائىت «زەپەرنامە» دېگەن ئەسەرنى، مۇھەممەد ئەلىخان كەشمىرى 1867 ــ 1868 ـ يىللىرى 1860 ـ يىللاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنىڭ ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قانداق قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى، مۇشۇ جەرياندا خەلق تۇرمۇشىغا ئېلىپ كېلىنگەن پاراكەندىچىلىكلەر تەسۋىرلەنگەن «زەپەرنامە» دېگەن ئەسەرنى، موللا قۇربان 1870 ــ 1871 ـ يىللىرى ئىسلام تارىخىدا تۆتىنچى ئىمام دەپ ئاتالغان ئىمامى جەئفەرى سادىقنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىگە بېغىشلانغان «داستانى ئىمامى جەئفەرى سادىق» دېگەن ئەسەرنى، موللا بىلال نازىمى 1875 ـ يىلى «غازات دەر مۈلكى چىن» ناملىق ئەسەرنى، موللا خۇدابەردى خەلپە 1877 ـ يىلى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان «نافاھاتى ئۇنس ۋە سىلسىلەتۇل زەھەب» (ئۇلۇغلۇق خۇش پۇراقلىرى ۋە ئالتۇن زەنجىرلەر) دېگەن ئەسەرنى، سېيىت مۇھەممەد قاشى 1882 ـ يىلى ئىلى خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈلپەتلەر بايان قىلىنغان «شەرھى شىكەستە» ناملىق ئەسەرنى، زاھىد ئاخۇن پازىلباي 1882 ـ يىلى «ئىسكەندەرنامە» دېگەن ئەسەرنى، شائىر ئاسىي «زەپەرنامە» دېگەن ئەسەرنى، موللا ئىبراھىم ئويتۇرى 1889 ـ يىلى مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خوجىلارنىڭ نەسەبى بايان قىلىنغان «شەجەرىل ئىرشاد» دېگەن ئەسەرنى، مۇھەممەد ئۆمەر مەرغىنانى 1890 ـ يىلى ياقۇپبەگنىڭ تارىخىغا دائىر «بەدەۋلەتنامە» دېگەن ئەسەرنى، مۇھەممەد ئەلەم 1894 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 1864 ـ يىلىدىن 1894 ـ يىلىغىچە بولغان ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن «تارىخى كاشغەر» دېگەن ئەسەرنى، باھائۇددىن ئەلەم 1890 ــ 1895 ـ يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭدا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن باشلاپ خوتەندە ھەبىبۇللا خان ھاكىمىيىتى تىكلەنگۈچە بولغان ئارىلىقتا ھەرقايسى جايلاردا بولۇپ ئۆتكەن زور ۋەقەلەر، شۇ جايلارغا ھۆكۈمدارلىق

قىلىپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى، بەزى يۇرتلارنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان «سائادەتۇل ئۇمەرا» (ئەمىرلەرنىڭ سائادەتلىرى) دېگەن ئەسەرنى، مەھمۇد ئەلەم 1897 ـ يىلى «خوتەن تەزكىرىسى»نى، مۇھەممەد ۋەلىد 1898 ـ يىلى ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان «تارىخنامەئى ياقۇپخان» دېگەن ئەسەرنى، تارىخچى موللا مۇسا سايرامى 1885 ـ يىلى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، 1903 ـ يىلى «تارىخى ئەمىنىيە»، 1908 ـ يىلى «تارىخى ھەمىدى» دېگەن ئەسەرنى، يەنە «تەزكىرەتۇل خوجا ئافاق»، «دەربايان ئەسھەبۇل كەھف» دېگەن ئەسەرلەرنى، ھاجى يۇسۇف 1908 ـ يىلى ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىدىن تاكى ئۇنىڭ ۋاپاتىغىچە بولغان ۋەقەلەر سۆزلەنگەن ئىككى توملۇق «جامىئۇل تەۋارىخ» دېگەن ئەسەرنى، ئۇمىدى «جەڭنامە» دېگەن ئەسەرنى، قاسىمبەگ «غۇلجا ۋاقىئاتلىرى بايانى» دېگەن ئەسەرنى، مۇھەممەد سىدىق يەركەندى «غازات ئەل مۇسلىمىن» دېگەن ئەسەرنى، قوربان سوفى سەفەر «تارىخى بەدەۋلەت» دېگەن ئەسەرنى يازدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ۋە تارىخىي ئەسەرلەردىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغانلىرى شائىراخۇن ۋە ئۇنىڭ جۇڭغارلار، مانجۇلار، خوجىلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت «ئىسلامنامە» (1766 ــ 1767 ـ يىللىرى يېزىلغان) دېگەن ئەسىرى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ خوجىلار تارىخىغا ئائىت «تەزكىرەئى ئەزىزان» (1770 ــ 1771 ـ يىللىرى يېزىلغان) دېگەن ئەسىرى، مۇھەممەد ئىمىن سادىر كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ خوجىلار، جۇڭغارلار، مانجۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت «ئەسەر ئەلفۇتۇھ» (1780 ــ 1790 ـ يىللىرى يېزىلغان) دېگەن ئەسىرى، موللا نىياز خوتەنى ۋە ئۇنىڭ بۇددىستلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بايان

قىلىنغان «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا» (1796 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق ئەسىرى، موللا ھاجى ۋە ئۇنىڭ «تەزكىرەتۇل بۇغراخان» (1829 ــ 1830 ـ يىللىرى يېزىلغان) ناملىق ئەسىرى، موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى ۋە ئۇنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (1854 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق ئەسىرى، موللا شاكىر ۋە ئۇنىڭ كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تارىخىغا ئائىت «زەپەرنامە» (1866 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق ئەسىرى، موللا بىلال نازىمى ۋە ئۇنىڭ ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بېغىشلانغان «غازات دەرمۇلكى چىن» (1875 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق ئەسىرى، زاھىد ئاخۇن پازىلباي ۋە ئۇنىڭ «ئىسكەندەرنامە» (1881 ــ 1882 ـ يىللىرى يېزىلغان) دېگەن ئەسىرى، موللا مۇسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە» (1903 ـ يىلى يېزىلغان)، «تارىخى ھەمىدى» (1908 ـ يىلى يېزىلغان) دېگەن ئەسەرلىرىدۇر.

## شائىراخۇن ۋە «ئىسلامنامە»

«شائىراخۇن» دەپ ئاتالغان موللا ئابدۇلئەلىمنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئابدۇلئەلىم ئىبنى ئاخۇن ئارۇز مۇھەممەد بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتى توغرۇلۇق «ئىسلامنامە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بايان بەرگەن: «نە يەرلىك دېسە مۇلكى تۇرپان دەگىز، ئۆزىن شەھرى لۇكچۇندە تۇغقان دەگىز. بۇ كىم خانلارغە بەند فەرمان ئىدۇك، چىقىپ تاغدا قورغاستا تۇرغان ئىدۇك. ئۇچۇلەن ئىدۇك: بىر قىز، ئىككى پىسەر. ئۇچىمىزگە بىر ئەردى مادەر، پەدەر.» شائىر ئاخۇننىڭ بۇ ئەسىرى ھىجرىيە 1180 ـ يىلى (مىلادىيە 1766 ــ 1767 ـ يىللىرى) يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور ئۇنى نامدا ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ئەھمەد خوجىغا

ۋە ئۇنىڭ باللىرى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خان خوجىغا بېغىشلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ ۋە 50 ـ يىللىرىدىكى جوڭغار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ئەھۋالى، جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، ئۇيغۇر فېئوداللىرىنىڭ بۇ كۈرەشلەرگە قاتنىششى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ جوڭغار خانلىقىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇش ئەھۋالىنى ئەسەرنىڭ مەركىزىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن. شائىراخۇن بۇ ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگىنىدە ئۆزى ئاشۇ ۋەقەلەرگە بىۋاستە قاتناشقۇچى سۈپىتىدە قەلەم تەۋرىتىپ، داستانىنىڭ قىممىتى، قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان.

ئەسەر نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان. لېكىن، ئەكس ئەتكۈزگىنى تارىخىي ۋەقەلىك بولۇپ، ئۇنى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان تارىخ دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. شائىر ئەسەردە مەيدانى روشەن ھالدا ئادالەتنى ياقلاپ، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشلەرگە قارشى پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىگەن، جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تىراگېدىيەلىك ئاقىۋەتكە يۈز تۇتقانلىقىنى بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن، خوجا ئەۋلادلىرىدىن بۇرھانىدىن خوجا قاتارلىقلارنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىكى، ئەل ـ يۇرتنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، مېھنەتكەش خەلقنى تالان ـ تاراج قىلغان رەزىللىكلىرى، قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرى توغرىسىدا ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ قەلەم تەۋرەتكەن. ئەل ـ يۇرتنىڭ تەقدىرى، جۇملىدىن ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىك توغرىسىدا باش قاتۇرغان. ئۇ داستانىدا ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقان ئانا تۇپرىقنىڭ قورۇقچىسى، قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇۋاتقان يۇرتداشلىرىنىڭ خەيرخاھچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ تارىخىي ھادىسە ـ ۋەقەلەرنى بېزەپ كۆرسەتمەستىن ئەينەن تەسۋىرلەپ، رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى ئەكس ئەتكۈزگەن④.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ۋە «تەزكىرەئى ئەزىزان»

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ھىجرىيە 1135 ـ يىلى (مىلادىيە 1722 ـــ 1723 ـ يىللىرى) قەشقەردە موللا شاھ ئەلەم ئاخۇنۇم ئىسىملىك بىر دىنىي مۆتىۋەر زاتىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئۆز ئائىلىسىدە ئالغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان «مەدرىسەئى ھامىدىيە»گە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ بۇ يەردە دىنىي بىلىملەردىن سىرت، تارىخ، تىل ـ ئەدەبىيات، ھېساب، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۆز دەۋرىنىڭ تونۇلغان ئالىملىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن. مەدرىسەنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، بىر مەزگىل ياش تالىپلارنى ئوقۇتۇش، ئىلىم مۇتالىئە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان.

مۇشۇ جەرياندا ئالىمنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتى ۋە يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئاۋام ئىچىگە كەڭ تارقالغان. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىنىڭ چوڭقۇر، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭ، ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەينى چاغدىكى قەشقەر ھاكىمى مىرزا ئوسمانبەگ ئۇنى ئوردىسىغا چاقىرتقان ھەمدە ئۇنىڭغا خوجىلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان بىر تەزكىرە يېزىپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلغان. مىرزا ئوسمانبەگنىڭ ئائىنسى رەھىمە ئاغىچىمۇ مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينى يېزىشقا دەۋەت قىلىپ، ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىنلا مۇشۇنداق بىر ئەسەر يېزىش ئىستىكىدە بولۇپ كېلىۋاتقان مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي تېز تۇتۇش قىلىپ، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن كىتابنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېزىپ چىققان. بۇنىڭدىن

بەكمۇ سۆيۈنگەن مىرزا ئوسمانبەگ مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، مىرزىلىقتا سالغان. كېيىن مىرزا ئوسمانبەگ ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا تۇرپانلىق ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر ۋاڭ ئولتۇرغان. ئىسكەندەر ۋاڭمۇ ئىلىم - مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولغاچقا، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ئىلمىي پەزىلىتىگە قاراپ، ئۇنى داۋاملىق ئوردا خىزمىتىدە قالدۇرغان. مۇھەممەد سادىق كاشغەري ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 10 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسى ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد بىننى جەرىر تەبەرىنىڭ ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاكى ئۆزى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئارىلىقتىكى دۇنيانىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭنىڭ تارىخىغا ئائىت «تارىخى تەبەرى» ناملىق ئەسىرىنى ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ دەۋر رېئاللىقىغا ماسلاشتۇرغان ھەمدە مەزمۇن جەھەتتىن بىرقەدەر تولۇقلىغان ئاساستا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەرجىمە قىلىپ چىققان. يەنە ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ داڭلىق ئەسىرى — «تارىخى رەشىدي»نى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئالىم يۇكسەك ئىستېداتى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلەنگەن. دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەردە كامالىغا يەتكەن، تەمكىن، دەل سۆزلۈك، ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل ئويلاپ توغرا بىر تەرەپ قىلىدىغان، ھەممە ئىشتا خەلق مەنپەئەتىنى ئويلايدىغان، قەشقەردىكى داڭلىق ئۆلىمالار ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان بۇ ئالىمنىڭ «موللا مۇھەممەد سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم» دېگەن مۆھۆرى ئادالەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەردە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان.

مۇھەممەد سادىق كاشغەري قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىنىڭ

قازىسى، شۇنداقلا ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئۆلىماسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇردىن بەگ (1830 — 1849 ـ يىللاردا قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان)نىڭ ئىسلاھات ئىشلىرىغىمۇ يېقىندىن ياردەملەشكەن. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن بىنەم يەر ئېچىش ھەيئىتىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، نۇرغۇنلىغان تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېچىپ ۋە كېڭەيتىپ، يەرسىز دېھقانلارنى يەر ـ سۇغا ئىگە قىلغان. زوھۇردىن ھاكىمبەگ ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھاتقا ماسلاشتۇرۇپ، قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن شەھەر سېپىلىنى قايتىدىن سوقتۇرماقچى بولغان. بۇ، زور ئەمگەك كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچ تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق قۇرۇلۇش بولغاچقا، ھەممىلا ئىشتا خەلقنى ئويلايدىغان، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولغان مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي خەلقنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم قاتارلىق بىر قىسىم يۇرت ئۆلىمالىرى بىلەن بىرلىكتە زوھۇردىن ھاكىمبەگكە بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن. بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەن زوھۇردىن ھاكىمبەگ شەھەرنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى باشلىنىشى بىلەنلا شەھەر سېپىلىنى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ تۆرەيارباغدىكى، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇمنىڭ قۇمدەرۋازىدىكى باغلىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن سوقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىش ئارقىلىق ئۇلاردىن ئۆچ ئالغان. بۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەن ئالىم ئۆز خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ ئائىلىسىگە قايتىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىلادىيە 1849 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن (بەزى مەنبەلەردە مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي 1849 ـ يىلى قەشقەردە بولغان بىر قېتىملىق سىياسىي توپىلاڭدا قەتل قىلىنغان دېيىلگەن، بىراق بۇ قاراشنىڭ ئاساسى ئېنىق ئەمەس، شۇڭا بۇنى يەنىمۇ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ).

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ تارىخ ـ تەزكىرە جەھەتتىكى ئىجادىيىتى ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي جەھەتتىن چىنلىققا، بەدىئىي جەھەتتىن مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» (ئەزىزلەر تەزكىرىسى)، «تەزكىرەئى خوجەكان» (خوجىلار تەزكىرىسى)، «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھف» (ئەسھابۇل كەھف تەزكىرىسى)، «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجىنامەئى شاھى» قاتارلىق تەزكىرىلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. ئۇ يەنە ئوتتۇرا ئەسىردە يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن باشلانغان ئەخلاقىي ـ دىداكتىك تېمىدا ئەسەر يېزىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى بېيىتىپ، ئەينى دەۋر جەمئىيەت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ئاساستا «زۇبدەتۇل مەسائىل» (مەسىلىلەر جەۋھىرى)، «ئەدەبۇسسالىھىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى) قاتارلىق ئەخلاقىي ـ دىداكتىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە «قىيايەتۇل بەشەر» (ئادەملەرنىڭ ھەر خىل قىيايەتلىرى)، «رىسالەئى كەسپدار» (كەسپدارلار رىسالىسى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى، شۇنداقلا يەنە «كەشفۇل قۇلۇپ»، «ئىسلام ئاساسلىرى»، «قۇرئان تەفسىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسىرى مەخسۇس خوجىلار تارىخىنى ئەكس ئەتكۈزىدىغان مۇھىم تارىخىي ئەسەر بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بۇ كىتابنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلىدىغان بىرنەچچە خىل قول يازما نۇسخىسى بار. بۇلار رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، يەكەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت

يۇرتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەر 1770 ــ 1771 ـ يىللىرى يېزىلغان بولۇپ، ئەسەر خۇددى كىرىش سۆزىدە ئېيتىلغاندەك، ئەينى دەۋردىكى قەشقەر ھۆكۈمرانى مىرزا ئوسمان بەگ بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى رەھىمە ئاغىچىنىڭ «كاشكى كىمەرسە ھىممەت قىلغايكى، بۇ ئەزىزلەرنىڭ ئەھۋالى ئەۋسافلارىنى بەيان ئەيلەگەي، ئۇلارغا كەلگەن ئەزىم ۋاقىئاتلارنى كىتابەت تەزكىرە قىلغاي ئەردى...» دېگەن ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ۋە مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق ئارزۇسىنىڭ نەتىجىسىدە روياپقا چىققان. ئاپتور ئەسەرنى شىنجاڭدىكى خوجىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بوۋىسى ھېسابلانغان مەخدۇم ئەزەم ھەققىدە خەلق ئىچىدە تارالغان ھېكايەتلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا باشلىغان بولۇپ، گەرچە بۇلار مەلۇم دەرىجىدە رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي پاكىتلارغا خېلىلا ئۇيغۇن بولغان.
مەخدۇم ئەزەم ئەسلىي سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى كاسانغا قاراشلىق دەھبىد دېگەن يەردە تۇغۇلغان بولۇپ، كېيىن تاشكەنتتىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى خوجا ئەھرارنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، كاساندىن تاشكەنتكە بېرىپ شۇ دەۋردىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ داڭلىق پىرى مەۋلانە مۇھەممەد قازىغا مۇرىت بولىدۇ. خوجا ئەھرارنىڭ يېتىلگەن مۇرىتى ۋە ئىزباسارى بولغان مەۋلانە مۇھەممەد قازى ۋاپات بولغاندىن كېيىن نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تەدرىجىي ھالدا ئىگىلەپ، ئۆز ئالدىغا «ئىشانچىلىق»نى تەرغىب قىلىپ، نۇرغۇن مۇرىت توپلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا سوپىزم دۇنياسىدا زور شۆھرەت قازىنىدۇ. مەخدۇم ئەزەم ئۆمرىدە تۆت خوتۇن ئالغان، ئۇلاردىن 13 ئوغۇللۇق بولغان. ئاياللىرىدىن بىرسى قەشقەرلىك بىبىچە دېگەن ئايال بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردىكى «قارا تاغلىقلار»نىڭ سەردارى خوجا ئىسھاق مۇشۇ ئايالدىن تۇغۇلغاندى. مەخدۇم ئەزەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ

خوتۇندىن بولغان ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن (ئىشان كالان ياكى خاجە كالان دەھبىدى) بىلەن قەشقەرلىك ئايالىدىن بولغان خوجا ئىسھاق دادىسىنىڭ دىنىي ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ قاتتىق كۆرەشنى باشلاپ، ئىشان كالان باشچىلىقىدىكى «ئاق تاغلىقلار» بىلەن خوجا ئىسھاق باشچىلىقىدىكى «قارا تاغلىقلار»دىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھنى شەكىللەندۈردى. كېيىن خوجا ئىسھاق ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن يەكەن، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، بىر تەرەپتىن دىنىي تەرغىبات بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شاھزادىلىرىنى ئۆز تەسىرىگە ئېلىپ، بۇ جايلاردا ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئەينى دەۋردىكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئابدۇكېرىمخان (1560 — 1591 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ بەشىنچى ئىنىسى، ئاقسۇ نائىبى مۇھەممەد سۇلتان قاتارلىقلار بۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى. كېيىن خوجا ئىسھاق بۇ جايلاردىن سەمەرقەنتكە قايتىدۇ. ئۇ قايتىشتىن ئاۋۋال ھەرقايسى شەھەرلەرگە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. مەسىلەن، ئۇشتۇر خەلىپىنى قەشقەرگە، خوجا قاسىم خەلىپىنى يېڭىسارغا، ئىبنى يۇسۇف خەلىپىنى خوتەنگە، خوجا شادىنى يەكەنگە ئۆزىنىڭ ئىزباسارى قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

خوجا ئىسھاق ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن خوجا قۇتبىددىن، خوجا شادى، خوجا شەھباز قاتارلىق ئۈچ ئوغۇل قالدۇ. خوجا شادى دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، «قارا تاغلىقلار»نىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، سەئىدىيە خانلىقى ئوردىسىدا زور ئىناۋەتكە نائىل بولۇپ، خانلىقنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقىشقا باشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن «قارا تاغلىق» خوجىلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئېشىپ، خانلىقتىكى ئەڭ ئىمتىيازلىق تەبىقىدىن بولۇپ قالدۇ. ئابدۇللا خان سەئىدىيە

خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلىدە (1638 — 1667 ـ يىللار)، خانلىقنىڭ شەرقىدە، يەنى تۇرپان قاتارلىق جايلاردا دىنىي تەرغىبات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان «ئاق تاغلىقلار»نىڭ كاتتىبېشى مۇھەممەد ئىمىن (ئىشان كالان)نىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجا (ئاپاق خوجا)نى ئەگەشتۈرۈپ خانلىقنىڭ غەربىگە، يەنى قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، بۇ يەرلەردە زور تەسىرگە ئىگە بولغان «قارا تاغلىقلار» بىلەن ئىمتىياز تالىشىش كۈرىشىنى باشلايدۇ ۋە ئابدۇللا خاننىڭ ئوغلى، ئەينى دەۋردە قەشقەرنىڭ نائىبى بولۇپ تۇرۇۋاتقان يولۋاس خاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن تەسىر دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭىيىپ، «قارا تاغلىقلار» بىلەن تەڭ تۇرالىغۇدەك كۈچ بولۇپ شەكىللىنىدۇ. «قارا تاغلىقلار»نىڭ سەردارى خوجا شادى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۇبەيدۇللا خوجا، ئابدۇللا خوجا ئاتلىق ئىككى ئوغۇل قالىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ «قارا تاغلىقلار»نىڭ بازىسى بولغان يەكەننى قولغا كەلتۈرۈشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمەي، داۋاملىق قەشقەرنى بازا قىلىپ، «قارا تاغلىقلار» بىلەن تىركىشىدۇ.

1668 ـ يىلىغا كەلگەندە يولۋاس خان دادىسى ئابدۇللا خاننىڭ تەختىنى تارتىۋېلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى بولىدۇ. «ئاق تاغلىق» خوجىلار يولۋاس خاننىڭ تەختكە چىقىشىدا زور رول ئوينىغان بولغاچقا، خانلىقتىكى تەسىر دائىرىسى زور دەرىجىدە كۈچىيىپ «قارا تاغلىقلار»نىڭ ئورنىنى ئېلىپ، خانلىقتىكى ئەڭ چوڭ دىنىي ۋە سىياسىي كۈچ بولۇپ قالىدۇ ۋە خانلىقنى تىزگىنلەشكە باشلايدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خانلىق تەختىنى ئىسمائىل خان ئىگىلەپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن «ئاق تاغلىقلار»غا زەربە بېرىپ، ئاپاق خوجىنى خانلىق تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «قارا تاغلىق» خوجىلار سەئىدىيە خانلىقىدىكى

هوقۇقنى قايتا ئىگىلەشكە باشلايدۇ. ئۇبەيدۇللا خوجا كىچىك ۋاقتىدىلا ۋاپات بولغاچقا، «قارا تاغلىقلار»نىڭ هوقۇقىنى ئابدۇللا خوجا ئىگىلەيدۇ. ئابدۇللا خوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولغان شۇئەيب خوجا، دانىيال خوجا قاتارلىقلار «قارا تاغلىقلار»نىڭ سەردارى بولۇپ قالىدۇ. بۇ چاغدا قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان ئاپاق خوجا ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ شىنژاڭغا بېرىپ، دالاي لامادىن سەئىدىيە خانلىقىدىكى هوقۇقىنى ئېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ ياردەم سورايدۇ ۋە ئاخىر دالاينىڭ جۇڭغار خانى غالدانغا يېزىپ بەرگەن خېتىنى ئېلىپ جۇڭغارلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ مۇتلەق هۆكۈمرانلىقىنى تۇرغۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. ئۇ جۇڭغار هۆكۈمرانلىرىنىڭ قورچىقى سۈپىتىدە بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەشەددىي رەقىبى بولغان «قارا تاغلىقلار»غا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ سەردارى بولغان شۇئەيب خوجا ۋە دانىيال خوجىنى كەشمىرگە قېچىشقا مەجبۇر قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماي، شۇئەيب خوجىنى هىيلە بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. دانىيال خوجا بولسا «ئاق تاغلىقلار»نىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ سەمەرقەنتكە كېتىدۇ.

ئاپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئايالى خانىم پادشاھ (مۆھتىرەم خېنىم) بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ ئوغلى يەهيا خوجا ئوتتۇرىسىدا هوقۇق تالىشىش كۈرىشى باشلىنىپ، خانىم پادشاھ يەهيا خوجىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئوغلىنى خان قىلىپ كۆتۈرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي خانىم پادشاھمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، سەئىدىيە خان جەمەتىدىن بولغان ئاقباش خان سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىگە كېلىپ، بۇ يەرلەردىكى «ئاق تاغلىق» خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى قانلىق باستۇرىدۇ ۋە ئەينى ۋاقىتتا خوجەنتتە تۇرۇۋاتقان «قارا تاغلىقلار»نىڭ رەهبىرى دانىيال خوجىغا مەكتۇپ يېزىپ ئۇنى يەكەنگە تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىدۇ.

دانىيال خوجا قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى قايتا تىكلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي، پەقەت يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى قايتا تىكلەشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ. گەرچە ئاقباش خان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى بىرمەھەل ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا «ئاق تاغلىق» خوجىلاردىن بولغان يەھيا خوجىنىڭ ئوغلى ئەھمەد خوجا بىلەن بولغان كۆرەشتە مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى يەنە بىر قېتىم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا ھۇجۇم قىلىپ ئەھمەد خوجا ۋە دانىيال خوجىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى تۇتقۇن قىلىپ ئىلىغا ئاپىرىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بولسا جۇڭغارلارغا مايىل كىشىلەرنى بەگ قىلىپ تەيىنلەپ بۇ جايلارغا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدۇ. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ھالدا دانىيال خوجىنى ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، يەكەن قاتارلىق تۆت شەھەرگە خان قىلىپ تەيىنلەيدۇ. غالدان سېرىن جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدىمۇ (1727 ـــ 1745 ـ يىللار) مۇشۇ سىياسەتنى يولغا قويۇپ، دانىيال خوجىنى يەنىلا مۇشۇ شەھەرلەرگە ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

دانىيال خوجا ئۆلگەندىن كېيىن (1735 ـ يىلى) جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى ئۇنىڭ تۆت ئوغلىنى تۆت شەھەرگە، يەنى ياقۇپ خوجىنى يەكەنگە، يۈسۈپ خوجىنى قەشقەرگە، خامۇش خوجا (نىزامىدىن خوجا)نى ئاقسۇغا، ئۇبەيدۇللا خوجىنى خوتەنگە ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇ خوجىلار ھۆكۈم يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە جەمئىيەتتە نىسپىي تىنچلىق ئورنىتىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بىرمەھەل گۈللىنىشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ۋە بارا ـ بارا جۇڭغارلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، بولۇپمۇ

يۇسۇپ خوجا بۇنىڭدا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن (1745 ـ يىلى) جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىدىكىلەر ھوقۇق تالىشىپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قاينىمىغا غەرق بولىدۇ. خوجىلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىدۇ، دەل مۇشۇ چاغدا بۇ ھەرىكەتنىڭ يولباشچىسى بولغان يۇسۇپ خوجا كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە مەغلۇپ بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە بېيئەت قىلغان جۇڭغار ئاقسۆڭەكى ئامۇرسانا چىڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ جۇڭغار خانلىقىنى يوقىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىلىدا تۇتقۇنلۇقتا تۇرۇۋاتقان «ئاق تاغلىق» ئەھمەد خوجىنىڭ ئىككى ئوغلى ــ بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھاننى ئازاد قىلىپ، ئۇلارنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا يۇرۇش قىلىش قوشۇنىغا باش قىلىدۇ. ئۇلار يەكەن، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بارغاندىن كېيىن مانجۇلارغا قارشى چىققان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە مەغلۇپ بولۇپ ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلىدۇ. مانا بۇلار «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدۇر[5].

ھازىر «تەزكىرەئى ئەزىزان» بىلەن «تەزكىرەئى خوجەكان» نىڭ بىر ئەسەر ياكى ئەمەسلىكى ھەم قايسىسىنىڭ بالدۇر يېزىلغانلىقى ئۈستىدە بەزى ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، «ئاپتورنىڭ ‹تەزكىرەئى خوجەكان› ناملىق ئەسىرى ‹تەزكىرەئى ئەزىزان› نىڭ كېڭەيتىلگەن ۋە تېخىمۇ تولۇقلانغان نۇسخىسى بولۇپ، ئاپتور بۇ ئەسىرىدە خوجىلارنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى بايان قىلىش بىلەن بىللە ‹تەزكىرەئى ئەزىزان›دا بايان قىلىنمىغان خوجىلارغا ئائىت ۋەقەلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ بايان قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ‹تەزكىرەئى خوجەكان›نى مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن

‹تەزكىرەئى ئەزىزان›نىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدۇ»⑥. 1857 ـ يىلىدىن 1859 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەرگە سەپەر قىلغان چوقان ۋەلىخانوف بۇ ئەسەرنىڭ قول يازما نۇسخىسىنى قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىپ: «ئىشىم ئوڭغا تارتىپ مەن يەنە ‹تەزكىرەئى خوجەكان› ناملىق بىر قول يازمىنى تېپىۋالدىم، بۇ قول يازمىدا خوجىلار تارىخى بايان قىلىنىدۇ، خوجىلار 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇددىست ئويراتلارنىڭ ياردىمىدە چىڭگىز ئەۋلادلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ كىچىك بۇخاراغا ھۆكۈمران بولغانلار ئىدى. بۇ ئەسەر 1759 ـ يىلى مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ يەكەننى ئىشغال قىلىشىغىچە بولغان ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن⑦.

«تەزكىرەئى ئەزىزان»نىڭ مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ئەسەر سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مىرزا ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخى رەشىدىي»، شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ «تەۋارىخ» ناملىق ئەسەرلىرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن، شىنجاڭ تارىخى ھەققىدە خېلىلا كەڭ مەلۇمات بېرىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. جۈملىدىن، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى تۇغلۇق تېمۇرخان تەختكە چىققان ۋاقىتتىن (1347 ـ يىلى) تارتىپ 1533 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى ئابدۇرەشىد خان تەختكە چىققان ۋە ئۆزى ئىككىنچى قېتىم كەشمىرگە بارغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە مول مەلۇمات بەرگەن. شاھ مەھمۇد جۇراس ئۆزىنىڭ «تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە 1428 ـ يىلىدىن 1670 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدىكى موغۇل ۋە سەئىدىيە خانلىرىنىڭ تارىخىنى، ئاساسلىقى ئابدۇكېرىم خاندىن ئەڭ ئاخىرقى خان مۇھەممەد ئىمىن خانغىچە بولغان 120 يىلدىن كۆپرەك تارىخنى نۇقتىلىق

بايان قىلغان. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي بولسا ئۆزىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن ئەسىرىدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ناھايىتى مۇرەككەپ 80 يىللىق تارىخنى يورۇتۇپ بەرگەن.

بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «تەزكىرەئى ئەزىزان» گەرچە تارىخىيلىق ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، يەنىلا بىر قىسىم نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس. ئەسەردە ئاپتور ئىسھاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى توغرىسىدىكى بەزى بايانلىرىدا، ئۇلارغا بولغان مايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئەۋلىيا تەرىقىسىدە تەسۋىرلىگەن. مەسىلەن، «بۇ ھەزرەتى ئۇشتۇر خەلىفەم مەردى پۇزرە، قەۋىي چال، نەچچەندە مۇرىد تەربىيەت قىلغان خەلىفەئى كىبارىدىن ئەردىلەر، غۇرۇر ھەيۋەت بىلە خانىنىڭ ئارقاسىدىن راۋان بولدىلەر. بارىپ ئول جەمئىنىڭ ھوزۇرىدە ھەزرەتى سۇلتان ئەلق ئاتانىڭ مۇبارەك قەبرەلەرىگە مىنىپ، قول - ئاياغلەرى بىرلە دەبىتىملەر، خان باشلىق ھەممىلەر كۆرۈپ ۋەھشەتكە قالدىلەر. شول ھالەتتە بىر ئەژدەرھا نامايان بولدى. خەلىفەمگە ھەملە قىلدى. خەلىفەم شەمشەر ھاۋالە قىلغاي. شول ئەسنادە ھەزرەتى ئىشان خاجە ئىسھاق ۋەلى يېتىپ كېلىپ، شەمشەر بىلەن ئەژدەرھانى ئىككى پارە قىلدىلەر، خان باشلىغ ھەممىلەر بۇ سىرنى كۆزى بىلە كۆرۈپ، گىريان نالان تەقسىر گويان ھەزرەتى ئىشاننىڭ مۇبارەك قەدەملىرىگە يىغىلدىلەر. تەمام ئەھۋال ئەشيالەرنى ھەم شەھەرلەرنى نىياز قىلىپ، ئىمان ئىنايەت تازە ئەيلەدىلەر». ئەسەردە يەنە مەخدۇم ئەزەم قاتارلىق بىر قاتار ئوبرازلارمۇ بىر خىل ئەپسانە - رىۋايەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسەردە يەنە ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي مۇھىتىدا ئەۋج ئالغان تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيەۋى خاھىشى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن، بۇ ھالنى ئەينى دەۋر چەكلىمىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئومۇمەن، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئى

www.uyghurkitap.com

ئەزىزان» ناملىق ئەسرى ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىدە ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، زور تارىخىي ۋە ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن «تارىخى رەشىدىي»، «تەۋارىخ» قاتارلىق ئەسەرلەر بىلەن بىر قاتاردا بىزگە 17 ـ ئەسىردىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر، بولۇپمۇ خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى ھەققىدە ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي مەلۇمات بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزگە خاس بولغان بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بىلەن بىزنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى تەزكىرىچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشىنىشىمىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## مۇھەممەد ئىمىن سادىر كاشغەرىي ۋە «ئەسەر ئەلفۇتۇھ»

مۇھەممەد ئىمىن سادىر كاشغەرىي قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كېيىن سەمەرقەنتتە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ خوجىلار، جۇڭغارلار، مانجۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت «ئەسەر ئەلفۇتۇھ» دېگەن ئەسىرى 1780 ـــ 1790 ـ يىللىرى سەمەرقەنتتە يېزىلغان. ئەسەردە 18 ـ ئەسىردە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر چىنلىق بىلەن ناھايىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. جۈملىدىن، 18 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچىيىپ غەربتىكى جۇڭغار خانلىقى بىلەن توقۇنۇشقانلىقى، شۇ مەزگىللەردە جۇڭغارلار مانجۇلارنىڭ غەربكە قاراتقان بويسۇندۇرۇش ھەرىكىتىدىكى ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى بولۇپ قالغانلىقى، ۋاھالەنكى مانجۇلارنىڭ 60 يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇشتا ئاساسەن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقى، كېيىن جۇڭغارلارنىڭ

ئىچكى قىسمىدىكى دەھشەتلىك تەخت تالىشىش كۈرىشىنىڭ جۇڭغار خانلىقىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنلىكى، بۇ كۈرەشكە ئۇيغۇرلار بىلەن قازاقلارنىڭمۇ ئىككى تەرەپ بولۇپ ئارىلاشقانلىقى، بۇنىڭدىن پايدىلانغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەرھال جۇڭغار خانلىقىغا قارشى قوشۇن چىقىرىپ، جۇڭغارلارنى مەغلۇپ قىلىپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى ئىگىلىگەنلىكى، بۇ جەرياندا ئاپاق خوجا ئەۋلادى بولمىش ئەھمەد خوجىنىڭ ئىككى ئوغلى ــــ بۇرھانىدىن خوجا ۋە خوجا جاھانىنىڭ مانجۇلارغا ياردەملىشىپ جۇڭغارلارنى يوقىتىش ئۇرۇشىغا ئاكتىپ قاتناشقانلىقى ۋە ئەمەلىيەتتە ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغانلىقى، شۇنداقلا 15 مىڭ جۇڭغارنى مۇسۇلمان قىلغانلىقى، كېيىن ئۇلارنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بېرىپ ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، يەكەنلەردە يىلتىز تارتىۋالغاندىن كېيىن، مانجۇلارغا داۋاملىق بېقىنىشنى رەت قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى، بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلارغا قارشى قوشۇن چىقىرىپ، يەرلىك ئۆكتىچى بەگلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى، ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنىڭ قېچىپ بەدەخشانغا بارغاندا ئاخىر بەدەخشان ھۆكۈمرانى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ كاللىسىنىڭ مانجۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەنلىكى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئاپتور بۇ ۋەقەلەرنى تەسۋىرلىگىنىدە ئۆزى بىۋاسىتە قاتناشقۇچى سۈپىتىدە قەلەم تەۋرىتىپ، ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشلەرگە قارشى پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تىراگېدىيەلىك ئاقىۋەتكە يۈز تۇتۇشى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زور نەپ ئېلىشى، خوجا ئەۋلادلىرىدىن بۇرھانىدىن خوجا ۋە خوجا جاھانلارنىڭ ئەل ـ يۇرتقا زور بالايىئاپەت كەلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا ئادىللىق بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ ئەسەر شائىر ئاخۇننىڭ «ئىسلامنامە»، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئى

ئەزىزان» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا 18 ـ ئەسىردىن كېيىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەر، يەنى جۇڭغار خانلىقىنىڭ كۈچىيىشى ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغار خانلىقىنى يوقىتىشى، چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ بۇ كۈرەشلەرگە قاتنىشىشى ۋە ئاخىرىدا ھالاك بولۇشى ھەققىدە ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەردۇر⑧.

## موللا نىياز خوتەنى ۋە «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا»

موللا نىياز خوتەنى 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خوتەندە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدا ئېنىق ۋە تولۇق مەلۇمات ساقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا» دېگەن ئەسىرىدىكى «ئانا مۇلكۇم خوتەن ئاتا تاغى، تۆرت ئىماملارىم نىيازى مەن داغى. تۇفراغىم ئۇشبۇ ئاستانەدىندۇر، نەسەبىم ئۇشبۇ ئاشىيانەدىندۇر... قىرىق ياشىغە ئاتام يېتىپ ئەمدى، يوق ئىكەن ئەمما ھېچ فەرزەندى... ئاقىبەت بىر كۈنى تۇغۇلمىشمەن، بىر نەھىف ھەم زەئىف ئوغۇلمىشمەن... قويۇپ ئېركەن ئاتىمنى موللا نىياز، مېنى قىلمىش ئىماملارىمغە نىياز. بەردى مەكتەبكە تۆرت ياشىمدا، ئاتام ئېردى ھەمىشە قاشىمدا... ياشىم ئالتە ـ يەتتىگە يەتمىش، بىۋاپا دۇنيادىن ئاتام كەتمىش» دېگەن مىسرالاردىن شائىرنىڭ ئەجدادىدىن تارتىپ خوتەندە ياشاپ كەلگەنلىكىنى، ئاتىسىنىڭ 40 ياشقىچە پەرزەنت كۆرمەي كېيىن پەرزەنت كۆرگەنلىكىنى، شائىر تېنى ئاجىز راق تۇغۇلغانلىقتىن ئادەت بويىچە ئىماملارغا بەخشەندە قىلىپ ئىسمىنى موللا نىياز قويغانلىقىنى، شۇنداقلا شائىر ئالتە ـ

يەتتە ياشلارغا كىرگەندە ئاتىسى ۋاپات بولۇپ يېتىم قالغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.
شائىرنىڭ مول تارىخي بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدىغان، 1796 ــ 1797 ـ يىللىرى نەزم بىلەن يېزىپ چىققان «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا» دېگەن ئەسىرى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خوتەن خانلىقى بىلەن قىلغان دىنىي ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئىمام نەسىرىددىن، ئىمام زوھۇرىددىن، ئىمام مۇئىددىن، ئىمام قەۋمىددىن قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ پائالىيىتى ھەققىدىكى تەزكىرە بولۇپ، ئەسەردە قاراخانىيلارنىڭ خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن قىلغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشىدا (998 ـ يىلى) مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ قادىر خاننىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن تۆت ئىمامنىڭ 140 مىڭ پىدائىي توپلاپ مەۋرائۇننەھىردىن قەشقەرگە كەلگەنلىكى ھەم شەھەرنى تىنچلىق بىلەن ئالغانلىقى، ئاندىن خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ خوتەن بۇددىست قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرى ئاكا ـ ئۇكا جوقتى رەشىد ۋە نوقتى رەشىد بىلەن قاتتىق سوقۇشقانلىقى، ئاخىرىدا تۆت ئىمامنىڭ ۋە بارلىق پىدائىيلارنىڭ شېھىت بولغانلىقى، پەقەت بىرلا كىشىنىڭ ئامان قېلىپ، بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى يۈسۈپ قادىر خانغا يەتكۈزگەنلىكى، يۈسۈپ قادىر خاننىڭ ماتەمدار بولۇپ ھازا ئاچقانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر دىنىي تەرزدە بايان قىلىنغان. گەرچە بۇ دىنىي قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە يېزىلغان ئەسەر بولسىمۇ، شائىر سوپىزم ئېتىقادچىسى بولۇشىغا قارىماستىن، ۋەقەلەرنى رېئال ئاساستا خىلمۇ خىل ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن جانلىق بايان قىلىش ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخي چىنلىقنى ئەكس ئەتكۈزگەن. بۇ ئەسەر تارىخي ۋە ئەدەبىي جەھەتتىكى قىممىتى بىلەن كەمدىن ـ

كەم تېپىلىدىغان يادىكارلىق سۈپىتىدە قاراخانىيلار تارىخىنى، بولۇپمۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خوتەن خانلىقى بىلەن قىلغان دىنىي ئۇرۇشلىرىنى چۈشىنىشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە⑨.

## موللا ھاجى ۋە «تەزكىرەتۇل بۇغراخان»

موللا ھاجى 19 ـ ئەسىردە قەشقەردە ياشاپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ھاياتىدا تارىخقا دائىر بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. «تەزكىرەتۇل بۇغراخان» موللا ھاجىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن بىرسى بولۇپ، 1829 ـــ 1830 ـ يىللىرى يېزىلغان. ئەسەر جەمئىي تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن، بىرىنچى قىسىم (مۇقەددىمە)دا سامانىيلار خانلىقىنىڭ (870 ـــ 1000 ـ يىللار) شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى قەشقەرگە كېلىپ سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خاننى ئىزدەپ تاپقانلىقى ھەم ئۇنى مۇسۇلمان قىلىش جەريانى بايان قىلىنغان؛ ئىككىنچى قىسىم (بىرىنچى باب)دا ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ دالالىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ تاكى ۋاپات بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر خىل پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش، كېڭەيتىش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھېكايە قىلىنغان؛ ئۈچىنچى قىسىم (ئىككىنچى باب)دا سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىدىن ھەسەن بۇغراخان، ھۈسەيىن بۇغراخان، سەيىد ئەلى ئارسلانخان، يۈسۈپ قادىر خانلارنىڭ بۇددىستلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش يولىدا ئېلىپ بارغان غازاتلىرى بايان قىلىنغان؛ تۆتىنچى قىسىم (خاتىمە)دا

يۇسۇپ قادىر خاننىڭ بۇددىستلارنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن مەدايىنغا بېرىپ ئىمام نەسىرىددىن، ئىمام زوھۇرىددىن، ئىمام مۇئىددىن، ئىمام قەۋمىددىن قاتارلىق تۆت ئىمامنى باشلاپ كەلگەنلىكى ھەم ئۇلارنىڭ ياردىمىدە بۇددىستلارنى تەلتۆكۈس ئىسلامغا كىرگۈزگەنلىكى بايان قىلىنغان.

مۇئەللىپ ئۆز كىتابىنى نېمە ئۈچۈن تۆت قىسىمغا بۆلگەنلىكىنى «ئادەم ۋۇجۇدى تۆت ئاناسىردىن تەركىپ تاپقاندەك، بۇ مەجمۇئەنىمۇ تۆت جۇزئىي بىلەن، يەنى بىر مۇقەددىمە، ئىككى مۇتالىئە ۋە بىر خاتىمە بىلەن تاماملىدىم» دەپ ئىزاھلىغان. دېمەك، بۇ كىتاب تۆت ئاناسىرغا تەقلىد قىلىنغان كومپوزىتسىيە شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىنى تەرتىپلىك، سىستېمىلىق، مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشقان.

مۇئەللىپ كىتابىنىڭ ئىككىنچى بابىدا بۇ ئەسەرگە نېمە ئۈچۈن «تەزكىرەتۇل بۇغراخان» دەپ ئىسىم قويغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇ تارىخقا سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خاندىن باشقا يەنە ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان غازى، ھەزرىتى سەيىد ئەلى ئارسلانخان غازى ۋە ھەزرىتى يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ ئىسىم ـ شەرىپلىرىنى كىرگۈزۈشنى كۆزلەپ ‹تەزكىرەتۇل بۇغراخان› دەپ نام قويدۇم» دېگەن، شۇنداقلا بۇنى ئۆز خاھىشى بىلەن ئەمەس، باشقىلارنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ: «بۇنى مەن پەقىر، كەم سالاھىيەت، ئاجىز موللا ھاجىدىن تەلەپ قىلدى، مەن بۇ ئىلتىماسنى ئۈستۈن بىلىپ ۋە ماقۇل كۆرۈپ، ھەزرىتى بۇغرا خانلار تارىخىغا ئائىت كىتابلاردىن، ئۆزگە كىتابلار ۋە تەزكىرىلەردىنمۇ راست رىۋايەتلەرنى جەمئىي قىلدىم» دېگەن.

بۇ ئەسەر بۇغرا خانلارغا ئائىت تەزكىرىلەر ئىچىدىكى بىرقەدەر مۇكەممەل ئەسەر بولۇپ، تەزكىرىچىلىكنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ[10].

# مۆجىزى ۋە «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) خوتەن شەھىرىدە ئۆتكەن موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى تەرىپىدىن مىلادىيە 1854 ـ يىلى يېزىلغان. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزىنىڭ هاياتى توغرىسىدا هازىرچە ئۇنىڭ ئۆز ئەسىرىگە يېزىلغان بايانلاردىن باشقا مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز، بىراق ئەسەردىكى ماتېرىياللارنىڭ ئۆزىمۇ مۆجىزىنىڭ ئوبرازىنى خېلى روشەن هالدا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

مۆجىزى ئۆز رىسالىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بۇ رىسالىنى يېزىش ئۈچۈن «تارىخى رەشىدىي»، «تارىخى تەبەرى»، «تارىخى رەۋزەتۇسسەفا» (ساپالىق باغ تارىخى)، «تارىخى هۆكۇما» (دانىشمەنلەر تارىخى)، «تارىخى ئەجەم»، «تارىخى ئەرەب» قاتارلىق ئەتىۋارلىق ئەسەرلەردىن پايدىلانغانلىقىنى هەم زور ئالىم، مۇزىكا ئۇستازلىرىدىن فىساغورۇس (پىفاگور)، فارابى، پەهلىۋان مۇهەممەد كۆشتىنگىر، ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق پىر ـ ئۇستازلارنىڭ بۇ پەن هەققىدە يازغان كىتاب ۋە رىسالىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز قۇدرىتى، قابىلىيىتىگە مۇۋاپىق بۇ رىسالىنى يېزىپ، ئالەم خەلقىگە سوۋغات قىلغانلىقىنى، بۇ رىسالىگە «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) دەپ ئات قويغانلىقىنى ناهايىتى ئېنىق قىلىپ بايان قىلىدۇ. بىز بۇ بايانلاردىن ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن مەلۇماتلىق بىر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ــ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى، بولۇپمۇ مۇزىكا تارىخى ۋە ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇهىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئەسەر بولۇپ، كىتاب قۇرۇلما

جەھەتتىن تەبىئىي ھالدا مۇنداق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن:

ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى ئاللا ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرگە بولغان مەدھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىككىنچى قىسمى مۆجىزىنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «بىرەر ناخشا، مۇقام ئىجاد قىلغان ياكى بىرەر چالغۇ ئەسۋابى ياسىغان، ياكى بولمىسا بۇ ئىلىم توغرىسىدا بىرەر رىسالە يېزىپ داڭ چىقارغان» 17 نەپەر مۇزىكشۇناسنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا فىساغورۇس، ئەبۇ نەسىر فارابى، مەۋلانە ئەلى، خوجا شاھابىدىن، ئابدۇللا مەرۋايىت، ئابدۇراخمان جامى، نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋايى، مۇھەممەد خارەزمى، نامان سەمەرقەندى، مەۋلانە ساھىپ بەلخى، شەيىخ سەپايى سەمەرقەندى، قىدىرخان يەركەندى، پەھلىۋان مۇھەممەت كۈشتىنىگىر، مەۋلانە لۇتفى، يۈسۈپ سەككاكى، ئامانىسا خېنىم قاتارلىقلارنىڭ تارىخى، مۇزىكا ئىلمىغا قوشقان تۆھپىسى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ تالانت ۋە ماھارىتىگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرىلگەن. ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، بۇنىڭدا بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن بىرقانچە ئاتاقلىق شائىر ۋە ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قىسمى خاتىمە بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ كىتاب كىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قاچان، قەيەردە، نېمە ئۈچۈن يېزىلغانلىقى ۋە مۇئەللىپنىڭ كىتابنىڭ تەشەببۇسچىسى ئەلىشىر ھېكىم بەگكە بولغان مىننەتدارلىقى بايان قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇئەللىپ بۇ قىسىمدا مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئۇستازلىرى ھەر ئەسىر، ھەر شەھەردە يۈزلەپ، بەلكى مىڭلاپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئەھۋالىنى بۇ قىسقا رىسالىگە سىغدۇرۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، پەقەت ئۇنىڭدىن بىرەر ناخشا، مۇقام ئىجاد قىلغان ياكى چالغۇ ئەسۋابى ياسىغان، ياكى بولمىسا مۇزىكا ئىلمى توغرىسىدا بىرەر رىسالە يېزىپ داڭ چىقارغانلارنى

يازغانلىقىنى ئەسكەرتىش ئارقىلىق، بۇ كىتابنىڭ مەشھۇر مۇزىكانتلار تارىخىغا بېغىشلانغان قىممەتلىك كىتاب ئىكەنلىكىنىمۇ ئىپادە قىلغان.

مۆجىزى قىدىرخان يەركەندى ھەققىدە: «بۇ پەننىڭ ئون ئۈچىنچى پىرى قىدىرخان يەركەندىدۇر. بۇ پەندە بۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز، بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى. ئالەم ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك خۇش ئاۋاز ئادەم بولمىغان، دېيىشكە بولىدۇ. ئىراقتىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن، خارەزم، سەمەرقەنت، ئەنجان، ئىستانبۇل، كەشمىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى. راۋابنى ۋە ھەشتتار (سەككىز تارلىق بىر خىل چالغۇ)نى بۇ ئەزىز كەشىپ قىلدى. ئۇ يەنە شائىر ئىدى، ‹دىۋان قىدىرى› (قىدىرخان شېئىرلىرى توپلىمى) ناملىق كىتابى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. جەندە ـ كۇلاھ كىيىپ يۈرەتتى، داڭلىق سۇلتان ئابدۇرەشىد خان غىزادىمۇ، يېتىپ ـ قوپۇشتىمۇ قىدىر خاندىن ئايرىلمايتتى. قىدىر خان ‹ۋىسال› ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇ ئابدۇرەشىد خان پادىشاھتىن ئىككى يىل كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى» دەپ يازىدۇ.

مۆجىزىنىڭ فېئوداللىق دىنىي چەكلىمىلەر، بولۇپمۇ تەرىقەتچىلىكنىڭ چەكلىمىلىرى تۈپەيلى تارىختا كۆمۈلۈپ قالغان شائىرە ۋە كومپوزىتور ئامانىساخان نەفىسىنى تارىختىكى 17 نەپەر مۇزىكا پىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، زور ھۆرمەت بىلەن تونۇشتۇرغانلىقى ئۇنىڭ يەنە بىر زور تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەسىرىدە ئامانىساخان نەفىسىنى: «ئون يەتتىنچى پىرى مەلىكەئى ئامانىسا خېنىم ئىدى، بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىد خاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى

بولۇپ، ‹دىۋان نەفسى› ناملىق شېرىن بىر كىتابنى يازغانىدى. خەتتاتلىقتا ئۈستۈن ماھارەتكە ئىگە ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغانىدى... بۇ مەلىكە 20 يىل نىكاھىدا تۇردى. خۇدايىتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغانىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. خوتۇن - قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا ‹ئەخلاقىي جەمىلە› (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتابنى يازدى، شائىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاب ئاز. ‹ئىشرەت ئەنگىز› (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى... بۇ مەلىكە 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان...» دەپ يازىدۇ⑪.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» خۇددى ئاپتورنىڭ ئۆزى باھالىغىنىدەك «مۇزىكانتلار تارىخى بويىچە يېگانە بولغان»، شۇنداقلا ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بىزنى خېلى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغان تارىخىي قىممىتى يۇقىرى ئەسەر بولسىمۇ، بىراق ئاپتور ئۇنى يېزىش جەريانىدا بەزى نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغان. بولۇپمۇ، تارىخ بىلەن ئەپسانە - رىۋايەتنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. مەسىلەن، نەينىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى جەمشىتنىڭ خوتۇنى مەلىكە دىلسۆزگە، داپنىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ دىۋىلىرىگە باغلاپ قويغان. كۆپىنچە ئىسلام تارىخچىلىرىغا ئوخشاش، ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ۋە مۇزىكىنىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ھام، سام، يافەس توغرىسىدىكى دىنىي رىۋايەتلەرگە تاقاپ قويغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ كىتاب ھېلىھەم كەمدىن - كەم تېپىلىدىغان قىممەتلىك بىر تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدە پايدىلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. مۆجىزى ئۆز ئەسىرىدە تونۇشتۇرغان 17 نەپەر مۇزىكا پىرى ئىچىدە ئۇنىڭ قىدىرخان يەركەندى بىلەن

ئامانىنسا خان نەفسى توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بۇ شەخسلەر توغرىسىدىكى تۇنجى يازما مەلۇمات ھېسابلىنىدۇ.

## شائىر ئاسىي ۋە «زەپەرنامە»

«زەپەرنامە» داستانى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىدىكى دىققەتكە سازاۋەر مىراسلاردىن بىرىسىدۇر. بۇ داستاننىڭ ئاپتورى شائىر ئاسىينىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت يېتەرلىك مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز، ھەتتا شائىرنىڭ ئىسمى ھەققىدىمۇ ئېنىق مەلۇمات يوق. «ئاسىي» ــ شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر.

شائىر ئاسىينىڭ قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى ۋە قەيەردە ياشىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئەمما داستاندىكى مەلۇماتلارغا قاراپ، ئۇنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. شائىرنىڭ زامانىنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن ئۆز يۇرتىدا تۇرالماي، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەن بىر شەخس ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. داستاندىكى مەلۇماتلاردىن ئۇنىڭ ئەسلىي يۇرتى يەكەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قاراشقا كەلگىلى بولىدۇ. چۈنكى، شائىر داستاندا يەكەننى كۆپرەك تىلغا ئالغان، داستان ۋەقەلىكىنىمۇ يەكەندە تۇرۇپ ئاڭلىغان ۋە كۆزەتكەن قىياپەتتە يازغان.

ئاسىينىڭ «زەپەرنامە» داستانىدا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق خەلقلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسى يۈرگۈزگەن زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيەگە قارشى كۆتۈرگەن قوراللىق قوزغىلىڭى ۋە بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ياقۇپبەگ تەرىپىدىن باستۇرۇلۇشى، ياقۇپبەگنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن خەلق ئۈستىگە سالغان

زۇلۇملىرى، ئاقىۋەتتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياقۇپبەگنى يوقىتىپ، شىنجاڭنى قايتا قولغا ئېلىشى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

شائىر بۇ داستاندا باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، ئەزگۈچىلەر ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلغان، چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ قوزغىلاڭ پارتلاشتىن بۇرۇنقى خەلققە سالغان زۇلۇم ـ كۈلپەتلىرىنى، خەلقنىڭ زۇلۇم ـ كۈلپەتكە چىدىماي ئۆز يۇرتىدىن ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭمۇ هوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ ئاھۇ ـ زارى بىلەن قىلچە كارى بولماي كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلىپ خەلقنى ئەزگەنلىكىنى، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىنمۇ زۇلۇم ـ كۈلپەتتىن قۇتۇلالمىغان خەلقنىڭ ئاخىر قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، قوزغىلاڭدىن كۆڭلى سوۋۇپ تۇرغان مەزگىلدە، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ياقۇپبەگنىڭ قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ هوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ باشتا ئۆزىنى ئادىل، رەھىم ـ شەپقەتلىك قىلىپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، هاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن خەلقنى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق زۇلۇمغا دۇچار قىلغانلىقىنى هەققانىي مەيداندا تۇرۇپ بايان قىلغان.

ئومۇمەن، «زەپەرنامە» داستانى ئۆزىنىڭ تارىخىي، بەدىئىي قىممىتى بىلەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەھۋالىنى بىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك ماتېرىيال هېسابلىنىدۇ[12].

## موللا بىلال نازىمى ۋە «غازات دەرمۇلكى چىن»

1860 ـ يىللىرىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بېغىشلانغان «غازات دەرمۇلكى چىن» ناملىق داستاننىڭ ئاپتورى

شائىر موللا بىلال نازىمى تەخمىنەن ھىجرىيە 1243 ــ 1246 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1828 ــ 1831 ـ يىللار) ئارىلىقىدا غۇلجا شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە موللا يۈسۈپ ئىسىملىك بىر ئوقۇمۇشلۇق كەمبەغەل ھۈنەرۋەن (موزدۇز) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ دىنىي مەلۇماتنى ئاتىسىدىن ئالغان. تەخمىنەن 10 ــ 11 ياشلارغا كىرگەندە ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئاكىسى جالالىدىنىنىڭ تەربىيەسىگە قالغان. جالالىدىن ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كېسەل ئانىسى بىلەن ئىنىسىنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالغاندىن تاشقىرى، ئىنىسىنى ئوقۇتۇپ ئۆزىگە ئوخشاش بىلىملىك، ئىلىم ـ مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتا ھەرقانچە قىيىنالغىنىغا قارىماي بىلالنى غۇلجا «ئالتۇنلۇقۇم» (تۇغلۇق تېمۇرخان مازارى) يېنىدىكى بەيتۇللا مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا بەرگەن. موللا بىلال بۇ يەردە 11 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا «ئىلكىدە زەر، ئەڭلىدە تون بولمىغان»لىقىغا قارىماي، «پەقىر ۋە ھەقىر» چىلىقنىڭ بارلىق قىيىنچىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەندىن باشقا، شەرق ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، مول بىلىمگە ئىگە بولغان.

شائىر تاكى ئىلى قوزغىلىڭى پارتلىغۇچە بولغان ئارىلىقتا غولجا شەھىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ بىرىسىدە ئىماملىق قىلغاچ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1864 ـ يىلى ئىلى خەلقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىپ چىققاندا، شائىر موللا بىلالمۇ خەلقپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قولىغا قورال ئېلىپ، ئاكىسى جالالىدىن بىلەن بىللە بۇ قوزغىلاڭغا پائال قاتناشقان. لېكىن، ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، باياندىي قەلئەسىنى ئېلىش ئۈچۈن بولغان جەڭدە ئۇ سۆيۈملۈك

ئاكىسىدىن ئايرىلغان.

1867 ـ يىلى ئىلى قوزغىلىڭى غەلىبە قىلىپ، ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلۇپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، ھۆكۈمرانلار ئارىسىدا باشلانغان ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشى ئەڭ ئەۋجىگە چىققانلىقتىن، پۇرسەتتىن پايدىلانغان چارروسىيە 1872 ـ يىلى ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئىلى رايونىنى بېسىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلى سۇلتانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، بارلىق ھاكىمىيەت ھوقۇقى چارروسىيەنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. ھەسرەت ـ نادامەتتە قالغان شائىر 1875 ـ يىلى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باش تېما قىلغان «غازات دەرمۇلكى چىن» (چىن مەملىكىتىدە بولغان مۇقەددەس ئۇرۇش) دېگەن داستاننى يېزىپ چىقىدۇ.

ئاپتور نەزم ۋە نەسر ئارىلاش شەكىلدە يازغان 6000 مىسرادىن كۆپرەك ھەجىمدىكى بۇ ئەسەردە ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبلىرىنى، جەريانلىرىنى، ئاساسلىق شەخسلەرنى ۋە قوزغىلاڭنىڭ نەتىجىلىرىنى بايان قىلغان. بۇ ئەسەر بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەينەن ئەكس ئەتكۈزۈشتە يۇقىرى دەرىجىدىكى چىنلىققا ئىگە بولۇپ، ئاپتور ئەسەردە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ رولى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا بىرەر تارىخىي شەخسنى ئەمەس، بەلكى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇقنىڭ مەنبەسى، بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان خەلق ئاممىسىنى ئاساسىي قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى قىزغىن مەدھىيەلىگەن ۋە ئۇنىڭغا يۇكسەك باھا بەرگەن.

ئەسەردە ئاپتور يەنە قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۇستىدىمۇ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان: بىرىنچىدىن، باشباشتاقلىقنىڭ باش كۆتۈرۈپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىتتىپاقلىقىنىڭ بۇزۇلۇشى، ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش زىددىيەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى قوزغىلاڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ بىر سەۋەبى دەپ قارىغان، شۇڭا بۇ جەھەتتە چوڭقۇر ئەپسۇسلانغان؛ ئىككىنچىدىن، چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى قوزغىلاڭنى ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى دەپ قارىغان، شۇڭا بۇنىڭدىن چەكسىز غەزەپلەنگەن.

تالانتلىق شائىر موللا بىلال نازىمى «غازات دەرمۇلكى چىن» ناملىق داستاندىن باشقا، «غەزەلىيات» ناملىق دىۋانى (1851 ـ يىلى يېزىلغان)، «چاڭموزا يۇسۇپخان» ناملىق ساتىرىك داستانى (1881 ـ يىلى يېزىلغان)، «نۇزۇگۇم» قىسسىسى (1882 ـ يىلى يېزىلغان) قاتارلىق ئەدەبىي مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ، ھىجرىيە 1318 ـ يىلى (مىلادىيە 1900 ـــ 1901 ـ يىللىرى) 77 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن⑬.

ئومۇمەن، «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىلى رايونىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەھۋالىنى بىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

## سېيىت مۇھەممەد قاشى ۋە «شەرھى شىكەستە»

سېيىت مۇھەممەد قاشى 1820 ـ يىللىرى غۇلجىنىڭ قاش دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. شائىرنىڭ «شەرھى شىكەستە» دېگەن ئەسىرىدە بايان قىلىنغان بەزى مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، ئۇ ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىدىن تارتىپ بىلىم ئېلىشقا تىرىشىپ، شەرق ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان. ئەسەردە ئەكس ئەتكەن شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھاياتى نامراتچىلىقتا ئۆتكەن. شائىر «شەرھى شىكەستە» ناملىق بۇ داستانىنى مىلادىيە 1882 ـ يىللىرى 60 ياشتىن ئاشقاندا

يازغان.

داستاندا 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، چاررۇسىيەنىڭ ئىلى رايونىنى 10 يىل بېسىپ يېتىشى ۋە ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىشى، ئاقىۋەتتە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈشى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. 1864 ـ يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بىۋاسىتە قاتناشقان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قاتار ۋەقەلەردە باشتىن ـ ئاخىر خەلق بىلەن تەقدىرداش بولغان شائىر ئۆز داستانىدا ئەڭ تىپىك، ئېچىنارلىق بولغان بىر قېتىملىق كۆچۈش ۋەقەسىنى ئاساسىي سۇژېت قىلىپ، ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلاش سەۋەبى، ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە خەلقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھاياتىغا كۆرسەتكەن تارىخىي تەسىرى، كېيىن چاررۇسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئىلىنى بېسىۋېلىپ 10 يىل سوراپ يېتىشى، ئاخىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىش ـ قايتۇرۇپ بېرىش خۇسۇسىدىكى پېتېربۇرگ شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئەنسىزلىكلەر، خەلقنىڭ «كېتىش كېرەكمۇ، قېلىش كېرەكمۇ؟» دېگەن مەسىلىدىكى غەم ـ ئەندىشىسى، كۆچۈش قارار قىلىنغاندىن كېيىنكى ئانا يۇرتنى تاشلاپ كېتىشنىڭ قىيىنلىقى، باردىغان ناتونۇش جاينىڭ ۋەھىمىسى، يەتتىسۇغا كۆچۈش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلار... قاتارلىق سەۋەب ـ نەتىجىلىك ئەھۋاللارنى ئەينى دەۋردىكى تارىخىي رېئاللىق ئاساسىدا خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ھېسسىياتلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ خەلقچىللىق ئىدىيەسىنى تولۇق نامايان قىلغان.

سېيىت مۇھەممەد قاشىنىڭ «شەرھى شىكەستە» داستانى موللا بىلال نازىمىنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن» داستانى بىلەن

ئوخشاش بىر تېمىنى ــ ئەلى دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۆز ئالدىغا مۇددىئا ـ مەقسەتنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكى بىلەن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ داستاننىڭ موللا بىلال نازىمىنىڭ ئۆز داستانىدا تېخى يېزىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتكۈزگەنلىكى، شۇنداقلا موللا بىلال نازىمىنىڭ داستانىدىن يەتتە يىل كېيىن بارلىققا كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى «غازات دەرمۈلكى چىن»نىڭ داۋامى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ داستان رېئال تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەينەن يورۇتۇپ بېرىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە مۇھىم قىممەتكە ئىگە تارىخىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ⑭.

## موللا شاكىر ۋە «زەپەرنامە»

ئاتاقلىق شائىر ۋە تارىخچى موللا شاكىر ھىجرىيە 1222 ـ يىلى (مىلادىيە 1805 ـ يىلى) ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئايكۆل يېزىسىدا موللا تاھىر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئايكۆلدىكى مەۋلانەم مەسچىتىدە، ئاندىن كۇچادا ئالغان. كېيىن يۇقىرى مەلۇماتنى ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا ئالغان. «زەپەرنامە»دىكى مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، شائىر ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەپلا قالماستىن، خەنزۇچە تىل ـ يېزىقنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن. يەنە تارىخ، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات قاتارلىق پەنلەرنىمۇ ياخشى ئىگىلەپ، زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تالانت ئىگىلىرىدىن بىرسىگە ئايلانغان.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ھىجرىيە 1243 ـ يىلى (مىلادىيە 1826 ـ يىلى) باشلانغان. شائىرنىڭ قىزغىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسى

ھۆكۈمرانلىرى بىلەن يەرلىك فېئودال ئەمەلدارلارنىڭ خەلق ئۈستىدىكى ئېكسپلاتاتسىيەسى ۋە زۇلمى ئىنتايىن كۈچەيگەن بولغاچقا، ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈۋاتقان ئېغىر باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساق باشقىلار قاتارىدا شائىرنىڭ ھالىنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، خانىۋەيران قىلىپ تاشلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئېغىر غۇربەتچىلىك، پېقىرچىلىك ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان شائىر جاھانكەزدىلىك يولىغا قەدەم قويۇپ، بىر مەزگىل پۈتۈن شىنجاڭنى ئايلىنىپ چىققان. بۇ مەزگىل ئېغىر ئالۋان ۋە زۇلۇمغا چىدىمىغان بىچارە دېھقانلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى بولغان يەرلىك ئەمەلدارلارغا قارشى قوزغىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىۋاتقان يىللار بولغاچقا، زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيەنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ھەممە خەلق ئامممىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە چوڭقۇر ئېچىنغان موللا شاكىر 1864 ـ يىلى كۇچادا راشىدىن خوجا باشچىلىقىدا قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بىۋاسىتە قاتناشقان. راشىدىن خوجا ئۇچتۇرپانغا يۈرۈش قىلغاندا ئۇ قولىغا قورال ئېلىپ ئۇچتۇرپانغا كەلگەن. قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن نېمە سەۋەبتىندۇر سۈرگۈنگە چۈشۈپ ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقتوقاي يېزىسىدىكى سويۇتقىغا كېلىپ پاناھلانغان. كېيىن باشقىلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1866 ـ يىلى 61 يېشىدا «زەپەرنامە»نى يېزىشقا تۇتۇش قىلىپ، شۇ يىلى 15 ـ سېنتەبىردە يېزىپ تاماملىغان. ئاقىۋەت سۈرگۈندىن قايتالماي 1870 ـ يىلى سويۇتقىدىكى ھۇجرىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شائىر «زەپەرنامە» (غالىبىيەت قىسسىسى)نى شۇ دەۋردىكى مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقۇپ، دەسلەپتە پارس تىلىدا يازغان، ئۈچ يىل جاپالىق مېھنەت سىڭدۈرۈپ پارس تىلىدىكى نۇسخىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىغا تۇتۇش قىلىپ، ئۇنى بەش ئايدا تامام قىلغان. بۇ داستان 230

بەت، 3820 مىسرا بېيىتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. داستاندا كۇچا خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مالىيى بولغان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خەلق ئاممىسى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيەسى ۋە زۇلمى چوڭقۇر پاش قىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى قىزغىن مەدھىيەلەنگەن

داستاندا مۇنداق تارىخىي رېئاللىق ھېكايە قىلىنغان: مىلادىيە 1851 ـ يىلىدىن 1864 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان «تەيپىڭ تيەنگو» ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن ھەرىكەتكە كەلگەن شەنشى، گەنسۇدىكى تۇڭگانلار 1861 ـــ 1862 ـ يىللىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چوڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن دەھشەتلىك باستۇرۇلغانلىقتىن، مەغلۇپ بولغان تۇڭگانلار شىنجاڭغا قېچىپ چىقىشقا باشلايدۇ. تۇڭگانلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىش قەستىدە بولغان چىڭ سۇلالىسى خانى توڭجى (چىڭ موزوڭ) تۇڭگانلارنى ئۇچرىغانلا يەردە ئۆلتۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. بۇيرۇقتىن ۋاقىپلانغان ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق تۇڭگان ئەمەلدار ما دالۋيې مەخپىي خەت ئارقىلىق بۇنى بارلىق تۇڭگانلارغا يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن كۇچادىكى تۇڭگانلار ھىجرىيە 1280 ـ يىلى (مىلادىيە 1864 ـ يىلى) مۇھەررەم ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى شەنبە كېچىسى ماشۇر ئاخۇن، مالوڭ شەمسىدىن خەلىپە باشچىلىقىدا كۇچا بازارلىرىغا ئوت قويۇپ، مەنسەپدارلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسيان كۆتۈرىدۇ. زۇلۇم تۈپەيلىدىن جانىدىن جاق تويغان ئۇيغۇرلارمۇ بۇ ئىسيانغا ئاۋاز قوشۇپ، يەكدىللىك بىلەن ئۇرۇشۇپ، تاڭ ئاتقۇچە كۇچانى ئازاد قىلىدۇ. تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ پىر ـ ئۇستازى مەۋلانا جالالىدىننىڭ پۇشتى، مەۋلانا ئەرشىدىننىڭ ئوغلى راشىدىن

خوجىنى بارلىق ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلار مۆتىۋەر بىلىپ خانلىققا كۆتۈرىدۇ. راشىدىن خوجا ئالدى بىلەن كۇچانىڭ ۋاكى ئەخمەت قاتارلىق جىنايى قىلمىشى چېكىدىن ئاشقان سەككىز نەپەر فېئودال مۇشتۇمزورغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى خەلققە ئۈلەشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەتىسى خېتىپ خوجىنى (بۇرھانىدىن خوجىنى) لەشكەربېشى، بايلىق ئوسمان ئاخۇننى قازى قىلىپ 190 ئەسكەر، سەككىز دانە زەمبىرەك بىلەن غەرب تەرەپكە، ئىسھاق خوجىنى 130 ئەسكەر، 12 زەمبىرەك بىلەن شەرققە يولغا سالىدۇ. خېتىپ خوجا قىزىل، باي، سايرامنى ئالىدۇ. روزى تۆرە باشچىلىقىدا 50 ئەسكەرنى مۇزداۋانغا ماڭدۇرىدۇ. باي، سايرام، قىزىل، ياقىئېرىق قاتارلىق جايلاردىن 7000 ئادەمنى چوماق، كالتەك بىلەن قوراللاندۇرۇپ جامغا ئاتلاندۇرىدۇ. ئۇلار قارا يۇلغۇنغا كەلگەندە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ قامىلىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ قارا يۇلغۇنغا كەلگەنلىكىدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان ئاقسۇ ھاكىمى سايىت بەگ ئەتراپنى قورشاپ، زەمبىرەك ئېتىپ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ. 2900 ئادەم زەمبىرەك ئوقىدا ۋە چۆلدە ئۇسسۇز قېلىپ ھالاك بولىدۇ. مۇزداۋاندىن چۈشكەن روزى تۆرە باشلىق 50 كىشى بۇ مەغلۇبىيەتتىن خەۋەرسىز بولغاچقا، جامغا كېلىپ ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ قەتل قىلىنىدۇ. راشىدىن خوجا ئىككىنچى قېتىم ئاكىسى جامالىدىن خوجىنى 800 ئەسكەر ۋە نەچچە ئون توپ ــ زەمبىرەك بىلەن ئاقسۇغا يولغا سالىدۇ. بۇ كىشى ئېغىر ــ بېسىق، شىجائەتلىك بولغاچقا، ئالدى بىلەن ئەسكەر توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، جاي ــ جايلاردىن باتۇر، غەيرەتلىك ئادەملەرنى تاللاپ ئۆز قوشۇنىدىكىلەرنى 2000 كىشىگە يەتكۈزىدۇ. ئاندىن تەرەپ ــ تەرەپكە قاراۋۇللارنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن تاشقىرى، ئالدىن ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىپ چارلاتقۇزىدۇ. ئارشۇ دېگەن جايدا ئەسكەرلەرگە 20 كۈن لەشكىري تەلىم بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇ مۇزداۋان يولى ئارقىلىق جامغا چۈشۈپ، بارلىق مانجۇ ۋە مۇسۇلمان چېرىكلەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇرۇشتا يېڭىلگەن سايىت بەگ قەشقەرگە — ئاكىسى تۇغلۇق بەگنىڭ يېنىغا قاچىدۇ. تۆمۈر خەزىنىچى بەگ خوتەنگە قاچىدۇ. مانجۇ چېرىكلىرى ئاقسۇ شەھىرىگە قاچىدۇ. تۆت ئەتراپ خەلق قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي قورشىۋېلىنغانلىقتىن، ئاقسۇ شەھىرىگە قامىلىپ قالغان مانجۇ چېرىكلىرى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىشقا ئامال تاپالماي، پۈتۈن ئوق - دورىلارنى يىغىپ پارتلىتىپ، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىدۇ. جامالىدىن خوجا ئاقسۇنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئالغان ئولجىلارنى ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ. ئارىدا ئىلىدىن 7000 چېرىك ئاقسۇغا ياردەمگە كەلگەن بولسىمۇ، مۇزداۋانىنى توسۇپ ياتقان خەلق قوزغىلاڭچىلىرى ئۇلارنى بۇياققا ئۆتكۈزمەيدۇ. چېرىكلەر 50 كۈن چامىسىدا مۇزداۋان ئەتراپىدا تۇرۇپ ئىلىغا قايتىدۇ. راشىدىن خوجا قوزغىلاڭ باشلىنىپ بىر يېرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىن خېتىپ خوجىنى چوڭ ئوغلى ھامىدىن خوجا بىلەن بىللە 600 ئەسكەر، 16 زەمبىرەك ۋە نۇرغۇن ئىش بىلەرمەن كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇچتۇرپانغا يولغا سالىدۇ. ئۇچتۇرپاندىكى مانجۇلار ئۇچتۇرپان ھاكىمى توختى بەگنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئۇلارغا قارشى ئاتلاندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما تۇختى بەگ قارشى تۇرماستىن خېتىپ خوجىغا باش ئېگىدۇ. مانجۇلار سېپىلدىن ئوق ياغدۇرۇپ قورشاۋنى بۆسۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، خەلق قوزغىلاڭچىلىرى مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قېچىشىغا قىلچە يول قويمايدۇ. مانجۇلار يەر ئاستىدىن لەخمە كولىغان بولسىمۇ، بىر باشقا چىقالمايدۇ. ئاخىر ئۇلارمۇ دورا ئارقىلىق ئۆزلىرىنى پارتلىتىپ ھالاك قىلىدۇ. ئۇچتۇرپانمۇ خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ.

شائىر قوزغىلاڭ ۋەقەلىرىنى تەسۋىرلەشتىن ئاۋۋال شەرق شائىرلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئاۋۋال خۇدا ۋە پەيغەمبەرلەرگە

مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئاندىن بولۇپ ئۆتكەن قوزغىلاڭلارغا باشچىلىق قىلغان خوجىلارنىڭ تارىخى ئۈستىدە توختىلىدۇ. جۈملىدىن، راشىدىنىنىڭمۇ خوجىلار ئەۋلادىدىن ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئەجدادى چىڭگىزخانىنىڭ يەتتىنچى نەۋرىسى تۇغلۇق تېمۇر خاننى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن ۋە بۇخارادىن ئىلىغا، ئۇ يەردىن ئاقسۇغا، كېيىن كۇچاغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مەۋلانا جالالىدىن ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. لېكىن، راشىدىنىنىڭ كېلىپچىقىشى، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرمەيدۇ. چۈنكى، بۇ مەسىلىلەر شائىر يورۇتماقچى بولغان باش تېما بىلەن ئانچە مۇناسىۋەتتى بولمىغاچقا توختىلىشنى لايىق كۆرمىگەن بولسا كېرەك.

ئاپتور داستاننىڭ ئاخىرىدا تارىخىي شەخس ئىلياس خوجا، خىزىر خوجا، تۇغلۇق تۆمۈرخان قاتارلىقلار ھەققىدە توختىلىپ خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەندىن تاشقىرى، ئەردەۋىلنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئاقسۇ» دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدىمۇ بەزى پاكىتلارنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. ئاپتورنىڭ بايان قىلىشىچە، ئەردەۋىل 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر قېتىم ۋەيران بولۇپ، 16 يىلغىچە شۇ ھالەتتە تۇرغان. خىزىر خوجا ئۇنى ئىككىنچى قېتىم تەمىر ئەتكەندە، ئۇنىڭغا خەۋپ سېلىپ تۇرغان دەريا ئېقىنىنىمۇ ئۆزگەرتمەكچى بولغان. بىراق، نۇرغۇن جاپالىق ئەمگەك بەدىلىگە پۈتكەن قاش ـ دامبىلارنى سۇ ئېقىتىپ كېتىپ توختىتىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغانلىقتىن، بۇ ئىشقا نىسبەتەن پاسسىپ پىكىردە بولغان بىر موللا بىلەن بىر موغۇلنى تۇتۇپ سۇغا تاشلىغان. موللا ئۆزىگە مۇرىت بولغانلىقتىن ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ئەمر قىلىپ، موغۇلنى «ئاقسۇن» دېگەن، بۇنىڭ بىلەن ئەردەۋىلنىڭ نامى «ئاقسۇ» بولۇپ قالغان.

ئاپتور تەرىپىدىن بېرىلگەن قىزىل توغرىسىدىكى مەلۇماتمۇ ئىنتايىن قىزىقارلىقتۇر. ئۇ: قىزىلنىڭ تۇپرىقى، سۈيى، ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ ھەممىسى قىزىل، ھەتتا ئۇ يەردە ياشايدىغان

www.uyghurkitap.com

ئادەملەرمۇ قىزىل كىيىشكە ئامراق بولغانلىقتىن «قىزىل» دەپ ئاتالغان، دەپ رىۋايەت قىلىدۇ.

ئاپتور داستاندا يەنە ئاقسۇ قۇمباشقا نىمە ئۈچۈن «كاۋچى» دەپ لەقەم قويۇلغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، بىر دېھقاننىڭ ئوخشىغان ئىككى كاۋىنى تونۇردا پىشۇرۇپ، بىر كالا ھارۋىسىغا سېلىپ خىزىر خوجىغا سوۋغا قىلغانلىقى، ئۈلەشتۈرگەندە ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەل ـ جامائەتكە يەتكەنلىكىدىن سۆيۈنگەن خىزىر خوجىنىڭ ئاقسۇنىڭ كاۋىسىنى «يوغان ھەم تاتلىق ئىكەن» دەپ ماختىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن قۇمباشقا «كاۋچى» دەپ لەقەم قويۇلغانلىقىنى قەيت قىلسا، مۇزئارت ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكى، يازدىكى مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە ئاجايىپ ياخشى تەسۋىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئاپتور داستاندا يەنە تۇغلۇق تېمۇرخاندىن كېيىن بولغۇسۇن، كۇسەن، شەھىرى بەربەر دېگەن يەر ناملىرىنىڭ ئىلى، كۇچا، ئۇچتۇرپان دېگەن ناملارغا ئۆزگىرىپ بارغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتىدۇ[15].

شائىر موللا شاكىر بۇ داستاندا باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلق كۈچلىرىنى قىزغىن مەدھىيەلىگەن، خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك يولىدا كۆرسەتكەن غەيرەت ـ شجائىتىنى تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا جانلىق، چۈشىنىشلىك، تەسىرلىك بايان قىلىپ بەرگەن. داستاندا كۆپ خىل مۇرەككەپ ئوبرازلار يارىتىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق شائىر خەلقنىڭ قەھرىمانلىقلىرىنى قىزغىن مەدھىيەلەش بىلەن بىللە، سايىت ھېكىمبەگ، ئامبالغا ئوخشاش تىپىك ئوبرازلار ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىككە ئادەتلەنگەن، شەخسىيەتچىلىك بىلەن تولغان ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بەرگەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ

يەرلىك فېئودال ـ پومېشچىكلار بىلەن بىرلىشىپ ھەر مىللەت خەلقىگە سالغان زۇلۇم ـ سىتەملىرىنى پاش قىلغان.
موللا شاكىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانى تىل جەھەتتىن خەلق تىلىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەنلىكى، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىن خەلقنىڭ ئوبرازىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلىگەنلىكى، ئېزىلگۈچى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى ھەققانىي كۆرىشىنى تارىخىي چىنلىق پرىنسىپى بويىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنى تارىخىي، بەدىئىي قىممىتى جەھەتتىن 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى، جۈملىدىن تارىخشۇناسلىقىدىكى كەم ئۇچرايدىغان يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىرسى دېيىشكە بولىدۇ.

## زاھىد ئاخۇن پازىلباي ۋە «ئىسكەندەرنامە»

زاھىد ئاخۇن پازىلباينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا ئۇنىڭ ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن «ئىسكەندەرنامە» ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلاردىن باشقا تەپسىلىيرەك مەلۇمات يوق. ئەسەردىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن مۇئەللىپنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سەمەرقەنتتە تۇغۇلغانلىقى، ئاتىسى پازىلباينىڭ يەكەندە شان ـ شۆھرەت تاپقان كىشى ئىكەنلىكى، ئۇ ئاتىسىنى ئىزدەپ يەكەنگە كېلىپ ئاخىر ئاتىسى بىلەن تېپىشىپ، شۇ يەردە ئۆي ـ ئوچاقلىق، مال ـ دۇنيالىق بولغانلىقى، ئىلىم تەھسىل قىلىپ يەكەندىكى قەدىمكى كىتابلار بىلەن ئەتراپلىق تونۇشقانلىقى ۋە بىرمۇنچە كىتابلارنى يازغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ مەلۇماتلاردىن مۇئەللىپنىڭ يەكەندە تۇرۇپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىپ، نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئۇلارنى

قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغانلىقىنى، مۇشۇ ئاساستا بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى زىيالىيلىرىدىن بولغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

«ئىسكەندەرنامە» ناملىق تارىخىي ـ ئەدەبىي ئەسەر زاھىد ئاخۇن پازىلبايىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئەسىرى بولۇپ، ئەسەردىكى «پوتولدى بۇ كىتاب تەئرىخ نەچچەسىدە، كىشى سورسە بىناگاھ بىر مىڭ ئۈچ يۈزدە» دېگەن بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئەسەر ھىجرىيە 1300 ـ يىلى (مىلادىيە 1881 ـ 1882 ـ يىللىرى) يېزىلغان. ئەسەردە دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئىشغالىيەتچى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئاتىسىنىڭ شاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قىلغان ھەيۋەتلىك يۈرۈشلىرى، شۇنداقلا ئەينى دەۋردىكى تارىخىي مۇناسىۋەت ۋە توقۇنۇشلار بايان قىلىنغان⑯.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھەققىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىرمۇنچە رىۋايەت ۋە داستانلار بارلىققا كەلگەن، زاھىد ئاخۇن پازىلباي ئۆزىنىڭ بۇ «ئىسكەندەرنامە» ناملىق ئەسىرىدە بۇرۇن بارلىققا كەلگەن داستانلارنى ئۆرنەك قىلغان بولسىمۇ، ئەمما سۇژېتنى ئاددىي ھالدىلا تەكرارلاپ قويماي، ئۇنىڭغا ئىجادىي ئەمگەك قوشۇپ، ئەسەر سۇژېتىنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى بىلەن قايتا يۇغۇرۇپ چىققان. ئەسەردە كەسكىن ۋە شىددەتلىك جەڭلەر، ھەربىي قائىدىلەر ھەققىدىكى بايانلاردىن باشقا، يەنە ئىلىم ـ ھېكمەت، ئۆرپ ـ ئادەت، ھۈنەر ـ سەنئەتكە ئائىت بايانلار، جۇغراپىيەلىك مەلۇماتلار، قەبىلە، مىللەت، دۆلەتلەرنىڭ ناملىرى ھەققىدىكى ئەپسانە، رىۋايەت، ھېكايىلەرگە مەلۇم دەرىجىدە ئورۇن بېرىلگەن.

ئەمما، شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىمكى، ئىسلام ئەدىبلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان بۇ ئەسەردە،

كۆپىنچە تارىخىي ۋەقەلەر ئىلاھىيلىق تۈسى بېرىلىپ سىرلىقلاشتۇرۇلغان، ئوبرازلارمۇ دىنىي رومانتىك تۇقۇلمىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يارىتىلغان، بەزىدە تارىخىي رېئاللىقتىن چەتلەپ مۇبالىغىچىلىككە زىيادە يول قويۇلغان. شۇڭا، بۇنىڭغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر.

زاھىد ئاخۇن پارىلبايىنىڭ بۇ ئەسىرى قىزىقارلىق قىسسە بولۇپلا قالماستىن، يەنە تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ھەربىي ئىشلارنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ ئەسەرنى ئەدەبىي شەكىلدە يېزىلغان تارىخ ياكى تارىخ بايان قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

## موللا مۇسا سايرامى ۋە «تارىخى ئەمنىيە»، «تارىخى ھەمدى»

موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۆز مەلۇماتلىرى ۋە ئەزىز داموللامنىڭ «نەسەبنامەئى موللا مۇسا» دېگەن قول يازمىسى قاتارلىق ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تالانتلىق ئالىم، تارىخچى موللا مۇسا سايرامى ھىجرىيە 1252 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 10 ـ كۈنى (مىلادىيە 1836 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى) باي ناھىيەسىگە قاراشلىق سايرام دېگەن يۇرتنىڭ ئاناقىز يېزىسى تۇغايلا مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى موللا ئەيسا خوجا بىننى موللا ئەزىزخان خوجا ئوغلى مۇسانى يەتتە يېشىدىن باشلاپلا ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغان سايرام مەدرىسەسىدە، ئاندىن ھىجرىيە 1263 ـ يىلى (مىلادىيە 1847 ـ يىلى)دىن تارتىپ كۇچادىكى مەشھۇر ساقساق مەدرىسەسىدە ئوقۇتقان. موللا مۇسا ئۇ يەردە دىنىي بىلىملەردىن باشقا تارىخ، ئەدەبىيات، تەقۋىم (كالېندارچىلىق)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، جۇغراپىيە، ناباتات (ئاگروبىيولوگىيە)، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى زور

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ناھايىتى تېزلا «مولللا مۇسا»، «بالا موللا»، «موللا ئەبجەدخان» (كالېندارشۇناس) دېگەن ناملار بىلەن شۆھرەت قازانغان. ھىجرىيە 1270 ـ يىلى (1854 ـ يىلى) ئۇ ساقساق مەدرىسەسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، ئۆز ئانا مەكتىپى سايرام مەدرىسەسىگە كېلىپ مۇدەررىسلىك قىلغان.

موللا مۇسا سايرامى كېيىن تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ھىجرىيە 1284 ـ يىلىدىن (مىلادىيە 1867 ـ يىلى) تاكى ھىجرىيە 1294 ـ يىلىغىچە (مىلادىيە 1877 ـ يىلى) ياقۇپبەگ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق باش زاكاتچىسى مىرزا بابابېك ھىسارىنىڭ ھۇزۇرىدا مىرزا (كاتىپ)لىق ۋەزىپىسىدە بولغان. ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، تارىخىي ئەسەر يېزىش مەقسىتىدە غەربتە قەشقەر، شەرقتە تۇرپانغىچە بولغان جايلارنى بىرقانچە يىل ئايلىنىپ، مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلەرنى توپلاپ، ئاخىر ئاقسۇغا كېلىپ، يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

موللا مۇسا سايرامى ئاقسۇدا تۇرغان 40 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، پېقىرلىق ـ نامراتلىقتا تولغان كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھارماي ـ تالماي ئۈزۈكسىز ئىزدىنىپ، بىرقانچە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ياراتقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» (ھىجرىيە 1302 ـ يىلى، مىلادىيە 1885 ـ يىلى يېزىلغان)، «دەريايان ئەسھابۇل كەھف» (ھىجرىيە 1316 ـ يىلى، مىلادىيە 1898 ـ يىلى يېزىلغان)، «تارىخى ئەمىنىيە» (ھىجرىيە 1321 ـ يىلى، مىلادىيە 1903 ـ يىلى يېزىلغان)، «دىۋان مەسنەۋى» (ھىجرىيە 1325 ـ يىلى، مىلادىيە 1907 ـ يىلى يېزىلغان)، «تارىخى ھەمىدى» (ھىجرىيە 1326 ـ يىلى، مىلادىيە 1908 ـ يىلى يېزىلغان)، «سالامنامە» (ھىجرىيە 1334 ـ يىلى، مىلادىيە 1916 ـ يىلى يېزىلغان) قاتارلىق ئەسەرلەر بىرقەدەر مەشھۇردۇر.

ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ بىرسى، تارىخ

ئەھلىنىڭ مەشئەل ـ چىرىغى بولغان موللا مۇسا سايرامى ھاياتىدا شۇنچە كۆپ يىرىك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ، ھىجرىيە 1335 ـ يىلى (مىلادىيە 1917 ـ يىلى) مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن.

## 1. «تارىخى ئەمنىيە»، «تارىخى ھەمىدى» نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە مەزمۇنى

موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمنىيە»نى ھىجرىيە 1321 ـ يىلى ماھى رەجەپنىڭ 11 ـ كۈنى (مىلادىيە 1903 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى) يېزىپ بولغان. «تارىخى ئەمنىيە»نىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئاپتور بۇ ئەسەردە بايان قىلغان كۆپلىگەن تارىخىي ۋەقەلەرگە ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان ۋە كېيىنچە بۇ ۋەقەلەر ئۈستىدە جاپالىق تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش ـ رەتلەش، ئەتراپلىق ـ تەپسىلىي تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى قىلغاندىن كېيىن تاكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇئەييەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان بۇ تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ تاماملىغان.

موللا مۇسا سايرامى ئەسەرنىڭ «تارىخى ئەمنىيە» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەبنى «... بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقىتىمدا بۇ يۇرتلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت ۋە پاراكەندىچىلىكلەر تۈگەپ، بۇ موغۇلىستان ئۆلكىسى تىنچلىق ۋە ئەمنىيەتلىك بىرلە بەرقارار دۇرلەر. بۇ ئىككى مۇناسىۋەتتىن بۇ تارىخچىنى ‹تارىخى ئەمنىيە› دەپ ئاتىدىم، بىر مۇقەددىمە، ئىككى داستان ۋە بىر خاتىمە بىرلە تەمامىغە يەتكۈزدۈم» دەپ ئىزاھلىغان[17]. ئاپتور ئۆزى ئىگىلىگەن مول تارىخىي ۋە جۇغراپىيەۋى بىلىملەر، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى زور ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتلىرى، بولۇپمۇ ئۆزى بىۋاستە كۆزەتكەن ياكى ئاڭلاپ تەھقىقلىگەن ئىسپاتلىق ماتېرىياللارغا ئاساسەن يېزىلغان بۇ ئەسەردە، موغۇلىستان (يەتتە شەھەر ياكى جەنۇبىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ) نىڭ ئەھۋالى، بۇ جايدا تارىختا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، بۇ يۇرتقا كىملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ۋە موغۇلىستان دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى، بولۇپمۇ چىڭگىزخان ئىستىلاسىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تارىخى، ھەرقايسى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇش يولىدىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئىچكى نىزا ـ يېغىلىقلار، جاھالەت پىرلىرى بولغان خوجا، ئىشان، سوپىلارنىڭ خەلقنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەن پاجىئەلىك قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى، ھەرقايسى جايلاردا مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى ۋە يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىغا قارشى پارتلىغان خەلق قوزغىلاڭلىرى، ياقۇپبەگ (بەدۆلەت، ئاتالىق غازى)نىڭ يەتتە شەھەرنى ئىستىلا قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلىك ئاقىۋەتلىرى قاتارلىقلار ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان[18].

«تارىخى ھەمىدى» موللا مۇسا سايرامىينىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى مۇھىم تارىخىي ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەرنى ئۆزىنىڭ ئىلگىرى يازغان «تارىخى ئەمىنىيە» دېگەن ئەسىرى ئاساسىدا، ھىجرىيە 1326 ـ يىلى ماھى شەۋۋالنىڭ 26 ـ كۈنى (مىلادىيە 1908 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى) يېزىپ تاماملىغان. ئاپتورنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈپ چىققان بىر قول يازمىسى ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئۆز قەلىمى بىلەن بەش نۇسخا كۆچۈرۈپ تارقاتقان (نىم شېھىت ئەرمىيا ئېلى داموللا: «موللا مۇسا سايرامى ھەققىدە»). شۇڭلاشقا، بۇ، ئاپتورنى «تېخىمۇ قېرىلىق، كېسەللىك ۋە ئاجىزلىق» ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويغان.

ئاپتور «تارىخى ھەمىدى»دە بۇرۇنقى «تارىخى ئەمىنىيە»نىڭ

دىباچە، بىر مۇقەددىمە، ئىككى داستان ۋە بىر خاتىمىدىن ئىبارەت ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى ۋە ئومۇمىي مەزمۇنىنى ساقلاپ قالغان، ھەتتا بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ماۋزۇلىرىمۇ تامامەن دېگۈدەك ئوخشاش. بىراق، مىلادىيە 1904 ـ يىلى «تارىخى ئەمىنىيە» قازاندا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپتور بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكى، بەزى مەسىلىلەرنىڭ خاتا بايان قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ توغرىلاش ۋە تولۇقلاش مەقسىتىدە، مەزكۇر «تارىخى ھەمىدى»نى يېزىپ چىققان. ئىككى ئەسەرنىڭ ئاساسىي پەرقى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، بۇ ئەسەردە «تارىخى ئەمىنىيە»نىڭ دىباچە قىسمى ئۆزگەرتىپ يېزىلغان، بولۇپمۇ بۇ كىتابقا «تارىخى ھەمىدى» دەپ ئات قويۇشنىڭ بىرقانچە تۈرلۈك سەۋەبلىرى ئالاھىدە بايان قىلىنغان. شۇنداقلا، «تارىخى ئەمىنىيە»نىڭ 1 ـ بابى، يەنى «قىسسەئى ئادەم سانى نۇھ بەنىنۇللادىن تاكى بۇدەمغىچە بۇ موغۇلىستان يۇرتى ۋە يەتتە شەھەر ئەھۋالاتى ۋە ۋاقىئاتلارى ۋە قايسى تايىفە ھۆكۈمرانى ۋە تەسەللىتى ۋە موغۇلىيە تەسمىيە قىلماقغە سەبەب ۋە بائىس نەئىركەنى ۋە مۇسۇلمان خانلارى نەسەبى ۋە خاقانى چىنى بۇ يەتتە شەھەرغە ئىستېلا تافغانى مۇجمەلەن شەممە ۋە ئىندەكى بەيان ۋە تەقرىزى» دېگەن باب «تارىخى ھەمىدى»دە ئىككى بابقا ئايرىلىپ، يەنە «ئول پادىشاھى جاھانگىر چىنگىز قائانكىم موغۇل خانلارىنىڭ سەردارى، ئەرەب ۋە ئەجەم بەلكى مەشرىقەين ئىچىدەكى خانلارنىڭ خانى ئېردى — ئىستىلائى ۋە تەسەللىتى ۋە ئەييامى دۆلەت ۋە كامرانى مۇددەت سەلتەنەت ۋە ھۆكۈمرانى، ئەۋلاد ـ ئىخفارلارى تەئەددادى، ئەمرائى ۋە نويانلارى ئىستىقلالى زىكىرى ۋە ئىندەكى نەمۇنە بەيانى» دېگەن يېڭى مەزمۇن قوشۇلغان. يەنە «تارىخى ئەمىنىيە»نىڭ ئىككىنچى داستان قىسمىدىكى 7 ـ باب، يەنى «ئول خالىقى خەللاق لۇتفى ئىنايىتى بىرلە جانابى شەھىرى يار ئافاق ئەئنى مۇھەممەت ياقۇپ بېك غازى خۇش ئەخلاق بۇ يەتتە

شەھەر ـــ موغۇلىستان يۇرتىغە ئىستىپلا تافغانى ۋە ئەدەل بىساتىن يافغانى ۋە خەلىفەئى رۇمغە ئەلچى ئىبەرىب، يارلىغ ۋە بايزەلەر ھاسىل ئەتكەنى ۋە بىرنەچە ۋاقىئە ھايلەلەر روي بەرگەنى بەيانى» دېگەن بابمۇ «تارىخى ھەمىدى»دە ئىككى بابقا ئايرىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە «ئول خادەم ئەلھە رەمەيىن ئەشرەفىن ئەمىرۇلمۇئمىنىن خەلىفەروي زىمىن ئەئنى ئابدۇلئەزىزخان ئىسكەندەرۇلجانانغا ئىنايەت ۋە ئىتائەت قىلىب، ئەزىزە بىرلە ئەلچى، ھەدىيە ۋە ساۋغە بىرلە بەيئەتنامە ئىبەرگەنى ۋە خەلىفەروي زىمىنىنىڭ تەبىئ ئەنۋارلارىغە مۇقبۇل تۇشۇپ، يارلىغ، بايزە مەنسەب ۋە تاج ئالاھىدە ئىبەرىب ۋە بۇ يەتتە شەھەرنى ئۆز ھىمايەتلارىغە ئالىب، رومغە تابىئى قىلغانلارى ۋە ۋاقىئەلەر بەيانى» دېگەن مەزمۇن قوشۇلغان. «تارىخى ھەمىدى»نىڭ خاتىمە قىسمىغا بولسا، ئاپتورنىڭ 1898 ـ يىلى يېزىلغان «دەريايان ئەسھابۇل كەھف» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بېرىلگەن.

ئىككىنچى، «تارىخى ئەمىنىيە»دىكى مۇھىم مەلۇماتلىق سانلار، بولۇپمۇ مۇھىم ۋەقەلەر يۈز بەرگەن يىللار، پەسىللەر، ئايلار ۋە كۈنلەر، مۇھىم ئۇرۇشلارغا قاتناشقان قارىمۇقارشى تەرەپ قوشۇنلىرىنىڭ سانى ۋە باشقا سانلىق مەلۇماتلار «تارىخى ھەمىدى»دە تامامەن ئۆزگەرتىپ يېزىلغان ياكى تۈزىتىپ تولۇقلانغان.

ئۈچىنچى، «تارىخى ئەمىنىيە»نىڭ ماۋزۇلىرى، نۇرغۇن مەزمۇنلىرى تىل، يېزىق ۋە تەسۋىر جەھەتتىن «تارىخى ھەمىدى» دە نۇرغۇن ئۆزگەرتىلگەن. بولۇپمۇ، «تارىخى ئەمىنىيە»دىكى بەزى نەزم ۋە قوشاقلار، ماقال ـ تەمسىللەر ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يېزىلغان.

«تارىخى ھەمىدى» «تارىخى ئەمىنىيە»گە قارىغاندا مەزمۇن جەھەتتىن تولۇق، ماتېرىيال جەھەتتىن خېلى توغرا، تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن خېلى گۈزەل، ھەجىم جەھەتتىن خېلى كۆپ

بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «تارىخى ئەمىنىيە» گە قارىغاندا ياخشى كۆچۈرۈلگەن ئەمەس. بۇنىڭدا ئىملا جەھەتتىكى خاتالىقلارمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەتتا نۇرغۇن جايلاردا سۆز، جۈملە ۋە ئابزاسلار چۈشۈپ قالغان. بۇ ھال ئاپتورنىڭ شۇ چاغدا خېلى ياشىنىپ قالغانلىقى، جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاشقانلىقى، شۇنداقلا ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئەسەرنى تېز تۈگىتىشكە بەك ئالدىرىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

«تارىخى ھەمىدى»نىڭ دىباچە قىسمىدىن باشقا، «مۇقەددىمە» قىسمى جەمئىي ئالتە بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئەسلىي قول يازمىدا جەمئىي 70 بەت. بۇنىڭدا ئاساسەن ئالەم ۋە ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى دىنىي رىۋايەتلەر، قەدىمكى تۈركىي قوۋملار، موڭغۇللار ۋە مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئەھۋالى، موڭغۇل دۇغلات قەبىلىسىنىڭ مىلادىيە 13 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا «ماڭلاي سۇيە» (جەنۇبىي شىنجاڭ) رايونىدىكى پائالىيەتلىرى، چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى تەرىپىدىن قۇرۇلغان موغۇلىستان خانلىقىنىڭ مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ھۆكۈمرانلىقى، مىلادىيە 16 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن يەكەن خانلىقىنىڭ ئەھۋالى، مىلادىيە 17 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن تەختكە چىققان ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان.

«تارىخى ھەمىدى»نىڭ «ئەۋۋەلقى داستان» قىسمى جەمئىي 16 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئەسلىي قول يازمىدا جەمئىي 75 بەت. بۇنىڭدا ئاساسەن 1864 ـ يىلى كۆتۈرۈلگەن كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەربتە يەكەن، قەشقەرغىچە، شىمالدا تەڭرىتاغقىچە، شەرقتە قۇمۇلغىچە، جەنۇبتا لوپنۇر ۋە قارا قۇرۇم

تېغىغچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزۈش جەريانى، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئەھۋالى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ شوئارى، مۇھىم ئۇرۇش ـ جەڭلىرى، ئاقىۋىتى قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. شۇنداقلا، شۇ يىللىرى قوزغالغان خوتەن دېھقانلار قوزغىلىڭى (ھەبىبۇللاخان قوزغىلىڭى)، يەكەندىكى ئابدۇراخمان باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى، قەشقەردىكى سىدىقبەگ باشچىلىقىدىكى دېھقان ـ چارۋىچىلار قوزغىلىڭى، ئۈرۈمچىدىكى داۋۇت خەلپە (تۇدىلىڭ) باشچىلىقىدىكى خۇيزۇلار قوزغىلىڭى، ئىلى رايونىدىكى مەزەمزات باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى قاتارلىق قوزغىلاڭلارنىڭ ئەھۋالى قىسقىچە بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ، كۇچا، يەكەن، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بەدەۋلەتكە قارشى كۈرەشلىرى ئالاھىدە ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

«تارىخى ھەمىدى»نىڭ «ئىككىنچى داستان» قىسمى جەمئىي 20 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئەسلىي قول يازمىدا جەمئىي 172 بەت. بۇ قىسىمدا ئاساسەن قوقەند خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى بەدەۋلەت (مۇھەممەت ياقۇپبەگ)نىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىشى، ئۇنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كۇچا، ئۈرۈمچى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى رەھىمسىز باستۇرۇشى، قوقەند خانلىقى، تۈركىيە سۇلتانلىقى ۋە ئەنگلىيە، چاررۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، ئۇنىڭ تەدبىر ۋە سىياسەتلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئالاھىدە ۋە تۈنجى قېتىم بايان قىلىنغان. بۇ قىسىمدا يەنە ئاپتورنىڭ ئۆز نەسەبى، بەدەۋلەت دەۋرىدە ياشىغان ئالىم ۋە ئۆلىمالار، شۇنداقلا شەنشى، گەنسۇ خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان.

«تارىخى ھەمىدى»نىڭ «خاتىمە» قىسمى ئەسلىي قول يازمىدا 73 بەت بولۇپ، ئاساسەن قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، كورلا قاتارلىق يەتتە شەھەر ۋە تۇرپان،

لوپنۇر رايونىنىڭ تارىخى، ئاھالىسى، جۇغراپىيەسى، تىل ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ، تۇرپاندىكى ئەسھابۇل كەھىف ھەققىدىكى بىرقانچە رىۋايەت ھەم ئاپتورنىڭ بۇ غار ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرى بايان قىلىنغان.

ئۇمۇمەن، ئاپتور بۇ ئەسەرنى يازغاندا، ئاساسەن 1864 - يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە بەدەۋلەتنىڭ قارشى ئۇرۇشلىرىنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ ھەقتە تەپسىلىي ۋە كەڭ توختالغان[19].

## 2. «تارىخى ھەمىدى»نىڭ تارىخىي قىممىتى

مولla مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى»دە تارىخ ئەھلى ئۇزاقتىن بۇيان دىققەت بىلەن قاراپ كەلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىي تەتقىقات تېمىلىرى بولغان بىرمۇنچە مۇھىم مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە خېلى ئوبيېكتىپ ۋە توغرا خۇلاسىلەرنى چىقارغان.

بىرىنچى، ئاپتور بۇ ئەسەردە 1864 - يىلىدىكى پۈتۈن شىنجاڭ رايونىنى قاپلىغان دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى، بولۇپمۇ كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى، بەدەۋلەتنىڭ بۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قارشى يۇرۇشلىرى، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى باتۇرلارچە كۈرەشلىرىنى تونجى قېتىم تەپسىلىي، مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ خەنزۇچە يېزىلغان «شىنجاڭنى تىنچىتىش خاتىرىسى»، «غەربكە سەپەر خاتىرىسى»، «شەنشى، شىنجاڭ مۇسۇلمان باندىتلىرىنى تىنچىتىش خاتىرىسى» ۋە ئۇلاردىنمۇ كېيىن يېزىلغان «غەربىي رايوننى باشقۇرۇش تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەر، شۇنداقلا ئەنگلىيەلىك چارلىس بولگېر تەرىپىدىن يېزىلغان «ياقۇپبەگنىڭ تەرجىمىھالى»، رۇسىيەلىك كىروپاتكىن تەرىپىدىن يېزىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«قەشقەرىيە» دېگەن كىتابلارمۇ يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى ھېچقاچان «تارىخى ھەمىدى»دەك تەپسىلىي ۋە سىستېمىلىق بايان قىلمىغان. بۇ ھال موللا مۇسا سايرامىنىڭ بۇ ۋەقەلەرگە بىۋاستە قاتناشقانلىقى ۋە كېيىنچە بۇ ۋەقەلەرنى تەپسىلىي تەكشۈرگەنلىكى، تەتقىق قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاپتور بۇ ۋەقەلەرنى ئىنقىلاش ئۈچۈن، بىر مەزگىل ئاپاق خوجا مازارى بىلەن ئەسھابۇل كەھفنىڭ داش قازانلىرىدىن ئاش يېيىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى يازىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ ئەسەر تاكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇئەييەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئىككىنچى، ئاپتور بۇ ئەسەردە ئەينى زاماندىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي زۇلۇم سىياسىتى ۋە يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ فېئوداللىق زۇلمىنى قاتتىق پاش قىلغان. ئۇ بۇ خىل زۇلۇملار ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ: «رەئىييەلەر ئۈستىگە ئالبان ـ ياساق مۇبالغە تولا بولدى، ئاراملىق ئەنقا تۇخۇمىدەك پىنھان ئولدى ۋە تىنچلىق سۇمۇرغىدەك كوھقاف ئىچىدە ۋەتەن تۇتتى، فۇلى بار ئادەم خىتايغا ۋە كاتتا بەگلەرگە فۇل بېرىپ ھىمايەتكە كىردى. كۆللەن يۇرتدارلىق مۇئەننىتى فۇلى يوق بىچارە غېرىب، يېتىملەرغە قالدى. كۆتۈرەلمەي يەر، سۇ، چاھارپاي ۋە ئەسباب ـ روزغارلارى خىتايلارغا گۆرۈۋغە كەتتى. (ئۇلار) دەرگاھى ئىلاھاغا كۆز ياش تۆكىپە ئەيلەب يىغى ـ زارىلەرغە تۇردى»، «بەگلەر يۇرتنىڭ ياخشى فازىللارىنى كۆزگە ئىلمادى ۋە فۇقرا ـ رەئىييەلەر كۆز ياشلارىدىن پەرھىز ۋە ئېھتىيات قىلمادى، ۋابال دېگەننى خاتىرىغە يول بەرمەدى، مەنسەپ ئارزۇسى ۋە بەرگەن فۇل، كۇمۇشلەر غېمىدىن ئۆزگە غەملەرغە كەچمەدى. زاھىرەن ئۇلۇغ خانغا خىزمەت قىلىپ، چېرىكلەرنى باقىپ، يۇرتلارنى ساقلادۇق دېدى، ئەمما مەئەننى ئۇلۇغ خاننىڭ دۆلەتى بىخ ـ نەبىياتلارىنى كېسىپ قۇرۇتۇشلارىغە سەئيى سەبەبلەرنى قىلدى» دەپ يازىدۇ[20]. دېمەك، ئاپتور بۇ ئەسەردە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن يەرلىك

فېئوداللارنىڭ ئېغىر ـ بۇرۇن يالىشىپ، يەرلىك ھەر مىللەت خەلقىگە سالغان بالايىئاپەتلىرىنى رەھىمسىز پاش قىلغان ۋە بۇنى ئەينى زاماندىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ تۈپكى زىددىيەتلىرى دەپ قاراپ، ئۆزى ياشىغان زامان ۋە دەۋر ھەققىدە توغرا خۇلاسىگە كەلگەن. شۇنداقلا، ئاپتور تامامەن خەلقپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، 1864 ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا يۇقىرى باھا بەرگەن، ئۇنىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى ئىجابىي تەرەپلىرىنى مەدھىيىلىگەن. ئۇ: «ئاجىز فۇقرالەرنىڭ تاقەتلەرى تاق ئولۇپ، ئول خالىقى خەللاق دەرگاھىغا كۆزلەرىدىن قەتران ـ قەتران بەلكى دەريا ـ دەريا ياشلار جان ئاچچىقى ۋە فۇل ئاچچىقىدىن رەۋانە ئەيلەدى، بۇ ئاچچىق ياش ئەسراتى دۆلەت دەرەخلەرى يىلدىزىغە تەئەسسىرلەر قىلىپ قۇرۇماغلىغقە سەبەب ۋە بائىس بولدى. ئاز فۇرسەتدە كۇللەن ختاي ۋە يەرلىك مەنسەپدارلارى جەمئىسى يوق بولۇپ، زىمىن بىرلە بەرابەر ۋە يەكسان بولۇپ كەتتى» دەپ يازىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاپتور بۇ ئەسىرىدە شۇ قېتىمقى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەبلىرى ھەققىدە نۇرغۇن جايدا تەپسىلىي توختىلىدۇ ۋە ناھايىتى ئوبيېكتىپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئۇ، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭلارنىڭ، بولۇپمۇ كۇچا قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى بەدەۋلەتنىڭ قارشى ئۇرۇشلىرى، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھى ئىچىدىكى ئىچكى ۋە تاشقى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن بولغان دېيىش بىلەن بىللە، يەنە: «كۇچادا مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا مازار فايىزۇلئەنۋارلارىدا شەيخلىق ماقام ۋە جەرەكەلەرىنى ئۆزلەرىگە سەند ۋە فەخرى مۇباھاتلار بىلىپ، مازار باغىغا فاتىپ ۋە سىغىپ كەلگەن بۇ خوجاملار بۇ يەتتە شەھەرغە بەلكى موغۇلىستان ئۆلكەسىگە سىغمادى ۋە فاتمادى. قارابەت ۋە ئىتتىفاقلارى مۇخالىفەت ۋە نەفاقغە مۇبەددىل ئولدى. مۇخالىفەت

ۋە نەفاقلارى مۇخاسىمەت ۋە ئاداۋەتكە يۈز قويدى. بۇ دۆلەتنى ئەززەمنىڭ قەدرىنى بىلمەدى ۋە شۇكۇرانىلەرنى بەجا كەلتۈرەلمەي كوفۇرانە نېئمەت قىلىپ، غەررە ۋە غۇرۇرلۇق بىرلە مۇفەتۋەر ئىكەن - قولدىن بەردى... مازارى شىرىف ۋەقىف - ئەۋقافلەرىغە قانائەت قىلغان ۋە دېھقان - ئەشرەفلەر ئۆشرە، زاكات ۋە نەزىر - سەدەقاتلەرىغە ھاجەت كەلتۈرگەن ۋە مازارى شىرىف ئىچىدە ۋەتەن تۇتۇپ ۋە ھۇجرا ئىچرە بورىيا سالىب تائەت ۋە ئىبادەت بىرلە ئۆمۈر كەچۈرگەن، بىر جۇف نان، قاق ۋە بىر تاباق گۈلە - قاقغا خۇرسەند بولۇپ كەلگەنلەر ئول خالىقى خەللاق ۋە فەتتاھى رەززاق لۇتفى ئىنايىتى بىرلە بىرئاندا پادىشاھلىق تەختى ۋە ھۆكۈمرانلىق مەسەندىدە بىر قارا ئولدىلەر ... ئەمما بۇ خوجاملارنىڭ ھەربىرى ئەرتە بىلەن ناشتالىقغە كۆنە كۆن ھالۋا، مۆيىز، قەندالات ۋە نەچە قىسىم مۇرابىا، مەئجۇن، شەربەت، مۇفەررىھات ۋە نەمەكىن فاقلان كابابلار، خوشاك، تاڭبوفا، لەزىز ۋە شىرىن بىجىنچە تائاملار، ئالۋان تۈرلۈك نازى - نېئمەت ۋە زەنان ھۆررى سۇفەتلەر ئالدىدا ھازىر بولغاچ، ئىلگىرىكى ئەھۋالاتلارنى فارامۇش ئەتتى. ئۆز كۆچمىز بىلەن ئىسلام ئاچتۇق ۋە پادىشاھلىقنى تافتۇق ۋە كەتمەس دۆلەتكە ئۇلاندۇق دەپ، ئەترافلارىدەكى پادىشاھلىق ئەلەملەرنى كۆتەرگەن پادىشاھلار بىرلە مۇۋاسا ۋە مادارا قىلمادى، بەلكى كۆزگە ئىلمەدى» دەپ يازىدۇ[21]. ئاپتور مانا مۇشۇ مەسىلىلەرنى بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى تۈپكى سەۋەب دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەۋقەسىدىن ۋاز كەچكەن، سىنىپى مەيدان ۋە مەنپەئەتنى نەپسىگە ساتقان، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىپ، قىيىن كۈنلەردە يار - يۆلەك ۋە ھەمدەمدە بولغان كەڭ ئەمگەكچىلەرنى ئاياغ ئاستى قىلغان بەزى قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىگە قاتتىق نەپرەت بىلەن قارايدۇ. ئاپتورنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى بۇ خىل ئۈستۈنلۈكى ئۇنىڭ زاماندىشلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

تۆتىنچى، ئاپتور گەرچە بەدەۋلەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسى ئەمەلدارلىرىدىن بىرسى بولغان مىرزا بابابېك ھىسارىنىڭ قول ئاستىدا 10 يىل مىرزا بولۇپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بەدەۋلەت ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خېلى نەپرەت بىلەن قاراپ، ئۇلارنى پاش قىلىدۇ. بولۇپمۇ، بەدەۋلەتنىڭ ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا ھىيلە ـ مىكىرلىك يوللارنى ئۆگەنگەنلىكى، ئۇنىڭ ئالدامچىلىقى، ئىككى يۈزلىمىلىكى، قانخورلۇقى، ئىستىبداتلىقىنى ئەسەرنىڭ بىرمۇنچە جايلىرىدا ئوچۇق پاش قىلىدۇ، بولۇپمۇ بەدەۋلەتنىڭ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنى قانلىق باستۇرغانلىقىغا قاتتىق نەپرەت بىلەن قارايدۇ. ئۇنىڭ بەزى جەڭلەردە مەغلۇپ بولغانلىقىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى شىنجاڭدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى تۈپكى سەۋەب دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قوقەند خانلىقى، تۈركىيە سۇلتانلىقى، ئەنگلىيە، چاررۇسىيە مۇستەملىكىچىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يەتتە شەھەرنى تۈركىيە سۇلتانلىقىنىڭ ھامىيلىقىغا تاپشۇرغانلىقىنى پاش قىلىدۇ[22].

## 3. «تارىخى ھەمدى»دە ئەكس ئەتكەن تارىخشۇناسلىق ئىدىيەسى

موللا مۇسا سايرامى ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىدە ئەسىرىدە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن بىر قاتار ئىلغار پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، پەلسەپىۋى ئىدىيەسىدە تارىخىي قاراش كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئالغان.

موللا مۇسا سايرامى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئاساسىي نېگىزى ـــ پۇقرا ـ ئەمگەكچى خەلق دەپ قارايدۇ. ئۇ خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە ئاسايىشلىق ھاياتىنى ئالەمنىڭ نىزامى ۋە تەڭرىنىڭ خاھىشى سۈپىتىدە ئالدىنقى

ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇنىڭچە، پادىشاھلارنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى خەلقنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە ئاسايىشلىق ھاياتىنىڭ كاپالىتى ۋە شەرتى. پادىشاھلار مەيلى نەسەب بىلەن تەختكە چىققان ياكى خەلق قوزغىلاڭلىرى ئارقىلىق سەلتەنەت تىكلىگەن بولسۇن، ئۇنىڭ تەڭرى ئالدىدىكى ۋە خەلق ئالدىدىكى بۇرچى ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئادىل سىياسەت يۈرگۈزمەيدىكەن، ئۇ ئالەمنىڭ تەرتىپى، تەڭرىنىڭ رايىغا زىت چىققانلىقى تۈپەيلى غۇلايدۇ. ئۇرۇش ۋە قوزغىلاڭ ئوتىدا زاۋاللىققا يولۇقىدۇ. نەتىجىدە بۇزۇلغان ئادالەت خارابىسى ئورنىغا يېڭى ئادالەت نامايەندىلىرى مەيدانغا كېلىدۇ. تارىخ ئەنە شۇنداق كۆپ تەكرارلانغان چەكسىز شەجەرىدىن ئىبارەت. موللا مۇسا سايرامى مۇنداق دەيدۇ: «زۇلۇمنىڭ يىلتىزى كىچىك نەرسە، لېكىن ئۇ پاتلا چوڭ بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنى كىچىك چېغىدا يۇلۇپ تاشلاش ئاسان، مۇبادا ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭ بولۇپ، يۇقىراغا زۇلۇم پەيدا بولۇپ، يۇرتتىن ئىنتىزام قوزغىلىپ كەتسە، ئۇنى جايىغا ئەكېلىش ئەلۋەتتە تەس بولىدۇ»، «ئەگەر سىياسەت قىلىدىغان جايغا سۇسلۇق قىلسا، زۇلۇم پەيدا بولىدۇ. ئەگەر سىياسەت قىلىدىغان جايغا سىياسەت قىلماي ئەپۇ قىلسا، يەنە ئوخشاشلا زۇلۇم پەيدا بولىدۇ. ئادىللىقتىن قانداق ساۋاب ۋە نەتىجە ھاسىل بولسا، سىياسەتنىمۇ ئۆز ئورنىدا جارى قىلسا، شۇنىڭغا ئوخشاشلا ساۋاب ۋە نەتىجىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ. پادىشاھلارغا ئادالەتسىزلىك قىلماسلىققا ئىلاج يوق، شۇنداقلا سىياسەت قىلماسلىقنىمۇ ئەسلا چارە يوق»، «شۇڭلاشقا بارلىق پادىشاھ ۋە ھاكىملار ئادىللىق، رەھىم ـ شەپقەتنى ئۆزىگە كېرەكلىك بىر پەرھىز دەپ بىلىشى لازىم»㉓.

موللا مۇسا سايرامى يەنە تارىخ ئىلمىگە ئەھمىيەت بېرىشنى، تارىخ تەتقىقاتىدا ئادىل ـ راستچىل بولۇشنى، تارىخنى خەلقنىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن باھالاشنى، تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ چىن ـ ساختىلىقىنى پەرقلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«تارىخ ئىلمى ناھايىتى زور بىر ئىلىم بولۇپ، ھەممە ئىلىملەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى ئوقۇش ۋە تارىختىن خەۋەردار بولۇش ئىنسان ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشتۇر. بۇ پەننى بىلىدىغانلار بولسا خالايىق نەزىرىدە ئۇلۇغ ھېسابلىنىپ، سۆھبەت ۋە مۇزاكىرىلەردە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى بىلمەيدىغانلار ياكى ئۆنىڭدىن بىخەۋەر كىشىلەر گەرچە قانچە يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن بىلەنمۇ، ئۇلار ئالىملارنىڭ ئالدىدا يەنىلا نەزەر ۋە ئېتىباردىن يىراقتۇر. تارىخ پايدىسى تولا، مەنپەئەتى كۆپ بىر ئىلىم، چۈنكى ئادەملەرنىڭ دەرىجە ۋە تەبىقىلىرى، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان چاغلىرى، ئىز - ئالامەتلىرى، خۇلقى - ئەخلاقى، ياشايدىغان جاي ۋە ماكانلىرى، ئاۋات قىلغان شەھەر - زېمىنلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى پەقەت تارىخ ئىلمىنىڭ ياردىمى بىلەنلا بىلگىلى بولىدۇ»㉔. ئۇ «دەرىبايان ئەسھابۇل كەھف»، «تارىخى ئەمىنىيە»، «تارىخى ھەمىدى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئەسھابۇل كەھف ھەققىدىكى ئاساسسىز بىر قاتار قاراشلارنى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن ئىسپاتلاش ئارقىلىق، ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىنىڭ تۇرپانغا كېلىپ، تۇيۇق مازارىنى ئەسھابۇل كەھف دەپ جاكارلىغانلىقىنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قاتار ئىشان - مولىلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «ئىمامى جەئفىرى سادىق» (خوتەندە)، «سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى» (ئاقسۇدا)، «ئىمام مۇھەممەد غەززالى» (ئۈچتۇرپاندا)، «باباقەمبەر ۋەلىيۇللا»، «ئىبراھىم ئەدھەم» (كۇچادا) دېگەندەك ئەسلى بۇ جايدا بولمىغان مازارلارنى يالغاندىن ياساپ چىققانلىقىنى ئەيىبلەپ، ئۇنى تارىخي جەھەتتە ئىنكار قىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇ تارىخ تەتقىقاتىنىڭ چىنلىقىنى ئاساس قىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلەپ، ئۆزىنىڭ تارىخشۇناسلىقتىكى ئىلغار قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن㉕.

ئومۇمەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىقتا

تەزكىرىچىلىك خېلىلا راۋاجلانغان. بۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر سان جەھەتتە كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەزمۇن، شەكىل، تېما جەھەتتىن خىلمۇخىل تۈس ئالغان. بۇ دەۋردىكى يېتىشكەن تەزكىرىچىلەر ئىدىيەۋى خاھىشىدا خېلىلا روشەن ئۆزگىرىش ياساپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتكۈزۈش بىلەن بىللە، ئۆز دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىمۇ ئەكس ئەتكۈزۈپ، خەلقنى تارىختىن خەۋەردار قىلىش، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ماھىيەتلىك ھادىسىلەر بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇ دەۋردىكى تەزكىرىچىلىك ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ئالدىنقى دەۋرلەردىكى تەزكىرىچىلىكنىڭ داۋامى ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن يېڭى بىر قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. يەنى، ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئىسلام دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان ھېكايەتلەرنى ئاساس قىلغان، دىنىي تۈسى كۈچلۈك، ھەتتا ئەپسانە ـ رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئەسەرلەرگە قارىغاندا، بۇ دەۋردىكى ئەسەرلەردە مەزمۇن جەھەتتىن روشەن ئۆزگىرىش بولۇپ، كۆپىنچە ئەسەرلەردە ئەينى دەۋردىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك، فېئوداللىق زۇلۇم، مىللىي زۇلۇم ۋە بۇنىڭغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى ئاساسىي تېما قىلىنغان. كۆپىنچە ئەسەرلەر ئەرەبچە ـ پارسچە ئەسەرلەرگە تەقلىد قىلىنىپ مۇقىم قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئادەتتە ئاللانى مەدھىيەلەش، پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈش بىلەن باشلىنىپ، كىرىش سۆز (دىباچە، مۇقەددىمە)، تېكىست (داستان) ۋە ئاخىرقى سۆز (خاتىمە)دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۈچ قىسىم ئۆزئارا بىرىكىپ ئەسەرنى بىر پۈتۈن قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىپ، روشەن تارىخىي ئەسەرلىك خۇسۇسىيىتىنى ھازىرلىغان.

بۇ دەۋردە خۇسۇسىي تارىخچىلارنىڭ تارىخ يېزىشى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، خۇسۇسىي تارىخچىلىق جانلانغان.

ئاقىل ۋە دانا ئەدىب ـ تارىخچىلار ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامىغا ئاتاپ كاتتا تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسىرى مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. خۇسۇسىي تارىخچىلىق پائالىيىتىنىڭ رايون دائىرىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ئاساسەن قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئىلى قاتارلىق جايلاردا ئەۋج ئالغان، باشقا جايلاردا ئانچە راۋاجلىنىپ كەتمىگەن. ھالبۇكى، خۇسۇسىي تارىخچىلارنىڭ كۆپىنچىسى كەسپىي تارىخچى ئەمەس، بەلكى ئەدىبلەردىن بولۇپ، ئۇلار ئۆزىدە ھەم تارىخىي ساۋاتنى، ھەم ئەدەبىي ماھارەتنى تەڭ ھازىرلىغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرى كۈچلۈك ئەدەبىي تۈس ئالغان. ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەم ئەدەبىي، ھەم تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى تارىخنى ئەكس ئەتكۈزگەن ئەدەبىي ئەسەر ياكى ئەدەبىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان تارىخىي ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، خۇسۇسىي تارىخچىلار مەيلى تارىخچىلىق ساھەسىدە بولسۇن ياكى ئەدەبىيات ساھەسىدە بولسۇن، مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن.

بۇ دەۋر تارىخشۇناسلىقىدا «تارىخنى مۇھىم بىلىش، تارىخنى ئەينەك قىلىش، تارىختىن ساۋاق ئېلىش»تىن ئىبارەت تارىخچىلىق ئىدىيەسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە تارىخ ئىلمىگە ئەھمىيەت بېرىشنى، تارىخ تەتقىقاتىدا ئادىللىق، راستچىللىق، چىنلىقنى ئاساس قىلىشنى، تارىخنى خەلقنىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن باھالاشنى، تارىخنىڭ كىشىگە ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ تارىخشۇناسلىقتىكى ئىلغار قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. مۇنداق قاراش ئەينى زاماندا بولسۇن ياكى كېيىنكى دەۋردە بولسۇن، ناھايىتى زور ئېتىبارغا ئېرىشكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىزاھلار:

①③ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم 2 ـ كىتاب، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

②④⑬⑭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 2 ـ، 3 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑤ مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، نىجات مۇخلىس، شەمسىدىن ئەمەت نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑥ غەيرەتجان ئوسمان يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑦ چوقان ۋەلىخانوف: «جۇڭغارىيە ئوچېرىكلىرى»، ئۇيغۇرچە «مىراس» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑧ قۇربان نىياز: «قەشقەر مەنبەلىرىدىن 18 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭ تارىخىغا نەزەر»، ئۇيغۇرچە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑨ شەرىپىدىن ئۆمەر: «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑩ موللا ھاجى: «تەزكىرەتۇل بۇغراخان»، ئابدۇرېھىم سابىت نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑪ موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑫ موللا بىلال نازىمى: «غازات دەرمۈلكى چىن»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسى.

⑮ موللا شاكىر: «زەپەرنامە»، ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»

ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ، 1982 ـ يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسى.

⑯ زاھىد ئاخۇن پازىلباي: «ئىسكەندەرنامە»، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑰⑱ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمىنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

⑲⑳㉑㉒㉔ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى .

㉓㉕ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار


**كىلاسسىك ئەسەرلەر:**

1. سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 ـ جىلد «ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
2. ۋېي شۇ : «ۋېينامە» 103 ـ جىلد «قانقىللار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1974 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
3. لى يەنشۇ: «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 98 ـ جىلد «قانقىللار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1974 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
4. لىڭخۇ دېفېن: «جۇنامە» 50 ـ جىلد «تۈركلەر»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1974 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
5. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى،
6. خوجا رەشىددىن فازىلۇللاھ: «جامىئۇل تەۋارىخ» 1 ـ توم 1 ـ قىسىم، سودا باسمىخانىسى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.
7. گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ـــ ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
8. مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـــ 1984 ـ يىللار ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
9. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر

نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

10. رابغۇزى: «قىسسەسۇلئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

11. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

12. شاھ مەھمۇد جوراس: «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

13. موللا مىرسالىھ كاشغەرىي: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

14. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، نىجات مۇخلىس، شەمسىدىن ئەمەت نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

15. موللا ھاجى: «تەزكىرەتۇل بۇغراخان»، ئابدۇرېھىم سابىت نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

16. موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

17. موللا بىلال نازىمى: «غازات دەرمۇلكى چىن»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 ـ يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسى.

18. موللا شاكىر: «زەپەرنامە»، ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 ـ، 1982 ـ يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسى.

19. زاھىد ئاخۇن پازىلباي: «ئىسكەندەرنامە»، ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق نەشرگە تەييارلىغان، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

www.uyghurkitap.com

20. موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمىنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
21. موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

**ئىلمىي ئەسەرلەر:**

1. «تارىخ ئىلمى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 6 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
2. چۇ لىندوڭ: «جۇڭگو تارىخشۇناسلىق تارىخىدىن ئاساس»، بېيجىڭ نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.
3. جاڭ گۇاڭجى: «غەرب تارىخشۇناسلىق تارىخى»، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.
4. ياڭ فۇشۆ: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ قۇرۇلمىسى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخشۇناسلىقى تەتقىقاتى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.
5. گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 4 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.
6. گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.
7. ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرايىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى 9 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

8. نيۇ رۇجى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى ۋە ۋەسىقىلىرى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.
9. س.گ.كىلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.
10. فەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 4 ـ قىسىم، خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
11. سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»7 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
12. يۇ تەيشەن: «ساك تارىخى تەتقىقاتى»، سودا باسمىخانىسى، 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.
13. لىن گەن: «ھۇنلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 1 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
14. لىن گەن: «تۈرك تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 5 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.
15. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى يازغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 2 ـ نەشرى.
16. لىن گەن، گاۋ زىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
17. ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم 2 ـ كىتاب، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
18. ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

19. س.گ.كىلياشتورنىي: «6 ــ 8 ـ ئەسىرلەردىكى ئورخۇن ـ يېنىسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

20. د.ئى. تىخونوف: «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

21. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

22. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

23. ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

24. ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن بايان»، خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

25. خۇا تاۋ: «غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 12 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

26. شاڭ يەنبىڭ: «يۈەن سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇرلار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 4 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

27. تيەن ۋېيجياڭ : «ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىدىن بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.

28. ليۇ يىنشېڭ: «چاغاتاي خانلىقى تارىخى ئۈستىدە

تەتقىقات»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى.
29. خاندا تورۇ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
30. ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
31. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
32. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
33. ھاجى نۇرھاجى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
34. ھاجى نۇر ھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
35. ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
36. ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
37. ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق: «يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
38. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى» ئۇيغۇرلار تومى 1 ـ، 2 ـ قىسىم (خەنزۇچە)، مەزكۇر كىتابنى تۈزۈش ھەيئىتى 2010 ـ يىلى 5 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايدا تۈزگەن نۇسخىسى.
39. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى: «يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
40. قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
41. ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
42. مىرئەزەم بوۋا ھاجى: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇزلار»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
43. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى يازغان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
44. شەرىپىدىن ئۆمەر: «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 1 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
45. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىس»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
46. غەيرەتجان ئوسمان يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.
47. «ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى ـــ 1»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي ئۇيغۇرچە 1 ـ نەشرى.

**ئىلمىي ماقالىلەر:**

1. جۇ ۋېنجيۇ: «ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخشۇناسلىق تارىخى تەتقىقاتىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە مۇلاھىزە»، خەنزۇچە «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 1 ـ سان.

2. مياۋ تيەنباۋ: «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تارىخشۇناسلىقى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

3. لى شاۋ شۈەن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخشۇناسلىقى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

4. ئوسمانجان ياقۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەڭگۈتاشلىرىنىڭ تارىخشۇناسلىق قىممىتى»، خەنزۇچە «تارىخشۇناسلىق تارىخى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 4 ـ سان.

5. ئوسمانجان ياقۇپ: «16 ــ 19 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»، دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى، شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

6. ئادىل تۇرسۇن: «ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە تەتقىقات (8 ــ17 ـ ئەسىرلەر)» ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

7. شۆ زوڭجېڭ: «‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك›تىكى شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلار»، خەنزۇچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2001 ـ يىللىق 3 ـ سان.

8. رېن شياۋفېي: «‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ تارىخشۇناسلىق قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، ماگىستىرلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىسسېرتاتسىيەسى، لەنجۇۋ ئۇنىۋېرسىتېتى 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي.

9. لى ۋېنبو: «‹تارىخى رەشىدىي›نىڭ يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم قىممىتى ھەققىدە»، ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2008 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

10. ئەلى غوپۇر: «‹قەشقەر تارىخى›نىڭ باش ـ ئاخىرى»، ئۇيغۇرچە «بۇلاق» ژۇرنىلى 2008 ـ يىللىق 6 ـ سان.

11. ئابدۇرېشىت ياقۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار ــ بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان.

12. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىم جامالىددىن توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان.

13. ئابلىز ئورخۇن: «مىرزا شاھ جۇراسنىڭ ئۈچ پارچە تارىخىي ئەسىرى ھەققىدە»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان.

14. تۇرسۇن پىداقۇل: «مەشھۇر تارىخچى ۋە ئەدىب شاھ مەھمۇد جۇراس»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان.

15. مياۋ پۇشېڭ: «‹يىلنامە›گە باھا»، ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2011 ـ يىللىق 4 ـ سان.

16. قۇربان نىياز: «قەشقەر مەنبەلىرىدىن 18 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭ تارىخىغا نەزەر»، ئۇيغۇرچە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995 ـ يىللىق 3 ـ سان.

# ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق تارىخىدىن بايان

---


ئاپتورى: ئەخمەت مۆمىن تارىمى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىمجان تاھىر
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991 - 2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ ئۈمىد باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 9.375
نەشرى: 2014 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2014 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 - 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 17257 - 3
باھاسى: 25.00 يۈەن


---